# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

# 新疆社科论坛

ISSN 1673-1476

2007 6

TRIBUNE OF SOCIAL SCIENCES IN XINJIANG

# ئۆركەشلە دىنار دەرياسى

## — ئەكبەر شەمشىدىنىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋە «ئالتۇن دىيار» شىركىتىنىڭ بۈگۈنى



تۆھپىكار كارخانىچى — ئەكبەر شەمشىدىن

ھەقىقىي سودىگەر خۇددى تاغدەك ئېغىر، ساددا، جەسۇر؛ كەڭ قورساق، كەمتەر، زادىلا ئارقىغا چېكىنمەيدۇ؛ ئوتتەك قىزغىن، جانلىق، قايناق ھېسسىياتى سوۋۇپ قالمايدۇ. تاغدەك جەسۇر، سۇدەك پەزىلەتلىك، ئوتتەك قىزغىن مىجەزلىك بولۇش - مانا بۇ ھەقىقىي سودىگەرنىڭ خىسلىتى.

سودا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا كەسپ ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى شەمشىدىن ھاجى 70 - يىللاردىلا يەنى، ئېلىمىزدە بازار ئىگىلىكىنىڭ سادىسى كەلمەستىلا، دادىللىق بىلەن خۇسۇسىي تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۈگۈر، كورلا دائىرىسىدە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە تىجارەتچىگە ئايلانغانىدى. ئەكبەر شەمشىدىننىڭ بالىلىق مەزگىلىدىن تارتىپلا دادىسىنىڭ ئاشۇ خىل كەسپىي خاراكتېرى قارار تاپتى. ئۇ 1983 - يىلى ئوبلاستلىق مالىيە مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، بۈگۈر ناھىيىلىك سودا شىركىتىگە خىزمەتكە چۈشتى. مالىيە - بوغالتىرلىق ئىشلىرىدىكى ئىنچىكە ۋە كامىللىقى، كارخانا باشقۇرۇش ۋە كەسپىي ئەخلاق جەھەتتىكى پازىللىقى بىلەن، 1993 - يىلى مەزكۇر شىركەتنىڭ باش دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلەندى. ئۇ دىرېكتور بولغان شۇ يىللار مەزكۇر شىركەت ئىككى مىليون يۈەندىن ئارتۇق قەرز ۋە شىركەتتىكى 70 نەچچە ئىشچى - خىزمەتچىگە ئىش ھەققى تارقىتىش قىيىنغا قالغان مەزگىل ئىدى. ئۇ كارخانا باشقۇرۇشتىكى ئىسلاھاتكار روھى، پىلان - تەدبىر تۈزۈش، ئىجرا قىلىشتىكى ئۆزگىچىلىكى ۋە دادىللىقى بىلەن بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا بۇ شىركەتنى كاتاڭدىن چىقاردى. شىركەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئەسلىدىكى كېسەك ئۆيلەردىن ئادا - جۇدا بولدى. 1998 - يىلى ئەكبەر شەمشىدىن ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ ئۈچ مىليونغا يېقىن پۇل بىلەن شىركەتنى سېتىۋالدى. بۇ ۋاقىتتا مەزكۇر شىركەتنىڭ ۋىۋىسكىسى بۈگۈر ناھىيىلىك «ئالتۇن دىيار» سودا شىركىتى دەپ ئۆزگەردى. ھازىر بۇ شىركەتتە پېنسىيىگە چىققانلار قوشۇلۇپ 40 قا يېقىن ئىشچى - خىزمەتچى بار. ئۇلارنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 1000 يۈەندىن ئاشىدۇ. ئۇلار تۇرلۇك سۇغۇرتا ئىشلىرىدىن تېگىشلىك بەھرىمەن بولۇش كاپالىتىگە ئىگە. ئەكبەر شەمشىدىن ئەنە شۇنداق نەتىجىلىرى بىلەن 2005 - يىلى مەملىكەتلىك سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «ۋەتەن سۆيەر كارخانىچى» دېگەن نامغا مۇيەسسەر بولدى. ئۇ باشقۇرۇۋاتقان مەزكۇر شىركەت ھازىر «جۇڭخۇا مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزا كارخانا» سالاھىيىتىگە مۇيەسسەر بولدى.

دانىيار داۋۇت ماقالىسى

غالىپ تۇرسۇن (غەۋۋاس) فوتوسى



ئىناق - ئىجىل شىركەت ئەستۈنلىرى



شىركەتنىڭ ئاساسلىق سودا بىنالىرى



شىركەتنىڭ ئاساسلىق سودا بىنالىرى



توختىماي ئىزدىنىش — ئۇنىڭ ياشاش لوگىكىسى

بۈگۈر ناھىيە «ئالتۇن دىيار» شىركىتىدىكى بارلىق خادىملار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا «قۇربان ھېيتلىق» ۋە يېڭى يىللىق سالام يوللايدۇ.

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر
بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 17 ـ قۇرۇلتىيىنى
ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن قۇتلۇقلايلى!

2007 ـ يىل 6 ـ سان

ئومۇمىي 91 ـ سان

قوش ئايلىق ئىلمىي ژۇرنال

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

2007 ـ يىل 6 ـ سان

(ئومۇمىي 91 ـ سان)

## بۇ ساندا

### پارتىيە17 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش

بايرىقىمىز ــ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ..........................
............................................... لۈيىنىڭ (5)

ئىلمىز تەرەققىيات قارىشىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى يۈكسىلىشى ھەققىدە ...............
................................................ خارىكىم سابىر (12)

### يېڭى نەزەر

ماھۇم تەلىماتى ................................ يۇسۇپ ھۈسەيىن (قەقنۇس) (17)

### كلاسسىك ئەدەبىيات، كلاسسىك مۇزىكا تەتقىقاتى

«ئوغۇزنامە» دىكى نۇردىن ھامىلىدار بولۇش ئەپسانىسى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى قاتلىمى .....
.................................... قۇربان مۇھەممەت تۇردى نىران (47)

قەشقەر خەلق ئەلنەغمە سەنئىتى ........ سەپەر ھۈسىيىن، مۇھەممەت تۇرسۇن ئىبراھىم (51)

### مەدەنىيەت، مائارىپ تەتقىقاتى

يىپەك يولى ئۇنىڭ شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا ئوينىغان رولى توغرىسىدا
.................................... مۇھەممەد زۇنۇن ئابدۇكېرىم (59)

ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە قىلىش ئادىتىدىكى ئۆملۈك روھى ................ مۇتەللىپ ئىقبال (67)

شەرم ـ ھايا ۋە نومۇس توغرىسىدا ............................ مۇختار ياقۇپ (70)

باش مۇھەررىر

بەختىيار سايىتوف

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ۋە

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى

ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى

تەھرىر ھەيئەتلەر

ئابدۇكېرىم رەھمان بوۋچى، ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان، ئابدۇغوپۇر ئىسمايىل، ئابدۇراخمان ئەبەي، بەختىيار سايىتوف، رازاق تۆمۈر، مجىت ئابدۇروسۇل، ئوبۇلقاسىم زۇنۇن، ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى، يۇسۇپجان ئەخمىدى

## تىل - يېزىق، نەشرىيات، ئاخبارات تەتقىقاتى

بىز خەتەردىكى تىللار ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلالايمىز؟.................... جوۋبىن (72)

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئون يىلدىن بۇيانقى يېڭى سۆز - ئىبارىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ..........

.................................... ئۆمەر داۋۇت (79)

ئۆزىمىزدە بار تورۇپ خەقنىڭكىنى ئۆتنە ئېلىپ ئىشلىتىش شۇنچە شەرەپمۇ؟...........

.................................... تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس (85)

## تارىخ، ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى

كروران ئېلىنىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسىگە ئائىت مەسىلىلەر ھەققىدە مۇھاكىمە .........

.................................... غالىپ بارات ئەرك (89)

كروران ھەققىدە بىلگەنلىرىم .................................... نۇرۇنگۈل ياقۇپ (98)

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ئۈچ قېتىملىق

مەخپىي سۆھبىتى .................................... (101)

## قامۇسچاق

«ئاسما ئوكۇل دوختۇرخانىسى» دىن تۇغۇلغان ئويلار.................. ھۇسەيىن ئاۋۇت (105)

ئاق كۆڭۈللۈك، سەمىمىيلىك ۋە ساختىپەزلىك .............. نىجات يۇسۇپ ئوغۇزى (109)

# 新疆社科论坛

(维吾尔文版)

新疆维吾尔自治区社会科学界联合会主办

双月刊

2007年第6期

总第91期

编　委

A·R·布其,A·R·苏里坦,

A·斯玛依,A·艾拜,

B·沙依托夫,R·祖农,

M·阿布都如苏力,O·祖农

S·X·拜西克拉米,Y·艾合买德

主　编

巴赫提亚·沙依托夫

副主编及本期责任编辑

斯拉木江·谢日甫·拜西克拉米

## 目　录

### 十七大文献学习研究

我们的旗帜是中国特色社会主义………………卢翼宁(5)

论我国发展观的理念升华…………哈尔克木.沙比尔(12)

### 新视野

神质论……………………………………Y.H.凯克努斯(17)

### 经典文学,经典音乐研究

论喀什噶尔民间艺术…………………S.玉西音,M依布拉音(47)

《乌古斯传》中的光孕神话及其内部结构…………K.M 尼兰(51)

### 文化教育研究

丝绸之路及其在东西文化交流中的作用……………………………………………………M·阿布都克木力(59)

维吾尔人殡葬习惯中的集体主义………………M·依克巴尔(85)

礼仪与羞耻浅析……………………………………M·亚库甫(70)

### 语言文字,出版,新闻研究

抢救濒危语言:我们能够做什么……………………周滨(72)

十年来的维吾尔语新词语研究……………乌买尔.达吾提(79)

挖掘利用与借用之间……………………T·依部拉音(85)

### 历史,考古研究

楼兰历史地理问题研究…………………………A·巴拉提出(89)

我对楼兰的理解……………………………………N·亚库甫(98)

新中国成立后国共两党三次秘密内幕………………(101)

### 小百科

《吊针医院》观感…………………………………Y.阿吾提(105)

忠厚,诚实与伪装…………………………………N.Y.乌孜(109)

# بايرىقىمىز - جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم

لۈيىنىڭ

(دۆلەت مۇداپىئە ئۇنىۋېرسىتېتى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى تەتقىقات مەركىزى)

يولداش خۇجىنتاۋ پارتىيىنىڭ 17 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا خەلقئارا دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىنىڭ يېڭى ئۆزگىرىشلىرىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلدى، پارتىيىنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات تەرەققىياتىنىڭ ھالقىلىق باسقۇچىدىكى بايرىقى نېمە، ئۇ قايسى يولدا ماڭىدۇ، قانداق روھىي ھالەت بىلەن قانداق تەرەققىيات باسقۇچىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ؟ دېگەندەك مۇھىم مەسىلىلەرگە ئىلمىي جاۋاب بەردى. دوكلاتتا: «جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقى - ھازىرقى زامان جۇڭگو تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلىشىدىكى بايراق، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشىدىكى بايراق» دەپ تەكىتلەندى. پارتىيە 17 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەشتە ئەڭ مۇھىمى — بايرىقىمىزنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىكەنلىكىنى، بۇ ئۇلۇغ بايراقنى تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈش كېرەكلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك.

## جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ھازىرقى زامان جۇڭگو تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلىشىدىكى بايراق

بۇ يەردە بايراق مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم. بايراق نىشان كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بايراق ئوبرازغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، بايراق يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيۇشۇش كۈچىدۇر. بىر پارتىيە، بىر دۆلەتنىڭ قانداق بايراق كۆتۈرۈشى — پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك تۈپ پرىنسىپال مەسىلە. پارتىيىمىز جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمنى ئۆزىنىڭ بايرىقى قىلىدۇ، يەنى ئۇ جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر لوگىكىسى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تاللىشى.

1. جۇڭگو خەلقى بىر ئەسىردىن ئارتۇق جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق ئاندىن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇ ئۇلۇغ بايراقنى تاپتى. 1840 - يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگو ئاستا - ئاستا يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. سانسىزلىغان ساخاۋەتلىك، ئىرادىلىك زاتلار دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن قۇربان بېرىشتىن قورقماي، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، تالاي قېتىم ئىزدىنىپ ۋە كۈرەش قىلىپ، يەنىلا مەغلۇپ بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يولداش ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللىكىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ماركسىزم، لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تىكلەپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنى غەلىبىگە يېتەكلەپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، جۇڭگو خەلقى ئورنىدىن دەس تۇردى! سوتسىيالىستىك تۈپ تۈزۈم ئورنىتىلىپ، جۇڭگونىڭ زامانىۋى تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈپ سىياسىي ئالدىنقى شەرت ۋە تۈزۈم ئاساسى تىكلەندى.

ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد مەركىزىي رەھبەرلىك كوللېكتىپى بىزنى سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشقا يېتەكلەپ، مۇھىم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. يولداش ماۋ زېدۇڭ ئەڭ دەسلەپتە مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش، دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆز يولىدا مېڭىش، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى، ئوخشىمىغان خاراكتېردىكى زىددىيەت ۋە تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى توغرا ھەل قىلىشتىن ئىبارەت توغرا ئىدىيىلەرنى تولۇق قوزغىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭ ھازىرمۇ يەنىلا مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيىتى بار. لېكىن، 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىن باشلانغان 20 نەچچە يىلدا، پارتىيىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنىدا ئېغىر خاتالىقلار كۆرۈلدى، نەتىجە قازىنىشقا ئالدىراپ كېتىپ، دۆلەت ئەھۋالىدىن چەتنىگەن ھالدا

«بىرىنچىدىن چوڭ بولۇش، ئىككىنچىدىن ئومۇمىي بولۇش، ئۈچىنچىدىن ساپ بولۇش» سوتسىيالىزمى ئېلىپ بېرىلدى، سىنىپىي كۈرەش كېڭىيىپ، ئەڭ ئاخىرىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت 10 يىللىق بالايىئاپەت كېلىپ چىقىپ، ئېلىمىز دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ گۇمرانلىققا يۈزلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

1978 ـ يىلى 12 ـ ئايدا چاقىرىلغان 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىندا، چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ بۇرۇلۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد مەركىزىي رەھبەرلىك كوللېكتىپى پارتىيىمىزنى يېتەكلەپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەننى يېڭىۋاشتىن تىكلىدى. ئارقىدىن تارىخىي تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر خۇلاسىلىگەن ئاساستا، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ھەمدە ئۇزۇن مەزگىل تۇرىدىغانلىقىدەك ئىلمىي قىياسنى چىقىرىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ، ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش، «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەن ھەمدە بىر قاتار ئۈنۈملۈك فاڭجېن، سىياسەتلەرنى شەكىللەندۈردى. پارتىيىمىز سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى جۇڭگونىڭ ھازىرقى دۆلەت ئەھۋالى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى يولىنى ئاچتى ھەمدە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈردى.

2. ئىسلاھات ئېچىۋېتىلگەن 29 يىلدىن بۇيانقى غايەت زور نەتىجىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ ئالغا بېسىشىدىكى ئۇلۇغ بايراق. ئىسلاھات ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازاد بولدى ھەمدە تەرەققىي قىلدى، ئىجتىمائىي ئىگىلىك سىجىل، مۇقىم ۋە ساغلام تەرەققىي قىلىش يولىغا كىرىپ، دۇنيانى ھەيران قالدۇرغۇدەك غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1978 ـ يىلدىن 2006 ـ يىلغىچە، ئېلىمىز ئىقتىسادى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.7% تېز سۈرئەتتە ئېشىش سۈرئىتىنى ساقلاپ، دۇنيادىكى تەرەققىياتى ئەڭ تېز دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بۇ 29 يىلدا، خەلق ئاممىسى تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ھەقىقىي تۇردە ھېس قىلىپ، ئىسلاھات تەرەققىياتنىڭ مېۋىلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولدى. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم بايرىقىنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېچىۋېتىشى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ئۈزلۈكسىز ئاشتى، ئىقتىساد، دۆلەت مۇداپىئە، پەن ــ تېخنىكا، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە كۈچىيىپ، جەمئىيەت ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىملاشتى. بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى كۈنسېرى مۇكەممەللىشىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلما يەنىمۇ ئەلالاشتى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى يېتەرلىك ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى؛ دېموكراتىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچىيىپ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەدرىجىي ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، سىياسىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى نىسبەتەن چوڭ تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى؛ مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت ئىشلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، پۇقرالارنىڭ ساپاسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى؛ ئادەمنى ئاساس قىلىش ئۇقۇمى ھەممە كىشىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى. تاشقى ئالاقە جەھەتتە ئېلىمىز مۇستەقىل، ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇشتەك تىنچ دىپلوماتىيە سىياسىتىدە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، ئېلىمىزنىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئورتاق ئىناق دۇنيا قۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مەدھىيىلىشىگە سازاۋەر بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىر مىلياردتىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە شەرقتىكى بۇ چوڭ دۆلەتنى بېيىش، قۇدرەت تېپىش يولىغا ماڭدۇرۇپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى يوشۇرۇن ئەۋزەللىكلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىمكانقەدەر تېز ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلەپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات مۇساپىسىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. يىغىنچاقلىغاندا، تارىخ ۋە ئەمەلىيەتلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، جۇڭگونى پەقەت سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدۇ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم بولغاندىلا ئاندىن جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرغىلى، دۆلەتنىڭ قۇدرەتلىك، كۈچلۈك بولۇشى ۋە مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. مانا بۇ ـ يېقىنقى دەۋردىن بۇيان جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى تارىخىي ئەمەلىيەتلەردىن چىقارغان توپ خۇلاسىسى.

# جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن دۆلەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشىدىكى بايراق

نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىدە، ئېلىمىزنىڭ تەرەققىياتى دۇچ كەلگەن پۇرسەتلەر ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان، دۇچ كەلگەن خىرىسلارمۇ ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان، نۇرغۇن پايدىلىق شەرت ـ شارائىتلار بار، ئاز بولمىغان پايدىسىز ئامىللارمۇ بار، مۇھىم ھالقا ــ خىزمەتنى قانداق ئىشلىشىمىزدە. بىز چوقۇم 17 ـ قۇرۇلتاينىڭ تەلىپى بويىچە، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ نېگىزلىك بولغىنى ــ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن دۆلەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشتەك ئورتاق ئىدىيىۋى ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، ئۆزىمىزنى مەڭگۈ مەغلۇپ بولمايدىغان ئورۇنغا ئىگە قىلىشتۇر.

1. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم بىزنى تۈرلۈك يېڭى خىرىسلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشقا، تۈرلۈك يېڭى زىددىيەتلەرنى قانداق ھەل قىلىشقا يېتەكلەيدىغان بايراق. يېڭى ئەسىرنىڭ يېڭى باسقۇچىدا، ئېلىمىزنىڭ تەرەققىياتى يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ. دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىش ۋە ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىش يۈزلىنىشى تېخىمۇ تېزلىشىپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلىشى كۈنسېرى يېڭىلىنىپ، تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق دەۋر ئېقىمىغا ئايلاندى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقئارا مۇھىت مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان بولۇپ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى رىقابىتى كۈنسېرى كەسكىنلەشتى، تىنچ تەرەققىياتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇقىمسىز ئامىللار كۆپەيدى، بۇنىڭ ئۈچۈن بىز يەنىلا ئۇزۇن مەزگىل تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردە ئىگىلىگەن ئەۋزەللىكلىرىنىڭ بېسىمىغا دۇچ كېلىمىز. ئېلىمىز ئىقتىساد يەر شارىلىشىشتا دۇچ كەلگەن تۈرلۈك يېڭى پۇرسەت، يېڭى خىرىسلارغا ئومۇميۈزلۈك قاتنىشىۋاتىدۇ؛ سانائەتلىشىش، شەھەرلىشىش، بازارلىشىش، خەلقئارالىشىشنىڭ چوڭقۇر تەرەققىياتى بىزگە يېڭى تېمىلارنى كۆرسىتىپ بەردى. ئېلىمىز ئىسلاھات، تەرەققىياتنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىگە كىردى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولدى، پايدا ـ مەنپەئەت ئەندىزىسى تەڭشىلىپ، ئىدىيىۋى كۆز قاراشتا چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇنداق مۇرەككەپ خەلقئارا دۆلەت ئىچى مۇھىتى ھەم ئېلىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن غايەت زور پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، ھەم ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق يېڭى تېما، يېڭى زىددىيەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزدىن ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يەنىمۇ ئاڭلىق ئىلگىرى سۈرۈشنى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم بايرىقىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇ يېڭى خىرىسلارغا ئاكتىپ تاقابىل تۇرۇشنى، يېڭى زىددىيەتلەرنى ياخشى ھەل قىلىشنى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمنىڭ تېخىمۇ كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى ئېچىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

2. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچىنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرىدىغان بايراق. ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى، ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، زىيالىيلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ دېھقانلار باشتىن ـ ئاخىر ئېلىمىز جەمئىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىدىغان ئاساسىي كۈچ بولۇپ كەلدى. ئىجتىمائىي ئىسلاھات جەريانىدا بارلىققا كەلگەن يۇقىراۋى پەن ـ تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە تېخنىك خادىملىرى، چەت ئەل مەبلىغىدىكى كارخانىلارنىڭ باشقۇرغۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان تېخنىك خادىملار، يەككە تىجارەتچىلەر، شەخسىي كارخانا خوجايىنلىرى، ۋاستىچىلەردىن تەشكىللەنگەن كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملار، ئەركىن كەسىپىي خادىملار قاتارلىق ئىجتىمائىي قاتلاملارنىڭ ھەممىسى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدۇر. گەرچە ئوخشىمىغان سىنىپ، قاتلام، ئىجتىمائىي توپنىڭ مەنپەئەتى، تەلەپ ـ ئېھتىياجى پۈتۈنلەي ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئۇلارنىڭ ئورتاق ئىشى ۋە «تۈپ نىيەت ـ ئارزۇسى»، پەقەت جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزملا ئۇلارنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجىنى ياخشى ماسلاشتۇرالايدۇ، ياخشى بىر تەرەپ قىلالايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز مەنپەئەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. بۈگۈنكى دۇنيا ئېچىۋېتىلگەن دۇنيا. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى تۈرلۈك ئىدىيىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا

داۋالغۇشى، ئىلمىزنىڭ ئىجتىمائىي قاتلام، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي قىممەت يۈزلىنىشىنىڭ كۆپ خىللىققا قاراپ تەرەققىي قىلىشى، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى پائالىيىتىنىڭ مۇستەقىللىقى، تاللاشچانلىقى، ئۆزگىرىشچانلىقى، مۇرەككەپلىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي ئومۇمىي كۈچىمۇ يېڭى خىرىس ۋە سىناقلارغا دۇچ كەلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، جۇڭگو نېمىگە تايىنىپ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ قەلبىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئۇيۇشتۇرالايدۇ، ئىتتىپاقلاشقىلى بولىدىغانلىكى بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشالايدۇ، قوزغاتقىلى بولىدىغانلىكى بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغىتالايدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ؟ جاۋاب پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتۇر. چۈنكى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم جۇڭگو خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ھەم كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىق تەلىپىنى ئىپادىلەيدۇ، ھەم ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئاممىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ؛ ھەم ئورتاق غايە ۋە نىشاندا چىڭ تۇرىدۇ، ھەم ئوخشىمىغان قاتلام، ئوخشىمىغان ئاممىنىڭ كونكرېت ئارزۇسى ۋە ئىنتىلىشىگە تەڭ ئېتىبار بېرىدۇ، بۇ ئۇنىڭ تەڭداشسىز ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. ئىسلاھات ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدە مەيلى قانداق خەۋپ ـ خەتەر كۆرۈلسۇن، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا مەيلى قانداق قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىسۇن، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ قەلبىدە ھېچقانداق بۆلۈنۈش بولمىدى، ئەكسىچە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق نىشانى چۆرىدىگەن ھالدا يۈكسەك دەرىجىدە ئۇيۇشۇپ، باشتىن ـ ئاخىر پۈتۈن زېھنى بىلەن قۇرۇلۇش قىلىش، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەرەققىياتنى كۆزلەشتىن ئىبارەت سىياسىي ۋەزىيەتنى ساقلىدى. تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم بايرىقى خەلقنىڭ قەلبىگە ماسلىشىدىغان بايراق، ھەممە كىشى ئىنتىلىدىغان بايراق، پۈتۈن جۇڭگونى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرىدىغان بايراق، مۇشۇ بايراق بولسىلا، جۇڭگو ھەرقانداق خەۋپ ـ خەتەرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدۇ.

3. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىتتىپاقلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىكى بارلىق كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان كۈچ، كەڭ بىرلىك سەپ ئورنىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بايراق. بىرلىك سەپ مەيلى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە بولسۇن ياكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب دەۋرى، قۇرۇلۇش دەۋرى ۋە ئىسلاھات دەۋرىدە بولسۇن، بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەڭگۈشتەرىمىز. پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدىكى بىرلىك سەپنىڭ ماھىيىتى — بىر ئورتاق نىشان ئاستىدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، ھەرقايسى پارتىيە گۇرۇھلارنىڭ، ھەرقايسى قاتلاملارنىڭ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خەلقلەرنىڭ ئەڭ كەڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر. ھازىرقى جۇڭگودا بۇ ئورتاق نىشان دەل جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىنتايىن مول مەنىگە ئىگە بولۇپ، بىرلىك سەپ جەھەتتە كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيىلەر ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي مەسلىھەت تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى؛ سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى؛ پارتىيە بىلەن ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ بىرلىك سېپىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى؛ غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان زاتلار خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەشنى؛ پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلار خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەشنى؛ شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش» فاڭجېنىنى داۋاملىق ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشنى؛ تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ «تىنچ بىرلىككە كېلىش، بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش» تىن ئىبارەت ئۇلۇغ تەسەۋۋۇرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى؛ چەت ئەلدىكى مۇھاجىرلار ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى قىزغىن سۆيىدىغان كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارنى دۇنيا تىنچلىقى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى ـ ياشنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمەلىيەتلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پەقەت جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت بۇ بايراقنىڭلا ئەنە شۇنداق كەڭ، چوڭقۇر، غايەت زور چاقىرىق قىلىش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى بار. بۇ بايراقنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقى، ھەرقايسى پارتىيە گۇرۇھلار، ھەرقايسى قاتلاملاردىكى خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى بارغانسېرى قويۇقلاشقۇسى.

## جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم بايرىقى، يولى ۋە نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش

يولداش خۇ جىنتاۋ پارتىيىنىڭ 17 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئىسلاھات ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى نەتىجە ۋە ئىلگىرىلەشلەرنىڭ قولغا كېلىشىدىكى تۈپ سەۋەبنى مۇنداق يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولى ئېچىلىپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى سىستېمىسى شەكىللەندى. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشنىڭ ئەڭ تۈپ نېگىزى مۇشۇ يول ۋە مۇشۇ نەزەرىيە سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇشتۇر.» بۇ مۇھىم ھۆكۈم جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقى، يولى ۋە نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى.

1. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولى ــ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە مەۋقەنى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىغا قويۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ، ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەت، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش، باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك، ئىناق، سوتسىيالىستىك، زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇ يول ــ جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا بېسىشىدىكى بىردىنبىر توغرا يول. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى پارتىيىنىڭ ئەڭ يۇكسەك غايىسىنىڭ كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىكەنلىكىنى خۇپپىيانە تۇتمايدۇ، لېكىن كوممۇنىزمدىن ئىبارەت بۇ يۇكسەك غايە پەقەت سوتسىيالىزم جەمئىيىتى تولۇق تەرەققىي قىلغان ۋە يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئاساستىلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ــ ناھايىتى ئۇزۇن بولغان بىر تارىخىي مەزگىل بولۇپ، نەچچە ئەۋلاد، ئون نەچچە ئەۋلاد ھەتتا نەچچە ئون ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ بوشاشماي كۈرەش قىلىشى ئارقىلىقلا ئاندىن يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلالايدۇ. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ھازىرقى جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا بېسىشىنىڭ ئومۇمىي تارىخىي يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش نىشانىغا تۇتاشقان تۈپ يول ئۈچۈنمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ، ھازىرقى جۇڭگودا، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا باشقا لۇشيەننى ئەمەس، بەلكى ھازىرقى مۇشۇ لۇشيەننىلا يولغا قويۇشقا بولىدىغانلىقىنى؛ باشقا فاڭجېننى ئەمەس، بەلكى ھازىرقى مۇشۇ فاڭجېننىلا يولغا قويۇشقا بولىدىغانلىقىنى؛ باشقا سىياسەتنى ئەمەس، بەلكى ھازىرقى مۇشۇ سىياسەتنىلا يولغا قويۇشقا بولىدىغانلىقىنى؛ باشقا تۈزۈمنى ئەمەس، بەلكى ھازىرقى مۇشۇ تۈزۈمنىلا يولغا قويۇشقا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش ھەم بىزنىڭ باشتىن ـ ئاخىر ئۇلۇغۋار نىشانىنى بويلاپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشىمىزگە ھەم تەرەققىيات يولىدا بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ئىز قالدۇرۇپ تەمكىن ئالغا بېسىشىمىزغا پايدىلىق.

جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولىنىڭ پۈتۈنلەي توغرا ۋە جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، ئالغا بېسىشىغا يېتەكلىيەلىشىدىكى مۇھىم ھالقا ــ ھەم ئۇنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرغانلىقىدا، ھەم ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن روشەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقىدا؛ ھەم نىسبەتەن يۇقىرى باسقۇچ، يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىزمنىڭ گۈزەل غايىسى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرغانلىقىدا، ھەم نۆۋەتتىكى جۇڭگو سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى كونكرېت دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلغانلىقىدا؛ ھەم ئىلغارلىقى، ئۇ ـ جۇڭگونىڭ كونكرېت دۆلەت ئەھۋالىغا ئەڭ ماس كېلىدۇ، ئەڭ جانلىق ھاياتىي كۈچكە ئىگە، پارتىيە بىلەن خەلقنىڭ قەلبىنى ئەڭ ئۇيۇشتۇرالايدۇ، كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى، ئىجادچانلىقىنى ئەڭ قوزغىتالايدۇ. ھازىرقى جۇڭگودا باشقا ئىزم ئەمەس، بەلكى پەقەت جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزملا جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئالغا بېسىشقا يېتەكلىيەلەيدۇ. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرغانلىق ــ سوتسىيالىزمدا ھەقىقىي چىڭ تۇرغانلىق بولىدۇ.

2. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ھەمدە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى قاتارلىق مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمىي نەزەرىيە سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ نەزەرىيە سىستېمىسى ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇردى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى، نەچچە ئەۋلاد جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ خەلقنى يېتەكلەپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا بوشاشماي ئىزدەنگەنلىكىدەك ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە يۈرەك قېنىنى بىرلەشتۈردى. ئۇ ـــ ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى، پارتىيىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك سىياسىي ۋە مەنىۋى بايلىقى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ ئورتاق ئىدىيىۋى ئاساسى. پارتىيىنىڭ 17 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ «جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى سىستېمىسى» ھەققىدىكى يېڭى كۆزقاراشلىرى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزۇن بىر تارىخىي مەزگىلدىكى ماركسىزمنىڭ جۇڭگولاشقانلىقىنىڭ ئىجادىي نەزەرىيىۋى نەتىجىلىرى ۋە ئۇنىڭ مول ئىچكى مەزمۇنى ۋە ماھىيىتىنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ بەردى ۋە يىغىنچاقلىدى، بۇ نەزەرىيىۋى نەتىجىلەرنىڭ ۋارىسچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى، ئىلمىيلىكى ۋە رېئاللىقىنى، بىر گەۋدىلىكى، ۋە ئېچىۋېتىلگەنلىكىنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى نامايان قىلدى. بۇ ـــ بىزنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسى، يەنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى قاتارلىق مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىشىمىز، ئىگىلىشىمىز، تەتبىقلىشىمىز، تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشىمىزدا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

3. بايراق، يول ۋە نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ بىردەكلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمنىڭ تېخىمۇ تەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى تىرىشىپ ئېچىش كېرەك. يولداش خۇ جىنتاۋنىڭ پارتىيىنىڭ 17 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىدىكى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم بايرىقى مەسىلىسى ھەققىدىكى مۇھىم بايانلىرى پارتىيىمىزنىڭ ھازىرقى جۇڭگو ماركسىزمنىڭ نەزەرىيە جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىشىنىڭ مەزمۇنى ۋە ماھىيىتىنى مۇكەممەل، توغرا، چوڭقۇر ئېچىپ ۋە يىغىنچاقلاپ بەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتىكى جاسارىتى ۋە ئىرادىسىدە يېڭى يۈكسىلىشلەرنىڭ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ پارتىيىمىزنىڭ نەزەرىيە جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە ئويغانغانلىقىدىن ۋە سىياسىي جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە پىشىپ ـ يېتىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

پارتىيىنىڭ 17 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ باش تېمىسى ـــ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىدىيىنى داۋاملىق ئازاد قىلىپ، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىجتىمائىي ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەتتۇر، قۇرۇلتايدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز تەكىتلەندى. چۈنكى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە سوتسىيالىزم ھەم بىر يول، ھەم بىر نەزەرىيە، بۇ يول نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلغان ۋە شۇ نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. نەزەرىيە جەھەتتىن قارىغاندا، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە سوتسىيالىزم يەنىلا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە ئۇلارنىڭ يېڭى تەرەققىياتىدۇر. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە سوتسىيالىزم ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىيات يېڭى باسقۇچىدىكى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىن رەسمىي باشلانغان، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇنىڭ ئاساسىي رامكىسى، ئاساسىي مەزمۇنى ۋە بىر قاتار ئۆزئارا باغلىنىشلىق ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلەردىن شەكىللەنگەن ئىلمىي سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ بەردى، جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ ئىقتىسادىي مەدەنىيىتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان دۆلەتتە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش، سوتسىيالىزمنى قانداق مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك بىر قاتار مەسىلىلەرگە تۇنجى قېتىم بىر قەدەر سىستېمىلىق ھالدا جاۋاب بەردى. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى بولسا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ راۋاجى ۋە تەرەققىياتى بولۇپ، ھازىرقى دۇنيا ۋە جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىگە بولغان يېڭى تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى، بۇ ـــ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش، ئېلە-

مىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئۆزلۈكىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كۈچلۈك نەزەرىيىۋى قورالى، كوممۇنىستىك پارتىيە كوللېكتىپى ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، پارتىيىمىزنىڭ ئۇزۇن مەزگىل چىڭ تۇرىدىغان يېتەكچى ئىدىيىسىدۇر. شۇڭا، «جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش» تا چىڭ تۇرۇش، دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلماسلىق كېرەك.

دەۋر ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزممۇ. توختىماستىن ئالدىغا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. پارتىيىنىڭ 16 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېت خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىشلىرىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشلىرىنى ئىلمىي كۆزىتىپ، ئېلىمىز تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچ خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلدى، ئېلىمىز ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىش تەجرىبىلىرىنى چوڭقۇر خۇلاسىلەپ، پارتىيىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد مەركىزىي رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ تەرەققىيات توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ بىرىنچى مۇھىم مەنىسى ـ تەرەققىيات، يادروسى ـــ ئادەمنى ئاساس قىلىش، ئاساسىي تەلىپى ئومۇمىيۈزلۈك ماسلاشتۇرۇش، تۈپ ئۇسۇلى ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشتۇر، تەرەققىيات ـــ ئومۇمىيۈزلۈك ھالقىلىق جەمئىيەت قۇرۇش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىشتە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئىجتىمائىي ئىشلەپ چىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئازاد قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چىڭ تۇتۇپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم بايرىقىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ئېگىز كۆتۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ پۇختا ماددىي ئاساس سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئومۇمىي نىشانىدا چىڭ تۇتۇش، پارتىيىنىڭ ئۆزلۈك قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش، خەلق ئۈچۈن ئىشلىتىش، خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇش، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگودىكى ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ياخشى ۋەكىللىك قىلىش، ئۇنى ياخشى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ياخشى قوغداش، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەرەققىيات خەلق ئۈچۈن بولۇش، تەرەققىي قىلىشتا خەلققە تايىنىش، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلق ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ بايراقنى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇش كېرەك. يىغىنچاقلىغاندا، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ـــ ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىگە ھەم ۋارىسلىق قىلغان، ھەم دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان ئىلمىي نەزەرىيە، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم يېتەكچى قائىدىسى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرىدىغان ۋە ئىزچىللاشتۇرىدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىدۇر. ئۇ، بىر قاتار چوڭقۇر، سىستېمىلىق، ئۆزئارا باغلىنىشلىق يېڭىچە نۇقتىئىنەزەرلەر بىلەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم تەرەققىياتىدىكى بىر قاتار مۇھىم مەسىلىلەرگە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جاۋاب بەردى، جۇڭگولاشقان ماركسىزم نەزەرىيىسى خەزىنىسىنى يەنىمۇ بېيىتتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمنىڭ كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى ئاچتى. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ، پارلاق، توغرا بايراقتا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ئېگىز كۆتۈرۈش كېرەك.

---

«نۇر» گېزىتىنىڭ 2007 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى سانىدىن **ھەزرىتى ئەلى بارات** تەرجىمىسى

**تەھرىرلىگۈچى: مەرۇپ مەمتىمىن**

# ئېلىمىز تەرەققىيات قارىشىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى يۈكسىلىشى ھەققىدە

خارىكىم سابىر

## ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارىشىدىن ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىغىچە بولغان بۆسۈش

ئېلىمىز تەرەققىيات قارىشىنىڭ ئىدىيە جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىپ يۈكسىلىشى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ پۈتۈن جەريانىدا ئىپادىلىنىدىغان ئىزچىللىق بولۇپ، ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارىشىدىن ھازىرقى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىغا تەرەققىي قىلدى، بۇنى بىلىش ۋە سىياسىي، ئىقتىسادىي، تەرەققىيات ھەمدە بارلىق خىزمەتلەردە پارتىيىمىزنىڭ 17 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىناق، ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ھالقىلىق مەسىلە. بۇ ماقالىدە مۇشۇ ئىككى خىل تەرەققىيات قارىشىنى سېلىشتۇرىمىز ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى نېگىزىدىن ئىگىلەيمىز.

### 1. ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارىشى بىلەن ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ پەرقى

ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارىشىدا تەلەپ قىلىنىدىغان تەرەققىيات مۇنۇ جەھەتتىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى ئۇ، نوقۇل ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بولماستىن، بەلكى ئاھالە، ئىقتىساد، جەمئىيەت، بايلىق ۋە مۇھىتتىن ئىبارەت بەش ئامىلنىڭ، ماس، ساغلام رەۋىشتە راۋاجلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، بايلىقتىن ئىمكانىيەتلىك سىجىل پايدىلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە نورمال ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ساقلاپ قىلىش، ئومۇملۇق كۆزقارىشى ۋە پۈتۈن دۇنياۋى كۆزقارىشنى تۇرغۇزۇپ، بىر دۆلەت، بىر رايوننىڭ تەرەققىياتىغا زىيان يەتكۈزمەسلىك، توغرا بولغان يېڭى ئەسىر ۋە يېڭى دەۋر كۆزقارىشنى تۇرغۇزۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ۋە تەبىئىي بايلىق خەزىنىسىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى دەپ ئېتىراپ قىلىش؛ زامانىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولىدىغان بايلىق، مۇھىت شارائىتى قالدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. يۇقىرىقى مەزمۇنلار ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدىمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارىشى بىلەن ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ئاساسىي روھى جەھەتتە بىردەكلىككە ئىگە. لېكىن، مۇھىمى ئىككىسىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقىنى پەرقلەندۈرۈش زۆرۈر. بۇ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارىشىدىن ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىغا بۆسۈش ھاسىل قىلىشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى، ئىككىسىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى پەرقى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

#### 1 ـ 1. ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارىشى بىلەن ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ مەنا جەھەتتىكى پەرقى

ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارىشىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى شۇكى، ئۇنىڭدا ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانىنى ئېكولوگىيىلىك ئۇنۇم، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە كېپىللىك قىلغان ئاساستا، ئاۋام خەلقنىڭ پائال ئىشتىراك قىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا يەتمەكچى بولغان نىشان ــــ ھەم ئىنسانىيەتنىڭ تۇرلۇك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ھەربىر كىشىنى تولۇق تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ھەم بايلىق ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزمەسلىكتىن ئىبارەت. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بولسا، «ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئومۇمىيۈزلۈك، ماس، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارىشىنى تۇرغۇزۇش، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش» ئىدىيىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا «شەھەر ـ يېزا تەرەققىياتىنى بىر تۇتاش پىلانلاش، رايونلار تەرەققىياتىنى بىر تۇتاش پىلانلاش، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى بىر تۇتاش پىلانلاش، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق تەرەققىياتىنى بىر تۇتاش پىلانلاش، دۆلەت ئىچى تەرەققىياتى بىلەن سىرتقا ئېچىۋېتىشنى بىر تۇتاش پىلانلاش تەلىپى بويىچە، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىش» تەكىتلەنگەن. ئۇنىڭ مەنىسى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چې-

تىلىدۇ. ئۇنىڭدا تەكىتلەنگەن «ئادەمنى ئاساس قىلىش» بولسا، ئادەمنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى نىشان قىلىش، خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي، مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ھەقىقىي قوغداش، ئومۇم خەلقنى تەرەققىيات مېۋىلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، دېگەندىن ئىبارەت. ئومۇميۈزلۈك يۈكسەلدۈرۈش ـــ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن جەمئىيەتنىڭ ماس قەدەمدە راۋاجلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، دېگەندىن ئىبارەت؛ ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش «بەشنى بىر تۇتاش پىلانلاش» نى ئىشقا ئاشۇرۇش بولسا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ، ئىقتىسادىي بازا بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىنى، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دېگەندىن ئىبارەت؛ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ـــ ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناقلىقىغا تۈرتكە بولۇش؛ ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئاھالە، بايلىق، مۇھىتنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى باياشات قىلىش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئىزچىل تەرەققىي قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش دېگەندىن ئىبارەت. دېمەك، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارىشى پەقەت ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى، بىراق، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ مەنىسى ئۇنىڭ مەنىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ مول، تېخىمۇ ئەتراپلىق بولىدۇ.

## 1 ـ 2. «تەرەققىيات» مەسىلىسىگە مۇئامىلە قىلىش جەھەتتىكى پەرقى

گەرچە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارىشى بىلەن ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە «تەرەققىيات» تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن، «قانداق تەرەققىي قىلىش» جەھەتتە روشەن پەرق مەۋجۇت. ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات بىر دۇنياۋى كۆزقاراش، لېكىن، دەسلەپتە ھەرقايسى ئەللەر ئۇ توغرۇلۇق بىرلىككە كەلگەن تونۇش ھاسىل قىلالمىغان. ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە تەرەققىي تاپقان ئەللەر تاشقى سودا ئارقىلىق تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنى ئۆزلىرىنىڭ بايلىقىنى سېتىش بەدىلىگە قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ھەل قىلىش ھالىتىگە ياكى بايلىقلارنى قوغداشقا ئېھتىياجلىق قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ھەل قىلىش ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويىدى؛ تەرەققىي تاپقان ئەللەر «مۇھىت قوغداشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇھىت قوغداش بىلەن تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتى جەھەتتە مۇھىت قوغداشنى ئالدىن ئويلىشىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ خىل كۆزقاراش ئەمەلىيەتتە تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەتتا ئۇلارنى جازالايدىغان قورالغا ئايلاندى، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتۇر. شۇڭا، ئۇلار مۇھىتنى قوغداش بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە تەرەققىي تاپقان ئەللەر ئوتتۇرىغا قويغان «مۇھىت قوغداشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» پرىنسىپىغا قارشى تۇرۇپ، ئىقتىسادنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. مۇشۇنداق مەنپەئەت جەھەتتە بىر بىرىگە يول بەرمەسلىك زىددىيىتى تۈپەيلىدىن، بايلىقلار تالان ـ تاراج قىلىنىش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت داۋاملىق ناچارلىشىش ۋەزىيىتىدە يەنىلا كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولمىدى قىسقىسى، دۇنياۋى خاراكتېرلىك تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ھېسابلىنىدىغان ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنىڭ ئىشقا ئېشىشى قىيىن بولماقتا.

ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بويىچە ئېلىمىزدە يەنىمۇ تەرەققىي قىلىش يېڭى كۆزقارىشى ۋە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۇلۇغۋار نىشانى تېخىمۇ ئىلمىي ئاساستا، تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇ ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت، جەمئىيەت، ئېكولوگىيە ۋە ئادەمنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى ئاساس قىلىنغان نىشان سىستېمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق راۋاجلىنىشىنى بىر تۇتاش پىلانلاش ئارقىلىق، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، نوپۇسنىڭ ئېشىشى بىلەن بايلىقتىن پايدىلىنىش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بىر تەرەپ قىلىنىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغان، تۇرمۇش باياشات بولغان، ئېكولوگىيە ياخشى بولغان مەدەنىي تەرەققىيات يولىغا مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش تەلەپ قىلىنغان. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ھەم ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنىڭ يادرولۇق مەزمۇنىدا چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن، ھەم ئىمكانىيەتلىك سىجىل

تەرەققىيات ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ يول ئېچىپ بەرگەن.

### 1 ـ 3. تەرەققىيات كۆزقارىشى جەھەتتىكى باسقۇچلۇق پەرقى

سانائەت ئىنقىلابىدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى «ماددىنى ئاساس قىلىش» تىن «جەمئىيەتنى ئاساس قىلىش» قا، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە «ئادەمنى ئاساس قىلىش» قا ئۆتۈپ، ئوخشاش بولمىغان بىر قاتار تەرەققىيات جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارىشى «جەمئىيەتنى ئاساس قىلىدىغان» تەرەققىيات كۆزقارىشى بولۇپ، ئۇنىڭدا «ماددىنى ئاساس قىلىش» تىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلى ئىنكار قىلىنىدۇ. ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ ماسلىشىشى تەكىتلىنىپ، ئىنسانلار ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئىنسانلارنىڭ ئورنى ۋە رولى بەلگىلىنىدۇ. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بولسا «ئادەمنى ئاساس قىلىدىغان» تەرەققىيات قارىشى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا بېسىشى چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەقسەت قىلىنغان. ئۇ ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ ئورنىنىڭ يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدۇر. بىرىنچىدىن، ئۇنىڭدا خەلق ئاممىسى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ قىممەت سۇبيېكتى قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتتىكى سۇبيېكتىپ ئورنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇلۇپ، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن ئادەمنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەقستى قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا ھەم ئادەمنىڭ ياشاش، بىخەتەرلىك، سالامەتلىك قاتارلىق تەبىئىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ھەم دېموكراتىيە ھوقۇقى، ئىجتىمائىي ئادىللىقى، ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى قاتارلىق ئىجتىمائىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىككىنچىدىن، خەلق ئاممىسى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مەنپەئەت سۇبيېكتى قىلىنىدۇ. خەلق مەنپەئىتىنى قوغداش ئادەمنى ئاساس قىلىش بىلەن خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش، تەرەققىيات ئاساسىدا ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مېۋىلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى سۇبيېكتىپ ئورنى ۋە ھەل قىلغۇچ رولى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئادەم ھەممە شەيئىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى دەپ قارىلىپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارىشىدا گەۋدىلىنىدىغان جەمئىيەتنى ئاساس قىلىش قارىشى ئادەمنى ئاساس قىلىش قارىشىغا ئۆزگەرتىلگەن، بۇ ئەنئەنىۋى تەرەققىيات قارىشىدىكى «ئادەم جەمئىيەتنىڭ خوجايىنى بولىدۇ» دېگەن كۆزقاراشقا قايتىش بولماستىن، بەلكى ئادەمنىڭ ئىرادىسى، ئادەمنىڭ كۆزقارىشى قاتارلىقلارنى چۆرىدىگەن ھالدا مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش، پىكىر قىلىش ۋە ئۇنى ھەل قىلىش، شۇ ئاساستا ئادەمنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

## 2. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ يوللىرى

### 2 ـ 1. «ئادەمنى ئاساس قىلىش» تەرەققىيات كۆزقارىشىنى تۇرغۇزۇش

«ئادەمنى ئاساس قىلىش» بولسا، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ ماھىيىتى ۋە يادروسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئادەمنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنىڭ يېڭى بىر بالداقتا كۆتۈرۈلۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىن تەرەققىي قىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا بېسىشى باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەقسەت قىلىنغان. مۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب. بىرىنچىدىن، ئادەم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئاساسىي ئامىلى بولۇپ، پەقەت ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن ئادەمنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مەقسەت ئادەمنىڭ ئەركىن، ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر. ئادەمنى ئاساس قىلىش تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ۋە ۋاستىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە جەمئىيەت ۋە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۈپ مەقستى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بىر تەرەپلىملىك تەرەققىيات قارىشى ۋە سىياسىي نەتىجە قازىنىش قارىشىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاساسىدا خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كىشىلىك ھوقۇقنى جۈملىدىن پۇقرالارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش؛ كىشىلەرنىڭ باراۋەر تەرەققىي قىلىشى؛ ئەقىل پاراستىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ، كىشىلەرنى ئىدىيە ـ ئەخلاق ساپاسى، پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە ساغلاملىق جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم؛ بۇ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش،

ئومۇم ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، ھوقۇقنى خەلق ئۈچۈن ئىشلىتىش، خەلققە مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش، خەلققە نەپ يەتكۈزۈشنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى ھەمدە پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى.

## 2 ـ 2. «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش» تەرەققىيات قارىشىنى تۇرغۇزۇش

ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە ئادەمنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلىشنى تەكىتلەش، ھەرگىزمۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا پەقەت نۆۋەتتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا سەل قاراش، ماددىي نەتىجىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئادەمنىڭ قىممىتىگە سەل قاراش، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتكە سەل قاراش ئەھۋاللىرىنى ئۆزگەرتىش تەكىتلىنىدۇ. بۇ ھەرگىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۈكسىلىش تەرەققىياتنىڭ يادروسى بولسا، ئىجتىمائىي گۈللىنىش بىلەن ئادەمنىڭ تەرەققىي قىلىشى تەرەققىياتنىڭ ماددىي ئاساسى بولىدۇ. شۇڭا، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى يەنىلا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا يۈكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنى تېزلىتىپ، بىر قەدەر تېز تەرەققىيات سۈرئىتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، ئەنئەنىۋى ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ سالمىقى يۇقىرى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى، بايلىق سەرپىياتى تۆۋەن، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ئاز، ئادەم كۈچى ئەۋزەللىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلىدىغان يېڭىچە سانائەتلەشتۈرۈش يولىغا مېڭىپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ۋە ئەمگەكچىلەر ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تايىنىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش لازىم.

## 2 ـ 3. بەشنى بىر تۇتـاش پىلانلاشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان، ئومۇميۈزلۈك، ماس، ساغلام راۋاجلىنىش قارىشىنى تۇرغۇزۇش

بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ۋە ئاساسىي تەلىپى. دۆلىتىمىزدە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق بىر مەزگىلدە مۇھىم نۇقتا مۇنۇ بەش جەھەتتىكى ئاساسىي مۇناسىۋەتنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشقا قارىتىلىشى كېرەك: يەنى، بىرىنچىدىن، شەھەر ـ يېزا تەرەققىياتىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، شەھەر بىلەن يېزىلارنى ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا «يېزا ئىگىلىكى، يېزا ۋە دېھقانلار» مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىپ ۋە ئۇنى ھەل قىلىپ، سانائەت ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىگە تۈرتكە بولۇش، شەھەر ئارقىلىق يېزىلارنى يېتەكلەش، شەھەر بىلەن يېزىلار بىر ـ بىرىگە تۈرتكە بولۇش، ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىش فاكچىنىنى يولغا قويۇش؛ ئىككىنچىدىن، رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، ئېلىمىزنىڭ شەرقىي، ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەكشى بولماسلىق ھالىتىنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىپ، غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش، شەرقىي شىمال كونا سانائەت بازىسىنى گۈللەندۈرۈش، ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق، تەكشىسىز تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىدىن تەكشى تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىگە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شەرق، ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلار بىر بىرىگە تۈرتكە بولىدىغان، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان يېڭى ئەندىزىنى شەكىللەندۈرۈش؛ ئۈچىنچىدىن، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي كاپالەت، جەمئىيەت تەرتىپى قاتارلىق جەھەتلەردىن مۇۋاپىق جەمئىيەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ماددىي، سىياسىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ تۆتىنچىدىن، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق تەرەققىي قىلىشىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن بايلىقتىن پايدىلىنىش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغان، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى باياشات بولغان، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ياخشى، مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان جەمئىيەت بەرپا قىلىش؛ بەشىنچىدىن، ئىچكى تەرەققىيات بىلەن سىرتقا ئېچىۋېتىشنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىچكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋى بىرلىشىش قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلىتىش، ھەمدە ئېلىمىز-

نىڭ WTO غا كىرىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، تېخىمۇ كەڭ دائىرە، تېخىمۇ كەڭ ساھە ۋە تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدىن چىقىش قىلىپ خەلقئارا ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقى شۇنىڭدەك بازار رىقابىتىگە پائال قاتنىشىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دۆلەت ئىچى خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ياخشى تاشقى شارائىت يارىتىش لازىم. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا ئوبيېكتىپ جەھەتتىن يۇقىرىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئوبدان ماسلاشتۇرۇپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە ئادەمنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلىشىنى ئالغا سىلجىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 2 ـ 4. جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى مەقسەت قىلغان تەرەققىيات قارىشىنى تۇرغۇزۇش

ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ تۈپ مەقسىتى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ساپاسى بىلەن تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، خەلق مەنپەئىتىنى بارلىق خىزمەتنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەقسىتى قىلىشتۇر. جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا بېسىشى، ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا موھتاج. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمگە ئۇيغۇنلاشقان ئىدىيە، كۆزقاراش ۋە ئىگىلىك يارىتىش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا، خەلق ئاممىسىغا نەپ يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئەمگەك، بىلىم، تېخنىكا، ھۈنەر ۋە كاپىتالدىن ئىبارەت بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي بايلىق يارىتىدىغانلىقى بارلىق مەنبەلەرنى ئىشقا سېلىش لازىم؛ ئىككىنچىدىن، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاساسىدا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە تۈزۈمىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي مۇھىتنى يارىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش شەرت؛ ئۈچىنچىدىن، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاساسىدا سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ، ئىدىيە، ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى يادرو، كوللېكتىۋىزمنى پرىنسىپ قىلغان، ئىدىيە، ئەخلاق تەربىيىسى ۋە قۇرۇلۇش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرىدىغان بارلىق تەدبىرلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۇلۇغۋار نىشانىنى چۆرىدىگەن ھالدا قوللىنىش شەرت. بۇنىڭدا ئاۋامنى ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا ئىش كۆرۈش، خاتىرجەم ياشاش ۋە ئىناق ئۆتۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاش لازىم.

## 2 ـ 5 . دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش ئالاھىدىلىك قىلىنغان تەرەققىيات قارىشىنى تۇرغۇزۇش

ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتەك ئوبيېكتىپ تەلەپتە چىڭ تۇرۇش شەرت. يەنى پارتىيىنىڭ بارلىق نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىي خىزمىتىدە دەۋر ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش، قانۇنىيەتنى ئىگىلەش، ئىجادچانلىققا باي بولۇش كېرەك. بۇنىڭدا دەۋر ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى بولۇپ، نۆۋەتتىكى تەرەققىيات باسقۇچىدا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى ئوي ـ پىكىر، نەزەرىيە، ئۇسۇل ۋە تەدبىرلەرنى ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى پرىنسىپ ۋە تەلەپلەرگە ئۇيغۇنلاشقاندىلا ئاندىن ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقىلى بولىدۇ؛ قانۇنىيەتنى ئىگىلەش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى ھېسابلىنىدۇ. ۋاقىت ۋە ۋەزىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشى شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە مۇناسىپ ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا، شەيئىلەر تەرەققىياتىدىكى يېڭى قانۇنىيەت، يېڭى يۈزلىنىشنى ئىگىلەش، ھەمدە يېڭى قانۇنىيەتكە بولغان تونۇشنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئەمەلىي خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك، ئىجادچانلىققا باي بولۇش —— دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشنىڭ جانلىق ئىپادىسى، پەقەت ئىجادچانلىققا باي بولۇپ، نەزەرىيىدە، تۈزۈمدە، پەن ـ تېخنىكىدا ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە شارائىتقا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ تەلىپىنى ھەقىقىي ئىپادىلەپ، تەرەققىيات داۋامىدا ئىلغار كۆزقاراش ئارقىلىق ئەمەلىي ھەرىكەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلغىلى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغۋار ئىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

---

ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدىن.

تەھرىرلىگۈچى: مەرۇپ مەمتىمىن

# ماھۇم تەلىماتى

يۈسۈپ ھۈسەين (قەقنۇس)

تەھرىردىن ئىلاۋە: 1920 ـ يىللىرى، گېرمانىيىدىكى يەھۇدىي ئېينشتېين ئاتوم نەزەرىيىسىنى بايقىغان. 1930 ـ يىللىرى ناتسىستلارنىڭ تەقىپلەشلىرىدىن قېچىپ ئامېرىكىغا بېرىپ «3 ئاتوم تەلىماتى» نى سىستېمىلىق بايان قىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا فىزىكا ئالىملىرى ئۇنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاخىرى ئاتوم بومبىسىنى ياساپ، ئامېرىكىنىڭ دۇنياۋى ھەيۋىسىنى تىكلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى 50 نەچچە يىل جەريانىدا، ئاتوم تەلىماتىنىڭ دۇنياغا يامرىشى بىلەن ئۆزىنى قۇدرەتلىك قىلماقچى بولغان دۆلەتلەر يادرو ئىستانسىسى ۋە يادرو قوراللىرىنى بەس ـ بەستە ياساپ، يەر شارىنىڭ «قىيامەت» كە قاراپ ماڭىدىغان «تەرەققىياتى» نى تېزلەتمەكتە. شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى دەۋردىن باشلىنىدىغان ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تەرەققىياتى مەسلىسىدە يادرو قوراللىرىنىڭ قىيامەتلىك ئاپەت تەھدىتلىرىدىن قانداق قۇتۇلۇش مۇمكىنلىكى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچى ئېكولوگىيە ۋە ئىدېئولوگىيە مۇئەممالىرىنى يەشمەكچى بولغان ئىزدىنىشلەر زامان تەقەززاسى بولۇپ قالدى. بۇ بىر پۈتۈن يەر ئانىمىزنى ساقلاش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدىكى چوڭ تەتقىقات بولغاچقا، تولىمۇ زور ئەقىل كېتىدۇ. مەزكۇر «ماھۇم تەلىماتى» ئەنە شۇنداق زور ئەقىل ھاسىل قىلىشتىكى ئاساسىي تەتقىقات بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەقىل كۆزىنىڭ چوڭقۇر پەردىلىرىنى ئېچىشقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئەقىل ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەردىن قىيامەتلىك ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ سىرلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. يەنى تىرىشىش نىشانىنىڭ مۇشۇنداق چوڭلۇقى ۋە كۈنىمىزدىكى ئالىملارنىڭ مەۋھۇم نەزەرىيە بىلەن مەسىلە ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ئالەم ۋە ئادەم ئۈستىدىكى كونكرېت ئەمەلىي پاكىتلار ئۈستىگە قويۇشى بىلەن باشقىلاردىن ھالقىپ كېتىدۇ. ئەڭ ئاددىيسى بۇ ئەسەرنىڭ مېنىڭ ئالدىمغا ئىقتىساد بىلەن ھېسسىيات ئۇقۇمىنىڭ بالانىستلىقى ھەققىدىكى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش ھالىتىدىن بۈگۈنكى ماھۇم تەلىماتىغا ئايلىنىشى ئۈچۈنمۇ 3 يىل ۋاقىت كەتتى. چۈنكى، بۇ ماھۇم تەلىماتى ئاتوم تەلىماتىدىن كۈچلۈك تەتقىقات بىلەن ئاتوم ۋە ۋودورود بومبىلىرىدىن نەچچە مىڭ ھەسسە يامان «دىۋىلەرنى» ئۆزگەرتكۈچى پەرىشتىسمان قۇدرىتىنى تېپىش ئۈچۈن باش قاتۇردى. لېكىن، بۇنداق تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بىلىپ ئېلىش ئوقۇرمەندىن سەھنىدىكى بىرەر تراگېدىيىدىن تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئالسا، يەنە بىر كومېدىيىدىن كۈلگەن ھامان يىغلاتقان تراگېدىيە تەسىرىنى ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغان ئۆتكۈنچى تۇراقسىز ھېسسىياتنى ئەمەس، تاشچىلارنىڭ تاغ تەشكەن چاغدىكى زېرىكمەي بولقا ئۇرىدىغان داۋامچان ھېسسىياتنى شەرت قىلىدۇ. لېكىن بىزنىڭ بىرمۇنچە ئوقۇرمەنلىرىمىزدە بۇنداق چىدام يوق. شۇڭا، ئۇلار مۇھىم ئەسەرلەرنى يۈزەكى بىر ئوقۇپلا «ئاممىباپ بولماپتۇ» دېيىدۇ ـ دە، ئوقۇمايدۇ ياكى بىلمەي تۇرۇپ تۆرە چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇنداق ئېسىل ئەسەرلەرنى بىلىپ ئېلىش ئارقىلىق مەنبۇدى ئۆزلۈكلەرنىڭ يىلانسىمان ئىچىگە تۈگۈلىدىغان پىكىرلىرىدىن ئازاد بولالماي، ئېلىمىزنىڭ نەزەرىيە قۇرۇلۇشىغا، ھەتتا ئىنسانىيەتكە مەنىۋى تولۇقلىما بولىدىغان بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ كۆمۈلۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ قىلىق بىزنى ئېلىمىزدە ھەر كۈنى ئېيتىلىۋاتقان ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنىڭ نېگىزلىك مەنبەلىرىنى بىلمەي بىخۇد يۈرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. ئەقىل بۇلىقىنى ئاچىمىز، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېگىشلىك ھەسسىمىزنى قوشىمىز دېيىدىكەنمىز، قىممەتلىك ئەسەرلەرنى تەكرار ئوقۇيدىغان، ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەققاسلاپ تۇرۇپ ئويلىنىدىغان، تىنىمىزنى تەبىئەت بىلەن رۇبىرو قويۇپ تەبىئەتتىكى چەكسىز بوشلۇق بىلەن قەلبىمىزدىكى چەكسىز بوشلۇق ئۆتۈشمىسىنى ئېنىق بىلىش مۇشكۈلاتىغا بەرداشلىق بېرىدىغان بىر چىدام ھاسىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىزدىن بۇرۇن ئىلىم ـ پەنگە ئومۇميۈزلۈك يۈرۈش قىلغان، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېز ۋە توغرا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئەقىل ئىنقىلابى قوزغاپ ئۆزىنى ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزگەن ئىلغار خەلق ۋە رايونلار ئىشنى مانا مۇشۇنداق ئالىملىرىنى ئەزىزلەپ، بۇ ھەقتە يېڭى پەنلەرنى كەشىپ قىلىش ئارقىلىق ئاجايىپ زور بايلىققا ئىگە بولدى. بىز ئۇلاردىن كۆپ كېچىكىپ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ئىشىغا ئەمدى ئاتلاندۇق. بىزنىڭ ئىككى قولاق ئارىسىدىكى مېڭىمىزمۇ شۇلارغا ئوخشايدۇ. پىكىر قىلالايمىز، لېكىن مېڭە-

مىزنى باشقۇرىدىغان قەلب كۈچىمىز ئۇنداق كۈچلۈك بولماسلىقى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئۆگىنىش ۋەزىپىمىز ئۇلاردىنمۇ ئېغىر. شۇنداق تۇرۇقلۇق مىڭبىر مۇشەققەت بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن تەييار تەلىماتلارنىمۇ ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈشكە ئېرىنچەكلىك قىلساق قانداق بولىدۇ؟ بۇنداق بوشاڭلىقىمىزنى تۈزەتمىسەك بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇرمەنلىرىمىزدىن ئۆزىمىزدىكى گۆھەرلەرنى بىلىش جەريانىغا كېرەك بولغان ئالاھىدە چىدام ۋە تاقەت تىلەپ بۇ ماقالىنى ئېلان قىلدۇق.

چىدام ۋە تاقەت تىلىگىنىمىزدە كۆز ئالدىمىزدا شۇلار تۇرىدۇكى، ئاھالىمىزدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىسسىيادى پۇل، بايلىق بىلەن بولۇپ كەتكەن، ئۇلار مەنىۋى بايلىقلار ئۈچۈن شۇنچە بەدەل تۆلەۋاتقان بۇنداق ئۈزلۈكسىز ئادەملەرنى كۆرۈپ: «ئۇنىڭدىن نېمە تاپىدىغانىدۇ؟» دەيدۇ ياكى «بىز ئەمدى ئارقىدا قالدۇق» دەپ تېخىمۇ چوڭ ئىلمى قارىغۇلۇقنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ھەتتا ئىجادىيەتنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كاتېگورىيىسىدىلا ھە ـ پە قىلىش دەپ چۈشىنىۋالغان زىيالىيلىرىمىز بۇنداق جاپاكەش ئالىملارنى كۈلدۈرگۈچىلەر بىلەن قىزىقچىلارچىلىك ھۆرمەت قىلمايدۇ. «ئىجادىي ئىختىرا»غا ھەۋەس قىلغۇچى نۇرغۇن زىيالىيلىرىمىزچۇ؟ دۇنياغا، ئەتراپىغا شۇنداق نەزەر تاشلايدۇ ـ دە، «يەھۇدىيلار تەرىپىدىن، ياۋروپالىق تەرىپىدىن، ئاندىن تەرەققىي تاپقان خەلقلەر تەرىپىدىن ئىختىرا قىلىنمىغان ھېچ نەرسە قالماپتۇ. ئالدىنقى ئىمكان ھازىرقى ئىلھام ئاساسىدۇر. بىزدە ئىمكان يوق، شۇڭا ئىلھام كەلمەيدۇ. بىزنىڭ تەقدىرىمىز پەقەت دوراش ياكى شەكىل ئۆزگەرتىپ ‹ئىختىرا› دەپ تەسەللى تاپماق. ‹ئىختىرا› دېگەن باشقىلارنىڭ ئەقلىي ئىمكانى يەتمىگەن ‹پاتېنت› لىق ھوقۇقىغا ئىگە ھادىسىدۇر» دەپ مەيۇسلىنىدۇ.

بۇنداق مەيۇسلىنىش توغرىمۇ؟ ياق. ئەمەلىيەتتە ھەقىقەت ئۇنچە چەكلەنگەن ئەمەس. مەسىلەن، ئېينشتېين «ئاتوم تەلىماتى» نى ئىختىرا قىلىۋىدى، يەھۇدىي ۋە ياۋروپا ئالىملىرى تېخىمۇ كونكرېت يادرو خىللىرى بويىچە ئىختىرا قىلىشتى. لېكىن، ئۇلار قىساس ۋە ئىسيان قەھرىنى ئىزدەنگۈچى يەھۇدىي روھىدىكى نېگىزگە دىققەت قىلالمىدى. نەتىجىدە يادرو نەزەرىيىسىدىن راۋاجلانغان تېخنىكىۋى تەرەققىيات، بىر تامچە، بىر ۋىنتا ماتېرىيە ۋە ئېنېرگىيىنى رىقابەت كاتېگورىيىسىدىكى ھەممە كامالەتلەر بىلەن چېكىگە يەتكۈزدى. دېمەك رىقابەتلىك يادرو تەرەققىياتى چېكىگە يەتتى.

مۇنداق ئىكەن، بۇنداق جەريان كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يامان ئاقىۋەت ھەققىدىكى تەتقىقاتلارچۇ؟ تولىمۇ قىممەتلىك. مەسىلەن. بۈگۈنكى دۇنيا كىلىماتىنىڭ ئىسسىپ كېتىش ئاقىۋىتىنى بىر ـ بىرىگە دۆڭگەۋاتقان دۆلەتلەر ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، «زىيان ۋە ئىسراپ» ھادىسىلىرىنى يەنى زىيانلىق ئاخىرقى ئىسراپ تەقدىرىنى كۆرسەتكۈچى تەپەككۇرمۇ ئىختىرا ھېسابلىنىدۇ. تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، زىيان ۋە ئىسراپ خاراكتېرلىك ئىختىرانىڭ زەھەرلىك سىرىنى ئېچىپ بېرىشمۇ ئىختىرا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىنسانىي ھاياتقا ئىخلاس قىلىدىغان ئەكس تەرەپتىكى مەۋھۇمەيەتنى ئېچىشمۇ ئىختىرا بولىدۇ. ئۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئەقەللىيسى غالىب جاللاتنىڭ ئۆزى غايىب قىلغان «ئاجىز» نىڭ «ـ تۇپراققا ئايلاندى» دېگەن جەسىتىدىن ئۇچقان شامالدىكى تۇزانسىمان ئەرۋاھى نەپەسلىرىدىن كىرىپ ئۇنى «راھىب» بولۇشقا مەجبۇرلىغان سىرلىرىنى ئېچىپ بېرىشمۇ، يادرو بومبىسىنى توشۇغۇچى راكېتانى ئالەم بوشلۇقىدىكى شامال بولۇتلارنى تىزگىنلەش ئورگانلىرىنى توشۇغۇچى قىلىشمۇ، تانكىنى تېراكتور قىلىشمۇ، زەھەرنى شېكەر قىلىشمۇ، يوقىلىۋاتقان ئورمان، ئوتخور، گۆشخور، ئۇچار ـ قانات جانلىق ھاياتىنى قانداق ئىختىرا قىلىش خىياللىرىنى سۈرۈشمۇ ئىختىرا بولىدۇ.

ھەتتا بىر ئىجادىي ئىختىراغا ھېسداشلىق قىلىپ شەرھلەش ياكى تىللارغا تەرجىمە قىلىشمۇ ئىختىرا بولىدۇ. چۈنكى، تەرەققىيات دېگەن ئالدى بىلەن تەپەككۇر پەردىسىدىكى مانا مۇشۇنداق يىرتىلىش ۋە ئېچىلىش دېمەكتۇر. بىز بۇنداق تەپەككۇرىمىزنى بوغۇپ قويۇپ نېمىنى ئىجاد قىلاتتۇق؟

ئېھتىمال بەزىلەر بۇ ئەسەردىكى بالانىستلىقنى ئىپادىلەيدىغان شەرتلىك ئالامەتلەرنى كۆرۈپ: ئاددىي بىر ھەرپقۇ، ئۇنىڭدىن نېمە چىقىدۇ؟ دەيدۇ. لېكىن، بىز دەيمىزكى، ئۇ ھەرپلەر ئۇلۇغ ئىجادىيەتچىنىڭ ئۆگلۈك قەلبىدىن پاك بوۋاقتەك ئېتىلغان فونتان، ئۇ پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە يېڭىلىق. چۈنكى، بۇ ھەرپلەر ئالەم ۋە ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى زېھنىي تەگپۇڭلۇقنى ۋە كىشىلىك ھاياتتىكى ئىقتىساد بىلەن ھېسسىيات تەگپۇڭلۇقنى ئىپادىلەپ، جاھان ۋە ئادەم دىلىدىكى زىتلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن نېگىزلىك مەسىلىگە جاۋاب بېرىدۇ. بۇ خۇددى بىرىنچى بۆلۈمدىكى، T، S،D،H ھەرپلىرى تەبىئەتتىكى تۆت تادۇنىڭ زىتلىقتىن بىرلىككە ئۆتۈشىنى كۆرسەتكەندەك ئىش.

مانا كۆز ئالدىڭىزغا قاراڭ، ھازىرقى ئاتالمىش «ئىجادىيەتلەر» خۇددى غەيۋەتلەشكۈچى كۆز شامالىرى ۋە نەپرەتلەشكۈچى قىش شامالىرىدىن تۆكۈلگەن غازاڭلاردەك ھايات قاتلاملىرىغا بىھۇدە ئىسراپ بولۇپ تۆكۈلگەن.

مىڭلاپ كىشىلەرنىڭ زەردىسىنى قاينىتىپ تۇرغان ساختا مالالارمۇ شۇ تۇردىن بولۇپ، ئۇلار خۇددى زىيانلىق چىرىندىدەك بىھېساب ئەخلەت تاغلىرى، يۇندا دېڭىزلىرى بولۇپ ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. بۇلار بىزنىڭ ھەسرەت ھېسلىرىمىزنىڭ باھاردەك بولۇشى ئۈچۈن ئىجاد قىلىشىمىزنىڭ ئاساسلىرى، ھەم كېچىسى ئەلۋەتتە. باھارنىڭ گاھ شىۋىرغان، گاھ ئىللىق شاماللىق، ئاپتاپلىق تەسىرىدىن شەپقەتكە ئىنتىلگۈچى بىخلار تىنىمىز، مېڭىمىز ئىچىدە، شۇنداقلا ئەتراپىمىزدىكى زېمىندا. بۇلار بىزنىڭ زېھنىمىزنىڭ زېمىن بىلەن تاناسىپ بولۇپ كۆكلىشىدىكى ئامىللاردۇر. بۇلارنى تونۇش ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ ئىختىراۋى دۆلەت بىناسىنى تۇرغۇزغۇچى بىز كىشىلەر ئۈچۈن زۆرۈر ئەمەسمۇ؟.

## بىرىنچى بۆلۈم «ماھۇم تەلىماتى» نىڭ شەرھى بايانى

### 1ـ باب ئاتوم نەزەرىيىسىگە قىسقىچە ئەسلىمە

ئاتوم نەزەرىيىسى ۋە تەجرىبە مېتودلىرىغا دائىر تەپسىلىي مەلۇماتلار فىزىكا كەسپى ساھىبلىرىغا ۋە شاگىرتلىرىغا مەلۇم، بىراق، باشقا كەسپىي ساھەلەردىكىگە ئانچە مەلۇم ئەمەس. چۈشەنچەم بويىچە قىسقىچە ئەسلىسەم: مەزكۇر تەلىماتنىڭ «ئاتىسى» بولمىش ئېينىشتېيننىڭ «ئاتوم تەلىماتى» نى يەكۈنلىگەن «تاناسىپلىق نىسبەتلىرى» توغرىسىدىكى يەكۈنىنىڭ فورمىسى بولغان $F=mc^2$ نىڭ تەبىرى «ئېنېرگىيە دېمەك، ماتېرىيىنىڭ زامان، ماكان كۋادراتى دېمەكتۇر» دېگەن نېگىز چۈشەنچىنى تەققاسلىغاندا، «ئاتوم» دېگەن ئۇقۇم «ماتېرىيە» دېگەن ئۇقۇم چەمبىرى بىلەن «ئېنېرگىيە» دېگەن ئۇقۇم چەمبىرى تۇتاشقان نۇقتىدىكى چېكىت ئۇقۇمدۇر. يەنى «ماتېرىيە ئېنېرگىيىگە، ئېنېرگىيە ماتېرىيىگە ئايلىنىدۇ» دېگەن ھۆكۈمدىكى «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن مۇئەممانى يېشىپ كۆرسەتكۈچى يادروۋى ئۇقۇمدۇر. ۋەھالەنكى، «ئاتوم» دېگەن ئۇقۇمدىن «ۋاكۇئۇم» بوشلۇقى دېگەن مىكرو ئۇقۇمنى ماكرو مەنىدە «ئالەملىك بوشلۇق» بىلەن تاناسىپ قويغاندا، ئاتومدىكى ۋاكۇئۇم ئىچىدىن يەنە ئېلېكترون، ئۇنىڭ ئىچىدىن پلۇتون، نېيترون، گۋېكترون (كۋانت) دېگەن ئۇقۇملار ئىپادە قىلىدىغان سىرلىق تەسەۋۋۇر مەسىلىلىرى كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، بۇ جەھەتتە پاكىستانلىق فىزىكا ئالىمى ئابدۇسالام فىزىكا ئىمتاس توختاپ قالغان ئاخىرقى نۇقتىدىن خۇددى مەنپىي ئۇقۇم ئەكسى مۇسبىي ئۇقۇمنى بايقىغاندەك يەنە بىر سىرنى بايقاپ، نوبېل مۇكاپاتىغا نائىل بولغانىدى.

ئومۇمەن ئىنسان ئەقلى تېلېسكوپ كۆزى بىلەن چەكسىز يۇلتۇزلۇق بوشلۇقنى كۆزەتكەندە ئەڭ چەكسىز ئۇقۇمنى «ئالەم» ۋە ئۇنىڭدىكى ماتېرىيىۋى، ئېنېرگىيىۋى چەكسىزلىكنى «تۆرت تادوم» دېگەندەك، مىكروسكوپ كۆزى بىلەن چەكسىز كىچىكلەيدىغان سىپىرلىق جىمىرلاشلىرى ئۆگەتلىگەندە ئەڭ كىچىك ئۇقۇمنى «ئاتوم» دەپ، ئۇنىڭدىكى ئالەملىك بوشلۇققا ئەكس تاناسىپ «ۋاكۇئۇم» ئىچىدىكى «ئېلېكترونلۇق» نى تېخىمۇ مەنتىقلەپ ئېچىش ئۈچۈن تىرىشمەكتە. بۇنىڭدىن مەقسەت نېمە؟ دىنىلاردا ئۇلۇغ مەۋھۇمىيەت بولغان «تەڭرى» نىڭ ئەسلى زاتى ۋە ماھىيىتىگە لايىق ئىسپاتقا ئېرىشمەك ئۈچۈندۇر.

### 2 ـ باب «تۆرت تادوم» چۈشەنچىسىگە ئەسلىمە

ھەممە زىيالىيلارغا مەلۇمكى، قەدىمكى ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيانىڭ دۇنيا قاراشلىرى نېگىزى بولغان «تۆت تادوم» (بەزىدە ئاناسىر دېيىلىدۇ، بۇ ئۇقۇمنىڭ مەنىسى مەنبەۋى سىر دېگەنلىك) ئالەملىك پەرۋەردىگار بولغان «تەڭرى» نىڭ «تېنى ۋە جېنى» دېمەكتۇر.

«تۆرت تادوم» چۈشەنچىسى قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيادىن باشلاپ يىراق گرېك، ھىندى، مىسىر قەدەر كەڭ رايونلاردىكى ھەر خىل تىللاردا ئىپادە قىلىنغان، بۇنداق پەرقلەردىكى ئوخشاشلىقنى كۆرۈش ئۈچۈن:

T تۇ — (خاكى) — (تۇپراق) — (زېمىن) 土
S سۇ — (ئابى) — (سۇھزاق) — (دېڭىز) 水
D دۇ — (راھى) — (ئۇجماق) — (ھاۋا) 气
H خۇ — (تابى) — (خۇرلاھە) — (ئاپتاپ) 火

تەرىقىسىدە قاتارلاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

مەزكۇر «تۆت تادوم» ئەقلىنىڭ سەزگۈ ئاساسلىرىغا بىلىنىپ تۇرىدىغان مەۋجۇت خىللىرىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھەربىر تېپىنىڭ ئاپىرىدە نېگىزىدىكى مەنبە ئامىلىغا بولغان ئابستراكت مۇتلەق نۇقتا توغرىسىدىكى چۈشەنچىدۇر. مەسىلەن، ماتېرىيىنىڭ قاتتىق جىسىم بولۇشى نېمە ئۈچۈن؟ ئۇنىڭدا مەنبەۋى بىر ئامىل مەۋجۇت. خۇددى ئېرىتمە جىسىم ياكى ئېپىرلىق زەررىۋى ھالەت، يورۇق ـ سوغۇق ئېپىرلىقىدەك سەۋەب ئامىل مەۋجۇت. مەسىلەن، ھەممە كۆزلەرگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان «قۇياش» شۇنداق

تۆت خىل يەنى «تۆت تادوم» ئامىلدىن ئىبارەت. دېمەك، ئەنە شۇنداق ئەقىلگە تېخى مەۋھۇم ئابستراكت مەنبەۋى ئامىل «تۆت تادوم» دېيىلگەن. شۇڭا، ئەنە شۇنداق مەنبەۋى ئۇقۇم خاراكتېرىنى گەۋدىلەش ئۈچۈن «تۇ» (T) «سۇ» (S) «دو» (D) «خۇ» (H) ئۇقۇمىنى چۈشەنچىمىزگە مودېل قىلىپ ئالىمىز.

ئەمدى قەدىمكى «تۆت تادوم» ئۇقۇمى بىلەن ھازىرقى «ئاتوم» ئۇقۇمىدىكى مۇناسىۋەتنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

يۇقىرىدا دېگەندەك «تۆت تادوم» قاراشلىرى بارلىققا كەلگەن قەدىمكى ئالتاي دەۋرىنىڭ «شامان» ۋە كېيىنكى ساسان دەۋرىنىڭ «ئاتەش» قاراشلىرى دەۋرىدە «ئاتوم» دېگەن ئۇقۇم يوق ئىدى. بىراق، ئاسىيا بولسۇن، ياۋروپا بولسۇن تىل (تەلەپپۇز) پەرقى بولسىمۇ، دىل (تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر ئۇسۇلى) جەھەتتە ئىنسانى ئوخشاشلىق تۈپەيلى «تادوم» ئۇقۇمى ھازىرقى «ئاتوم» ئۇقۇمى مەنىسىدە ئىدى. مەسىلەن، «تۆرت تادوم» دىكى ئۇقۇملارنىڭ سەۋەبەكۇن ئايلانمىسىنى «تابھاچ» (卍) شەكلىگە قويساق، بىر چەمبەر ياكى «كۆب بۇلۇڭ تەرەپلىرى بولۇپ بالانىسى نۆل ياكى تەڭ تەرەپ ئىچىدىكى «بوشلۇق» بولىدۇ. مانا بۇنداق ئۇقۇم «بايۇد» (تەگرى) دېيىلگەن. ئاتومدا بولسا، ئىچكى ئېلېكترونلۇق قەۋەتلىرىنى بىلىش شەرتى ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان ئۇقۇم «ۋاكۇئۇم» دېيىلىدۇ.

شۇنداقتىمۇ «تۆرت تادوم» ئۇقۇمى بىلەن «ئاتوم» ئۇقۇمىدىكى قىممەت ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلەش ئۈچۈن، يۇقىرىدا كۆرسەتكەندەك، «تۆرت تادو» نىڭ تۇ (T) بىلەن سۇ (S) تەرىپىنى ماتېرىيە، دو (D) بىلەن خۇ (H) تەرىپىنى ئېنېرگىيە دەپ ئايرىساق، «ئاتوم» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېنېرگىيىگە مەنسۇپ، دو (D) يەنى ھاۋا، گاز، زەررە، راھى، ئۇجماق، ئۇقۇملىرى بىلەن خۇ (H) يەنى ئاپتاپ، ئوت، زەرەت، تابى، فۇرلاق ئۇقۇملىرى ئارىسىدىكى سىرلارنى ئېچىش تۇتقۇسى دەپ قاراش مۇمكىن.

## 3 - باب «ماھۇم» ئۇقۇمىنىڭ تەبىرى

يۇقىرىدىكى «تۆرت تادوم» ياكى «ئاتوم» نەزەرىيىسى ئالەمشۇمۇل ماتېرىيە ۋە ئېنېرگىيىنىڭ ھەممىسىنى، يەنى خىمىيە، فىزىكا، بىئولوگىيە، ئىدېئولوگىيە ئىلمى نەزىرىدىكى بارلىق مىنېرال (نئورگانىك)، ئىمران (ئورگانىك) مەۋجۇدىيەتنى كۆرسىتىدۇ. ياكى دىنىي تەسەۋۋۇردىكى تەگرى (ئاللا) نىڭ مەۋجۇتلۇق سۈپەتلىرىنى ئىپادە قىلىدۇ.

«ماھۇم» ئۇقۇمى چەكلەنگەن. ئۇ گەرچە «ئاتوم» ئۇقۇمىغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، پەقەت ئورگانىك «ئىمران» ماتېرىيە ۋە ئېنېرگىيە تۈرى بولغان جانلىق «تۆرت تادو» سىدىكى تەپەككۇر مېتودىغا مەنسۇپ.

مەسىلەن، «تۆرت تادو» نى پەقەت ئورگانىك (ئىمران) مەۋجۇدات بىلەن چەكلىسەك ۋە بۇ ئالاھىدىلىكنى «تۆت ئادو» دەپ تۆرت ئۇقۇمنى تەن، نەم، يەل، تەپ دەپ ئابستراكت قىلساق، «ماھۇم» ئۇقۇمى دەل «يەل» ئادو بىلەن □ «تەپ» ئادو ئارىسىدىكى باغلىنىش نۇقتىسىدىكى (خۇددى ئىككى چەمبەر تۇتاشمىسىدىكى نۇقتا مەنىسىگە ئوخشايدۇ. يەنى «ئاتوم» نەزەرىيىسىنى «گېئوفىزىكىلىق» ئىلىم دېسەك، «ماھۇم» نەزەرىيىسىنى بىئوفىزىكىلىق ئىلىم دېيىشكە بولىدۇ. بىز بۇرۇن پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەردە دائىم «ماھىيەت» دېگەن ئۇقۇمنى كۆپ تەكرارلايتتۇق. دېمەك «ماھۇم» ئەنە شۇ ئابستراكت ئۇقۇمنىڭ تېخىمۇ زىل، تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت.

ئەمدى «تۆرت تادو» نىڭ جانلىق كاتېگورىيىسىگە تەتبىقاتى بولغان «تۆرت ئادو»نى ئېلىپ قارىساق، يەنى نەق مىسال ئۆزىمىزنىڭ بەدىنىنى مىسال قىلساق، «تەن» — تۆرت قاتلام سىستېمىسىدىن، «نەم» — تۆرت قاتلام سىستېمىسىدىن، «يەل» - تۆرت قاتلام سىستېمىسىدىن، «تەپ» تۆرت قاتلام سىستېمىسىدىن ئىبارەت، بۇ جەمئىي 16 قاتلام سىستېمىسىغا دەقىقلەپ، زەرەتلەپ تەسىر قىلىپ تۇرغان «تۆرت تادوم» ئۇقۇمىنى قوشساق جەمئىي 20 ئۇقۇملۇق دىققەت (تەققاسلاش) سىستېمىسى ئېچىلىدۇ. دېمەكچى، «ماھۇم» ئۇقۇمى «يەل» ئۇقۇم چەمبىرى بىلەن «تەپ» ئۇقۇم چەمبىرى تۇتاشمىسىدىكى نۇقتا ئۇقۇمىدۇر.

ئەلىشىر نەۋايى يازغان «لىسانۇتتەيىر» داستانىدا: 14 خىل قۇش ھۆپۈپنى يېتەكچى قىلىپ، سۇمۇرغ بىلەن ئەنقا سىرىنى ئىزدەپ ئۇچىدۇ. ئۇچىدۇ، ئۇچىدۇ، نۇرغۇن تاغلارنى، سايلارنى كېزىدۇ. ئاخىر ھېرىپ ھۆپۈپتىن: قېنى ئۇ سۇمۇرغ؟ دەپ سورايدۇ. ھۆپۈپ جاۋابەن: سىلەر ئۇچۇش سەپەرلىرىڭلاردا ئاللىقاچان ھېس قىلدىڭلار دەپ بىلىشنىڭ يەتتە ۋادىسىنى كۆرسىتىپ، ئالتىنچى، يەتتىنچى ۋادىسىنى ھەيرەت ۋە پەقىرلىق ۋادىسى، مۇشۇ نۇقتىدا توختاپ داۋاملىق تەپەككۇر قىلىۋېرىڭلار، دەيدۇ.

مەزكۇر سىرلىق مۇئەممانى تەققاسلىغاندا، ئەقلىمىزگە يۈرەك بىلەن ئۆپكە قۇش ۋە قانىتىدەك سايىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز نەپەس ۋە «تەنەپپۇس» بىلەن «پەۋەس» (تەخەييۇل) دېگەن ئىككى ئۇقۇمدا توختاپ قالىمىز. خۇددى كۆز ئۆزىنى ئەينەكسىز كۆرەلمىگەندەك، بىزمۇ «ماھۇم» نى «ئاتوم» نەزەرىيىسى «ئەينىكى» بولمىسا ھېس قىلالمايمىز، يەنى تەن ۋە نەمدىكى «يەل» بىلەن «تەپ» نىڭ مەۋھۇم

سىرىنى فىزىكا ئىلمى ئۈچۈن زۆرۈر ماتېماتىك تەگلىمە،
رەقەم ھەرپلىرى ۋە ترىگونومېترىنىڭ چەمبەر، بۆلۈك،
سىزىق، چېكىت ئارىسىدىكى تەگلىمە ئەينەكلىرى ئارقىلىق
ئاندىن ھېس قىلىمىز.

يۇقىرىقى سىستېمىدىكى قىزىل سىزىق ۋە رەقەملەر مەر-
كىزىي نېرۋا سىستېمىسى دەيدىغان يەنى جىنسىي ماھىيەت
ئۈچۈن بەلگە بولغان «يەل» بىلەن«تەپ» ئارىسىدىكى ما-
ھۇملۇق تەگلىمە قارا سىزىقلىق ۋە رەقەملەر دەۋرىيۋى نېرۋا
سىستېمىسى دەيدىغان ھېسسىي ماھىيەت ئۈچۈن بەلگە
بولغان «يەل»، «تەپ» ئارىسىدىكى ماھۇملۇق تەگلىمە. شۇن-
داقلا ھەر ئىككى سىستېملىق تەرەپ ۋە بۆلۈگسىمان سىزىق-
لاردىكى نۇقتىلار مىقدارىنى جىنسىيەت نۇقتىلىرىدىن 20
نى، ھېسسىيات نۇقتىلىرىدىن 80 نى گەۋدىلەش مۇمكىن، بۇ
جەمئىي 100 نۇقتىلىق ئۇقۇم بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا




باش كاتەكچىسىدىكى
كۆز، قۇلاق، بۇرۇن،
ئېغىز بۆلۈگلىرىدىن ئى-
بارەت تۆت كىرىم (ئىس-
تېمال) سىخېمىسى بىلەن
چات كاتەكچىسىدىكى
تەرەت، سىيدۈك،
پوق، قۇسۇق دېگەن
تۆت چىقىم (ئىختىرا) سى-
خېمىسىدىكى ئەكس تانا-
سىپ بالانسلىقنى
كۆرۈش مۇمكىن،
«يەل» ۋە «تەپ» ھەرىكىتىدىن ئىبارەت مەۋھۇم ئەسلى يادرو
(جانرو) ئېنېرگىيىۋى ھەرىكەت تەگلىمىسى سىرى دەل
«ماھۇم» تەلىماتىدىكى مۇددىئاۋى مەسىلىدۇر.

## 4 ـ باب «ماھۇم» نەزىرىيدىكى تارىخ ۋە مانىخ



«ئاتوم» نەزەرىيىسىدىكى
$E=mc^2$ فورمىسىنى ۋە «ئې-
نېرگىيە ـ ماتېرىيىنىڭ زامان،
ماكان كۋادراتى دېمەكتۇر» دېگەن تەبىرىنى كۆرگەنىدۇق،
بۇنى ئالەمدىكى بىر يۇلتۇز مىسالىغا تەتبىق قىلساق، بىر
چېكىت ئېنېرگىيىۋى زەررە ـ تەدرىجىي خىلداشلىرى بىلەن
قوشۇلۇپ ماتېرىيىۋى چەمبەرگە ئايلىنىدۇ، ئاندىن چېكىتكە
يېتىپ يەنە ئېنېرگىيىۋى چېكىت بولۇش زامان، ماكان كۋاد-
راتى سىخېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.



مەزكۇر سىخېمىدىكى كاتەكچە
بۆلۈگلار ۋە ئۈچبۆلۈگلار ئەكس
تاناسىپ تەگلىمە نەقلىدە ئېنېر-
گىيىنىڭ يىغىلىش (ئىستېمال)
چېچىلىش (ئىختىرا) بويىچە
زامان، ماكان كۋادراتىنى كۆرسە-
تىدۇ. دېمەكچى، بىر ماتېرىيىۋى
«يۇلتۇز» نىڭ ئېنېرگىيىۋى ھاسىل ۋە غايىپلىق زامان، ماكا-
نى ماتېرىيىۋى يۇلتۇزدىن نەچچە ھەسسە نۇرغۇن ۋە يوغان-
دۇر.

مەزكۇر «ئاتوم» چۈشەنچىسىنى «ماھۇم» بويىچە
ئىنسان ئەقلىگە تەتبىقلاپ كۆرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تۆ-
ۋەندىكى سىخېمىنى ئالايلى.

مەزكۇر سىخېمىدىكى قىزىل چەمبەر ئىچىدىكى تۆت
قەۋەت يەرشارى قاتلىمىدىكى ماگما، گرانىت (تاش قاتلىمى)،
گازلىق سۇ ۋە تۇپراق قاتلاملىرى، قىزىل چەمبەر سىرتىدىكى
تۆت قەۋەت ئاي، ئايلانغۇچى ماگنىتلىق شار، ئاتموسفېرالىق
شار، تۇمانلىق پار ۋە يەر يۈزى زېمىن، قىزىل چېكىت بىر
ئىنسان بەدىنى، بۆلۈگلار جىنى چېچىلغان، يىغىلغان زامان،
ماكان. ئىنسان بىر مىكرو ئۇرۇقتىن (بەلكى ئۇرۇق بولغىچە
ئاتا روھى تەرىقىسىدىكى زامان، ماكان بىلەن قوشۇلۇپ،
ئاندىن ئانا باغرىدا، ئاندىن يەر يۈزىدە بەدەن بولۇپ،
ئاندىن تەدرىجىي چېچىلىپ جەسەت بولۇپ كۆمۈلۈپ،
توزان زەررىلىرى بولۇپ چېچىلغىچە تۆت زامان، ماكان مەز-
مۇنىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بەدەن بولۇپ ياشاپ،
ئۆلۈپ (تاراپ) كەتكىچە زامان، ماكان نۇسخىسىنى ئالساق
$E=mc^2$ فورما نەقلى بويىچە سېزىم دېمەك، بەدەنىنىڭ
زامان، ماكان كۋادراتى دېمەكتۇر، بۇ «يەل» گە مەنسۇپ.
ئەقىل دېمەك ـــ مۇھەببەت سېزىملىرىنىڭ زامان، ماكان ك-
ۋادراتى دېمەك، بۇ «تەپ» كە مەنسۇپ.

ھېكمەت: سىز مېنىڭ مەخپىي خىياللىرىمنى ھېچكىم
بىلمەيدۇ دېمەڭ، ھەتتا تۈنۈگۈنكى خىياللىرىمنى ئۇنتۇپ
كەتتىم، «پاكلاندىم» دەپ قالماڭ، ئۇنداق ئەمەس، «تەگرى»
بىلىدۇ. سىزگە يەل، تەپ، نەم، تەن بولۇپ تاشقى ئالەمدىن
ئەتراپىڭىزدىن كىرگەن ھەممە ھۇجەيرىلەردىكى زەررىدىن
ئىبارەت «ئىن ـ سىن» قاپچۇقلىرىغا تىندۇرما بولىدۇ. دېمەك،
چەكسىز مەۋجۇت بولاي ياكى ئۇزۇنراق ياشاي دېسىڭىز،
جانلىق ۋە ئىنسان يوقىتىشنى خالىمايدىغان ھەقىقەت بەختى

ئۈستىدە خىيال سۈرۈڭ. مانا مۇشۇنداق ھېكمەتلىك ھېس بىلەن يۇقىرىقى سخېمىدىكى سەككىز قەۋەت تادومغا، قوياشنىڭ يورۇق دولقۇنى بىلەن قۇيادىنىڭ سوغۇق دولقۇنىنى قوشساق جەمئىي 10 ئۇقۇم بولىدۇ.

ئاندىن يەر شارىنىڭ تارىخى (زامان) مانىخى (ماكان) ئۆزگىرىشلىرىنى مەنتىقىي تەسەۋۋۇر قىلساق، تۆرت پەسىل نەقلىدىكى تارىخى، مانىخى يەكۈن چىقىدۇ:

قىش پەسلى يەر شارىنىڭ «چوغ» شارىدىن بىر تامچە «سۇ» شار بولغىچە «ئۇيقۇلۇق» دەۋرى، باھاردىن كۈزگىچە پەسىل نەقلى، تۆت قەۋەت جانلىقلار مەۋجۇت بولىدىغان «ئۇدغۇلۇق» دەۋرى، بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت ياز پەسلى ئىنسانىيەت «خۇد خۇلۇق» دەۋرى بولىدۇ.

ئەمدى، پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ «ياز پەسلى» ئىچىدىكى تارىخى (زامان) مانىخى (ماكان) قەۋەتلىرىنى مەنتىقلىسەك، «ئون سۈپەت» (تارىخى زامان)، «ئون كۈرەت» (مانىخى ماكان) بولىدۇ. «ئون سۈپەت» بىلەن «ئون كۈرەت» نىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى خۇددى سېكۇنت تىلى ئايلانمىسى بىلەن مىنۇت تىلى ئايلانمىسىدىكى نىسبەتكە ئوخشايدۇ.

«ئون سۈپەت» دېگىنىمىز: پىرمان، ئۇرۇقداش ئىنسان، قەبىلىۋاز ئىنسان، قۇلدار ئىنسان، فېئودال ئىنسان، بۇرژۇئاز ئىنسان، دېموكرات ئىنسان، سوتسىيال ئىنسان، كوممۇنىست ئىنسان، خىمكال ئىنسان.

«ئون كۈرەت» دېگىنىمىز: گېنىنى تەركىب، ھېسسى تەركىب، جىسمى تەركىب، جىنسىي تەركىب، دىنىي (سەنپىي) تەركىب، خىللى (كەسپىي) تەركىب، مىللىي (مەزھەپ) تەركىب، ئەللى (دۆلەت) تەركىب، ئىرقىي تەركىب، ئىننى (ئىنسلنى) تەركىب.

ئون سۈپەت بىلەن ئون كۈرەتنى (9+1)2 نەقلىدە ئۇدۇل قىلساق، بىر ـ بىرىنىڭ سىرىنى بىلدۈرگۈچى ۋەھىيەت ئىلھاملىرى مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

مەسىلەن، گىننى نۇقتا بىلەن پىرمانى نۇقتىنى ئۇدۇل قىلساق، خۇددى چېچەكتىكى مىكرو ئۇرۇق بولغاندەك پىرمانى (ئەسلىدە گۆشخور ئۇۋچى مايمۇن) جىسمىدىكى ئىنسان بولۇپ قالغۇچى ئاملىغا سەۋەب بولغان گېن مەلۇم بولىدۇ. بۇ سىرلىق گېن سەۋەبىنى ماھۇم نەزىرى بويىچە تەپەككۇر قىلساق، ئورمانلار كۆيگەندە كۆيۈپ كاۋاپ بولۇپ قالغان جانلىق جەسىتىنى ئىستېمال قىلغاندا پارچىلانغان ھىدروكاربونات دېگەن بىئوئېلېكترون ـــ ئىنسانلىق «تەپ» (تەپەككۇر ۋە تەلەپپۇز) ئاملىنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكىدىن ئىلھام بېرىدۇ (قالغان ئۇدۇللاشنى كېيىنكى بۆلۈملەردە كۆرۈشكىمىز مۇمكىن).

ھازىر (مۇشۇ يېزىق ۋەسلىدە) «ئون سۈپەت» ۋە «ئون كۈرەت»دېگەن تارىخى، مانىخى چۈشەنچىنى بىر دەقىقىدە تەلەپپۇز قىلغان بىلەن، ئۇنىڭ يەكۈنلىنىشىگە كەمىنەنىڭ 10 نەچچە يىللىق تەققاسلىرى ۋە بۇنداق تېۋىنىش جەريانىدا ئەسلەنگەن قەدىمكى سوغداق مۇتەپەككۈرى سوقرات زامانىدىن تارتىپ ماڭا مەلۇم بولغان نۇرغۇن «مەۋھۇم جان روھلار» نىڭ زامان ماكانى «بىئو ئىنتېرنېت» تورى بولۇپ تۇرغان «تەپ، يەل» سىستېمىسى سەرپ بولغان، چۈنكى بىر ئىنسانىي سۈپەت، كۈرەت بىر تال يىپ بولسا، ئۇنى تارتىشىمىز خۇددى پالاس سۆرۈلۈپ چىققاندەك بولىدۇ.

مەسىلەن، مەدەنىيەت تارىخىنىڭ «قۇلدارلىق» دەۋرىدە سوقرات ياكى كېيىن ساكيامۇنى «مايترىنىڭ بۇرھان بولۇشى ياكى پىرمانىنىڭ ئىنسان، شەيتاننىڭ رەھمان بولۇشى ۋە ياكى سۈن ۋۇكۇڭنىڭ رۇلەيىۋ (ئەۋلىيا) بولۇشى توغرىسىدا 32 ۋادىلىق تارىخى، مانىخى مەسىلىنى تەسەۋۋۇر قىلغان بىر مەنىۋىيەت (كۈنزەن) ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەتتا يەر يۈزىنىڭ نۇرغۇن ئېقىملىرىدىكى مەدەنىيەت (كۇلتۇرى) تېخى 90% دېگۈدەك قۇلدار مىجەز ئىنسان ئىدى. 10% ئىنسان تەركىبىدە ئىنسانلىق سىرىنى ئىزدەنگۈچى مەنىۋىيەت (كۈنزەن) تەپ، گېنلىرى تەنھا قۇش نەقلىدە يەلدىن ـ يەلگە مۆكۈنۈپ كۆچۈپ يۈرەتتى.

ئاتوم نەزەرىيىسى كۆزىدىن قارىساق، كۈمۈر ياكى ئۇران دېگەن مەدەن يەر شارىنىڭ «قىش ـ باھار» پەسلى ئارىسىدىلا ھاسىل بولغان ئاپتاپتىن چۈشكەن ھىدروگېن بىلەن زەرەتلىنىپ چاقناپ تۇراتتى. ھازىر بولسا، «ئۇران»غا مۆكۈنگەن ھىدروگېن ئېلېكترونلۇق چاقماقلار بىلەن پارچىلىنىپ، دەرھال ئاپتاپتىكى ھىدروگېن بىلەن زەرەتلىنىپ دەھشەتلىك ۋە يالقۇنلۇق بوران چىقىرىدىغان خەتەر تەرىقىسىدە مۆكۈنگەن.

مانا ئەنە شۇنداق نەرسىگە مۆكۈنگەن دەھشەتلىك «ئاتوم يادروسى» دېگەن دىنوزاۋرلاردىنمۇ نەچچە مىليون ھەسسە يامان «دېۋىلەرنى» ئۆزگەرتكۈچى پەرىشتىسمان قۇدرەت «ماھۇم يادروسى»نى مەنتىقىلەش زۆرۈر بولۇپ قالدى. بۇ جەھەتتە «ئون جۇدايى (مەھرۇمى) چوقۇم بىلەن ئون پۇخايى (مەمنۇنى) چوقۇم دېگەن تەسەۋۋۇرنى ئالايلى.

ئون جۇدايى (مەھرۇمى) چوقۇم تۆۋەندىكىچە:

1) ئىنسانىيەت بارلىق ئوت ـ چۆپ، ئوتخور، گۆشخور ماتېرىياللىرىنى ئىناپسىزلىق ۋە ئىسراپچىلىق بىلەن ئىستېمال قىلىپ ئاندىن ئۇرۇش قىلىۋېرىدىغان ئادەتنى تۈزەتمەسە، «قىيامەت» بولۇپ مەۋجۇتلۇقىدىن جۇدا (مەھرۇم) بولۇشى چوقۇم.

2) ھازىرقىدەك (يادرو) ئۇرۇشى ۋەسۋەسلىرى بىلەن ئامبارلىرىنى تولدۇرۇۋەرسە، «كومپيۇتېر ۋىرۇسلىرى» بۇزغۇنچىلىقى بىلەن پارتلاپ، يەر شارى گۇمران بولۇپ ھەممىدىن جۇدا بولۇشى چوقۇم.

3) ئىقتىسادى، ھېسسىياتى مونوپول «تاغلار» بەس ـ بەستە ئۆرلەپ ئاستىدىكى «ماگمىلار» ۋولقاندەك پارتلاپ كەتسە، «لاۋا كەلكۈنلىرىنى» بىر ـ بىرىگە كۆچۈرۈش ياكى توسۇق توغان، تاشلىرىنى توپلايمىز دەپ، يەر ئاستى كاۋاكلىشىپ «يەرلەر تەۋرەپ، دېڭىز تاشقىنلاپ «سىياسىي قىيامەت» بولۇشى، تاغلىرىدىن جۇدا بولۇشى چوقۇم.

4) «قوشۇمچە قىممەت» ھېرىسمەنلىكى، خىللى، مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيون رىقابەت روھى بىلەن پەيدا بولغان «مىكرو ھاشارات» ئاپىتىدىن ئازادە باغۋارانلىرىدىن جۇدا بولۇشى چوقۇم.

5) «مىكرو ھاشاراتلار» نى زەھەرلىك گازلار بىلەن يوقىتىمىز دەپ ئاتموسفېرادىكى ھاياتى گازلارنى بۇزۇپ، ئاندىن زەنجىرسىمان رېئاكسىيە تۈپەيلى بۇزۇلغان ئېكولوگىيە زەخمەتلىرىدىن جۇدا بولۇشى چوقۇم.

6) تەبىئەت قانۇنلىرىنى نەزەرگە ئىلماي ئۇششاق جەمئىيەت مەنپەئەتلىرىنى، مەدەنىيەت (كۇلتۇر) مەنىۋىيەت (كۇنزەن) لىرىنى ئىلاھلاشتۇرسا، تەبىئەت ئىلاھى شەپقەتلىرىدىن جۇدا بولۇشى چوقۇم.

7) تېخنىكىنىڭ يېتەكچى روھى بولغان ئىنسانپەرۋەرلىك ئىسمېكسىنى نەزەردىن ساقىت قىلسا، «فاشىست دۆلەت ۋە كومپيۇتېر» لارنىڭ بەگۋاشلىقى تۈپەيلى ئەقلىي راۋانلىقىدىن جۇدا بولۇشى چوقۇم.

8) ھەربىر ئىنسانىي شەخسىيەت تەبىئەت، ئاندىن جەمئىيەت بەرگەن ئېھسانلىرىغا جاۋابەن، ئېھسانى (ھىممەتلىك) ئىجادىي ئىختىرانى ئىمان قىلمىسا، «جەننەت» ئىنتىزارلىرىدىن جۇدا بولۇش چوقۇم.

9) ماتېرىيە ۋە ئېنېرگىيىنىڭ مىقدارى سۈپەت ئۆزگىرىشلىرىگە نەزەرىيىۋى ۋە تەجرىبىۋى تەپەككۇر قىلىشتىن ئېرىنىپ ئالدامچىلىق ۋە يالغانچىلىق بىلەن زەھەرلىك ئىختىرا بىلەن قېرىنداشلىرىنى يوقىتىپ ئىستېمال بوشلۇقىغا ئېرىشمەكچى بولۇپ «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەندەك قايتۇرما زەربە، ئالدامچىلىق زەھەرلىرى بىلەن زەھەرلىنىپ ئەقلىي ئىقتىدارىدىن جۇدا بولۇشى چوقۇم.

10) «پۇل ـ تەڭگە» دېگەن مەدەندىن، قەغەزدىن بولغان «قۇل» نى ئۇلۇغلاپ ئۇنىڭ ئەمەلىي قىممىتىدىن «ھۇلدىن» (ماتېرىيال سۈپىتىدىن) ۋە ئۇنى ئىختىرا قىلغۇچى ئىجادىي روھى «خۇد» لۇقتىن جۇدا بولۇشى چوقۇم.

مەلۇمكى، بۇنداق «تارىخىي تەنقىد» ئاكتىپ مەۋقە ئەمەس. شۇڭا، زۇلمەتكە نۇسرەت لازىم بولغاندەك «تارىخىي تەكلىپ زۆرۈر».

ئۇن پۇخايى (مەمنۇنى) چوقۇم تۆۋەندىكىچە:

1) مېترو، گىدرو تېخنىكىسىنى يادرو ئېنېرگىيىسى بىلەن تەمىنلەپ ھازىر ئىلمى بىلەن ئاتموسفېرا ئارىسىدىكى «ئوربىتا بېكەتلىرىگە» كۈچلۈك كومپيۇتېر مېڭىلىك، دۆلەت بەدەنلىك» «دېۋىلەر» نى كاتاكچىلەپ تىزىپ، ئېلېكتر ماگنىتلىق كۈچى بىلەن شاماللاردىكى ئارىنۇ، بارىنۇ زەرەتلىرىنى تىزگىنلەپ، قار ـ يامغۇرلارنى قاقاس ساي، قۇملۇق چۆللەرگە ياغدۇرۇپ، دائىم يورۇق ئاسمان بەھرىدىن رازى بولۇپ پۇخادىن چىقىش (مەمنۇن بولۇش) مۇمكىن.

2) دېڭىزلارغا بىكار ئاقىدىغان دەريالارنى تىزگىنلەپ ئۆستەڭ، ئېرىقلارنى دەشتى چۆللەرگە تورلاشتۇرۇپ، يەر يۈزىنى يېشىل ئورمان، يايلاق بىلەن قاپلاپ باغۋاران بەھرىدە پۇخادىن چىقىش مۇمكىن.

3) يۇقىرىقى ئىمكانىيەتتىن كېيىن بارلىق ھايۋان، ھاشاراتلارنىڭ رازىمەن ئىستېمالى ـ ئىختىرا قاتلىمىدىكى تەرتىپىنى ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ مىننەتدارلىقىدىن پۇخادىن چىقىش مۇمكىن.

4) ئاندىن ئىنسانلىق ماھىيەتكە لايىق ئەزەل ئىستېمال مىزانىنى ئېنىقلاپ، يەنى پەقەت گۆشخور ھاشارات، ھايۋانات ماتېرىياللىرىنى تېخنىكلىق ئىختىرا قىلىپ، ئىسمىسكىلىق ئىستېمال قىلىپ، چىرايلىق، ئىلاھى پەرىشتىلىك بەختىدىن بەھرىمەن بولۇپ پۇخادىن چىقىش مۇمكىن.

5) تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى «جەننەت» قىلغۇچى بىلىم ۋە مېھنەت مۇشەققەتلىرىنى «نويۇندەك» راھەتلىك، مەشغۇلاتلىرىنى قىزغىن مۇھەببەتلىك ئىشقى لەززەتتەك قىلغۇچى تېخنىكلىق ۋە ئىسمىسكىلىق ئىزدىنىشلەرگە «قۇياش روھى» دەك نۇپۇز تىكلەپ، ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى باھار ـ ياز قۇياشىقا تەلپۈنگەندەك شەپقەتلىنىش ئارامىدىن بەھرىمەن قىلىپ پۇخادىن چىقىش مۇمكىن.

6) جەمئىيەت ۋە شەخسىيەتنىڭ ئىستېمال ۋە ئىختىرا ئادەتلىرىنى جانلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ بەختلىك «نەھرول ھەرلىرىدەك» ئىختىيارى ئىنتىزار ھادىسىگە ئايلاندۇرۇپ، بۇزۇلۇش سەۋەبلىرىنى ھەل قىلىشتا «ئۆز ـ ئۆزىنى تۈزگۈچى» خىمكال ئاۋتوماتىكىسىدەك قىلىپ پۇخادىن چىقىش مۇمكىن.

7) ئىنسانلىق جەمئىيەت (مەدەنىيەت ـ كۇلتۇر، مەنىۋىيەت ـ كۇنزەن) قاتلىمىدىكى ئۇن قەۋەت پەلەكسىمان «قۇرۇلمىسىدىكى ھەربىر پەلەك»، «يۇلتۇز» لىرىدىكى X شەكلىدىكى مەسئۇلىيەت ۋە مەپتۇنىيەت ئەكس تاناسىپلىقىدىن ئىبارەت تەبىئەت قانۇنىغا ئاساسەن ھەممىسىنى پەقەت يەر يۈزى چەمبىرىدىكى سىزىقتىكى چېكىتلەردەك باراۋەر

قىلىپ، ئادالەت روھىدىن يۇخادىن چىقىش مۇمكىن.

8) ھەر قايسى مىللىي (دىنىي) ئەنئەنىلەر ئىچىدىن تېپىلىدىغان ئالىي ئىنسانلىق مىزانىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەركىبلەرنى تاللاپ، بوۋاي، موماىلارنىڭ رازىمەن دەپىن بولۇشى ۋە بوۋاقلارنىڭ ئەمىن ئۆسۈپ يېتىلىشى جەھەتتىكى ئەخلاقىي تۈزۈمدىن يۇخادىن چىقىش مۇمكىن.

9) بولۇپمۇ يەر شارىدىكى ئىلاھىي پەرىشتىلەرگە ئوخشاش قۇشلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇچۇش سىرلىرىنى ئېنىقلاپ ۋە پىنھان سىرلىرىنى تەتبىقلاپ ئىنسان جىسمىلىرىنى «بىئو خىمىكال» ئىبھسان قىلىش بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇدىن قېنىپ يۇخادىن چىقىش مۇمكىن.

10) تەپ (تەپەككۇر) نىڭ «يەل» (تەنەپپۇسقا) ئايلىنىش مۇمكىنلىكى تۈپەيلى، مۇشۇنداق ئىماندىن ئىنانلىنىپ، مەڭگۈ ئازادلىك بىلەن يۇخادىن چىقىش مۇمكىن.

## 5 - باب ماھۇم نەزىرىدىن دىل ۋە تىل تەتقىقاتى

بۇ تېمىدا كومپيۇتېر مېڭە ۋە دۇڭگاتېل بەدەن سخېمىسىنى ئەسلەپ تۇرغايسىز.

ئالدى بىلەن دىل - تىل تەركىبلىرىنى ئېنىقلاپ ئالايلى.

دىل بويىچە، مېڭە قاتلاملىرىدىكى كۆزگە باغلىق پوستلاق تەسەۋۋۇر، تەجەللۇم «تەپ». ئۇ يەر شارىدىكى ئاپتاپ، چاقماق، شوئىلىلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. قۇلاققا باغلىق پوستلاق تەپەككۇر، تەۋەھھۇم؛ ئۇ يەر شارىدىكى ھاۋا، شامال، سادالار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

تىل بويىچە. تەلەپپۇز، تەرەننۇم بۇرۇن، ئېغىز بىلەن يەنى نەپەس، قەۋس (ئېزىق - شۆلگەي) بىلەن زىچ مۇنلسىۋەتلىك.

ۋەھالەنكى دۇنيادا ئالىملارنىڭ بۇ جەھەتتىكى بايانلىرى تاغدەك كىتابلارنى تەشكىل قىلغان. كەمىنە، تېخى ھېچكىم ئەقلىگە كىرمىگەن تەرەپتىن بايان قىلماقچى. چەكسىز ئالەمدىكى بىھېساب يۇلتۇزلار ۋە ئەبەدىي ئېنىقلاب، ھېسابلاپ چىقىش مۇمكىن بولمايدىغان خىمىكىلىق ئېلېمېنتلار ۋە فىزىكىلىق ئېلېكترونلار تۈرىنى پەقەت مەنتىقىلەش ئۈچۈن تېپىكلەش مېتودىنى قوللىنىش بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. يەنى ھاياتلىق سىرى تۇغرىسىدا يىپىپگى بېشارەتكە ئىگە بولۇش مۇمكىن.

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن باياننى تۆۋەندىكى سخېما تۇتقۇسى بىلەن باشلايمەن.




1) T<E=80. K=20. 0=15. H=5

2) S<K=40. E=30. 0=20. H=10

3) D<0=30. E=20. K=25. H=15

4) H

ئۇچۇق (ئۇچارلىق)H (40) O (20) K (20) E (20)

قۇرت (بېلىقلار)H (10) O (20) K (30) E (40)

يۇقىرىقى سخېما ۋە فورماتنىڭ تەگلىمىلەر تەبىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ئالەملىك ئاسترو فىزىكا (ئاتوم نەزەرىيىسى نەقلى) بويىچە:

قۇباد — سوغۇق ئېلېكترون دولقۇنى كېلىدىغان مەنبەۋى يۇلتۇز بولۇپ، بەلگىسى E (ئازوت ئېلېمېنتى).

قۇياش — يورۇق ئېلېكترون دولقۇنى كېلىدىغان مەنبەۋى يۇلتۇز بولۇپ، بەلگىسى H (ھىدروگېن ياكى ۋودورود). ئارىلىق شەرھى: قۇبادتىن چىققان ئازوت (E) ئاتوملىرىدىن كاربونات (K) ئاتوملىرى چىقىدۇ. قۇياشتىن چىققان ھىدروگېن (H) ئاتوملىرىدىن ئوكسىگېن (O) ئاتوملىرى چىقىدۇ.

يۇقىرىقى تۆت ئاتوم ئېلېكترونلىرى يەر شارىنى قاپلاپ كېچە - كۈندۈزدىكى، ئاتوم نىسبەتلىرىدىكى پەرقىنى يەنى كېچىدە ئازوت (E) كاربون (K) ئالتە نىسبەت ھىدروگېن (H) ئوكسىگېن (O) تۆت نىسبەت بولسا، كۈندۈزدە ھىدروگېن (H) ئوكسىگېن (O) ئالتە نىسبەت، ئازوت (E) كاربون (K) تۆت نىسبەت دېگەن نەقلى تەخمىننى كۆرسىتىدۇ.

2) ئىككىنچى ھەرپ قاتلاملىرى: تۇ (تۇپراق) ئازوت (E) سۈپەتلىك، تەركىبىدىكى كاربون (K) %20، ئوكسىگېن (O) %20، ھىدروگېن (H) %5. سۇ (سۇھزاق) كاربون (K) سۈپەتلىك، تەركىبىدىكى ئازوت (E) %30، ئوكسىگېن (O) %20، ھىدروگېن (H) %10، دود (ئۇجماق) سۈپىتى ئوكسىگېن (O)، تەركىبىدىكى ئازوت (E) %20، كاربون (K) %20، ھىدروگېن (H) %15.

3) جانلىقلارنىڭ قۇش (ئۇچۇق) ۋە قۇرت (ماگارلىق، سۇزەرلىك) جانلىقلار تەركىبىدىكى ئېلېمېنت (ئاتوم) نىسبەتلىرىدىن نەقىل. (دىققەت. يۇقىرىقى مىسال پەقەت مەنتىقىي تەسەۋۋۇر تۇتقۇسى ئۈچۈن نەقىل قىلىنغان) ۋەھالەنكى، ئەمدى مەۋجۇتلۇق ئەمەلىيىتىدىكى ھەقى-

قەت سىرلىرىغا كەلسەك، قۇشلار نېمە ئۈچۈن ئۇچالايدۇ، بېلىقلار نېمە ئۈچۈن سۇ بەھرىدە ياشىيالايدۇ، قۇرت ـ قوڭغۇزلار نېمە ئۈچۈن تۇپراق قېتىدا ياشىيالايدۇ؟ دېگەن مۇئەمما ھەممىنى جەلپ قىلىدۇ. مۇشۇنداق جەلبىيەت بىلەن يۇقىرىدىكى تۇتقۇ نەقلى مىسال بىلەن سېلىشتۇرساق، ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالىدىغان ئىلھام چىقىدۇ. مەسىلەن، قۇشلارنىڭ، تەپ، يەل، تەر، تەن قاتلىمىدا ھىدروگېن (H) ئاتوم زەرەتلىرى مىقدارى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن زورۇقماي ئۇچىدۇ.

مۇئەمما: ئەجەبا، بىرخىل ئاپتاپ، بىرخىل ھاۋا، بىرخىل تۇپراق ئارىسىدا تۇرغان بۇ ئۇچقۇر جانلىق نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ ھىدروگېن (H) تەركىب كۆپ ئىكەن، ئۇنى تاللاپ ئالالايدىغان ئىقتىدار سىرى نەدە؟ مەزكۇر مۇئەمما مۇنداق قىياسنى ئىلھام قىلىدۇ. ئۇچۇق (قۇشلار)، نەفەسلىرىدە ھىدروگېن (H) شىمىرىپ ئوكسىگېن (O) چىقىرامدۇ؟ ئىنسان ۋە ھايۋان، ئوكسىگېن (O) شىمىرىپ كاربون (K) چىقىرامدۇ؟ ئۆسۈملۈك كاربون (K) شىمىرىپ، ئازوت (E) چىقىرامدۇ؟ بۇنداق سىرلارنى بىئولوگلار، فىزىئولوگلار تېخنىكىۋى ئۈسكۈنىلىرى مۇكەممەللەشكەنسېرى ئىسپاتلىشى مۇمكىن. بىزمۇ ئىمكانىمىز دائىرىسى ئىچىدە تەققاسلاپ كۆرەيلى. مۇقەددەس رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە، ھەزرىتى ئادەمنىڭ 6ـ 7ـ 8 ـ ئەۋلادى زامانىغا كەلگەندە، ھەزرىتى ئادەمنىڭ «گۇناھى ئەزەل» سىرىنى بايقاپ تۈزىتىشكە تىرىشقان دېيىلگەن ئىكەن. بۇ ئەۋلادلار سۇس، ھۇد، نۇھ ئىكەن. رىۋايەت ئالدى بىلەن تەسەۋۋۇر (تەپ) كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ « بىئوئېلېكترون» بولغانلىقى ئۈچۈن «ۋەھدەت» (جەسەت) ھالەتتە دىققەت قىلساق، سۇس 6 نىسبەت كاربون، ھۇد 7 نىسبەت ئوكسىگېن، نوھ 8 نىسبەت ھىدروگېن سۈپەت بولىدۇ. ئاندىن نەفەس بىلەن پەۋەس رىتىملىرىغا «غەۋۋاسلىق» قىلساق، سۇس ـــ ئېزىق ۋە تاڭلايدىن چىقىدىغان شۆلگەي سۈيۈقلۇقى بولىدۇ. بۇنى يۇتۇۋېتىپ دىققەتنى دىماغ (قۇشلاردىكى مىنقات) يەنى بۇرۇن ئاستىدىكى قەۋەتكە دىققەت قىلساق، «ھېقىقلىغان يەل» ئۆزگىرىشلىرى بولۇپ ھۇد سۈپەت ئېچىلىدۇ. ئاندىن باش قېپىمىز ئىچىدىكى قۇلاق بىلەن كۆز ئارىسىدىكى مېڭە قاتلىمىنى تەسەۋۋۇر قىلساق، نوھ سۈپەت ئېچىلىدۇ. (يەنى بۇ چاغدا ھود بىلەن نوھنىڭ يېنىك لەيلەشلىرى، تەسەۋۋۇرى ئېچىلىدۇ.)

4) يەكۈن: تەپ (تەسەۋۋۇر) نىڭ ھىدروگېنلىق (H) خۇسۇسىيىتى بار بولۇپ، قۇياشنىڭ يورۇق دولقۇنلىرى بىلەن زەرەتداش.

ئەمدى تۆت تىپ تەسەۋۋۇرنىڭ تۆت پەسىل نەقلىگە دىققەت قىلايلى. نەپرەت ـ قىش پەسلىگە، غەيۋەت ـ كۈز پەسلىگە، ھەسرەت ـ باھار پەسلىگە، شەپقەت ـ ياز پەسلىگە ئوخشايدۇ.




ھېكمەت: «يەل» نىڭ (تەلەپپۇز ۋە تەرەننۇمنىڭ) تاۋۇش بوغۇملىرى ئىچىگە ھەسرەتلىك، مىسكىن تەرەننۇم (تەلەپپۇز) كىرىپ، «تەپ» (تەسەۋۋۇرنىڭ) كەڭرى ئۇپۇقلىرىنى چاقنىتىشى بىلەن خۇددى باھاردىن كېيىن باشلىنىدىغان ياز پەسلىدەك ئاپتاپ ھاۋا بەھرى پارلاق، رەڭلىرى بىلەن چاقناپ تۇرغان ۋادىلار ھىدروگېن بىلەن تەندىكى «نەم» قاپچۇقلىرىغا كىرىشكە باشلايدۇ.

ئەمدى «تەن» (شەخسىيەتنى) ئەل (جەمئىيەت) ئىچىگە قويۇپ كۆرەيلى. مەزكۇر سخېمىدىكى ئۈستۈنكى ئۈچ بۆلۈكدىكى ئون قەۋەت دۇنيا، قىتئە (ئىقلىم) دۆلەت، ئۆلكە، ۋىلايەت، ناھىيە يېزا، كەنت، مەھەللە، (ئائىلە)، بەدەن دېگەن ھوقۇقى غۇرۇرى كاتېگورىيە. تۆۋەندىكى بۆلۈك بەدەن (مېڭە) ئىچىدىكى ئون زېھنىي قەۋەت.

✳ (X) شەكىل ماكرو ۋە ياكى مىكرو شەكىل نەقلىدە ئىنسان روھىدىكى (تەپ ۋە يەلدىكى) مەسئۇلىيەت ۋە مەپتۇنىيەت خاراكتېرىنى ئىپادە قىلىدۇ. ئەلۋەتتە مەپتۇنىيەت ۋە مەسئۇلىيەتتە ئېستېمال ۋە ئىختىرا نىسبەتلىرى بولىدۇ. بۇنداق X شەكىل بىر چېكىت ئىچىدە بەلكى يۇقىرىقى نىسبەتلىرى ئون قەۋەت پەلەك نەقلىدىكى ھوقۇقى قاتلام سىزىقلىرىنىڭ ھەممىسىدە مەۋجۇت X شەكلىنىڭ تۆۋەندىكى بۆلۈك ∧ تۆۋەندىكى بۆلۈك شەكلى مەسئۇلىيەتنى ئىپادە قىلىدۇ ، يەنى ھەر قانداق ئىنسان ھوقۇقى ئاستىدىكى بۆلۈكگە مەسئۇلىيەت سېزىملىرىدە بولىدۇ. ∨ شەكلى مەپتۇنىيەتنى ئىپادە قىلىدۇ. يەنى ھەر قانداق ئىنسان ئۆزىدىن يۇقىرىدىكى ھوقۇقى قەۋەتلەرنىڭ ئېستېمال، ئىختىرا ئىمكانىيەتلىرىگە مەپتۇن بولىدۇ. بۇنداق X شەكلى نەقىل يۇقىرىقى شەكلى ئوتتۇرىسىدىكى يەنى ئونىنچى قەۋەت سىزىق بەدەن نۇقتىسى بولىدىكەن، مەسئۇلىيەت مەپتۇنىيەت بەدەن ئىچىگە ۋە مېڭىگە مەنسۇپ بولىدۇ. بۇ ۋەھدەتنىڭ «جەسەت» لىك دەرىجىسى. بۇنداق X شەكىل بۆلۈك قەۋەتلىرىنىڭ 5 ـ، 6 ـ ياكى 7 ـ ، 8 ـ قەۋەتلىرىدە بولىدىكەن، بۇنداق مەپتۇنىيەت بىلەن مەسئۇلىيەت جەمئىيەت مەزمۇنىغا ئىگە؛ جىسمىي (ماتېرىيىۋى) سۈپەتكە لايىق بولمىغان ھېسسىي ( ئېنېرگىيىۋى) «پەرىلىك» دەرىجىسىدۇر. ئەمەلىيەتتە بۇنداق X شەكلى

نەقىل باش قېپى ئىچىدە ئىككى قەۋەت مېڭە قاتلىمى ئارىسىدىكى «تەپ» بىلەن «يەل» مەسىلىسىدۇر. پۈتۈن بەدەندىكى قەۋەتلەر تەرەپلەردىكى يۈز رەقەم نەقلىدىكى بىئوماتېماتىك تەڭلىمە، تەڭسىزلىك، تەكشىلىك، تەكشىسىزلىك مەسىلىسىدۇر. بۇ مەسىلىنى تارىخى (زامان) مانىخى (ماكان) بويىچە تۆۋەندىكى سخېما ئاساسىدىن كۆرەيلى:




مەزكۇر شەكىل يەر يۈزى ماكان ۋە تارىخىي زامان نەقلى mu نۇقتا:

مۇسا زامانىدا يەنى مۇقەددەس كىتابتا ئۇ ئالەملىك بوشلۇق باغرىدىكى مەۋجۇدىيەتنى ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسىدىكى خۇدا مەزمۇنى بىلەن پەردىلەپ قويىدى. بوشلۇق مەزمۇنى ئۇنىڭدىكى سۇبيېكتىپ روھلۇق ئىدى. زامانلار ئۆتۈپ ئەسەر زوقمەنلىرى ئاسمانغا قارىغاندا ئاسماندىكى بوشلۇقنى ئەمەس، ئاشۇ قەدىمكى «روھلۇق»نى كۆرمەكچى بولاتتى. شۇنداق قىلىپ ئالەملىك بوشلۇقتىكى «تۆت تادوم» لۇق مەۋجۇدىيەت مەۋھۇمىيەت بولۇپ قالغانىدى.

mA نۇقتا ماركس زامانىغا كېلىپ، مۇقەددەس كىتابتا، ئالەملىك تەبىئەت دىئالېكتىكىسى. تۆت تادوملۇق يۇلتۇزلار، زەررىلىرى تۇمانلىقى ئېچىلدى. پەن دىن ئورنىنى ئېلىشقا باشلىدى. مۇقەددەس كىتابتا، پەيغەمبەر قوي باققۇچى ئىدى. ئىككى خىل ئىنسانى تەبىئەت چوپان بىلەن پادا نەقلى قىلىنغانىدى. سەل ئېچىۋەتسەك ئىت بىلەن قوي نەقلى بولغانىدى. mA نۇقتا بولسا ئۆزىنى ھوقۇقمۇ، مۈلۈكمۇ، غۇرۇرمۇ بولمىغان بىر ماتېرىيە (ئېنېرگىيە) ئورنىغا قويماقچى بولدى. نەتىجىدە تەبىئەتنى ئەسلىيەت بىلەن تەكشۈرمەكچى بولغان ماركس يولىنى تەبىئەتكە جارى قىلغان ئېينشتېين «ئاتوم دەۋرىنىڭ ئاتىسى» بولۇپ قالدى.

مانا ئەمدى دىندارلار تەگرى ئىنسان بىلەن قۇشلارنى بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمايدىغان مۇتلەق ئىككى ئايرىم سۈپەتتە ياراتقان، بۇنى ئىنسان ئەقلى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن ئەمەس دەيدىغان رىۋايەتلەر ئورنىنى ئىنسان ئىستېمال قىلىدىغان ماتېرىياللار تەركىبىدىكى ھىدروگېن (H) نىسبەتلىرىنى قانداق تەڭشەش مۇمكىن دېگەن مەپتۇنىيەت ئىگىلىدى.

ئەمدى يۇقىرىقى شەكلى نەقىل بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، ئىنساننىڭ بەدەن ئەمەلىيىتىگە مەنسۇپ بولمىغان ھوقۇقى غۇرۇرى قەۋەتلەردىكى X (مەسئۇلىيەت بىلەن مەپتۇنىيەت) دىكى «تەپ» نىڭ زەرەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە قارىساق، ھىدروگېن (H) ئۇچۇپ كېتىپ كاربون (K) قۇچۇپ قېلىش نىسبەتلىرى بولىدىكەن. غۇرۇرى «ئوچۇق» تەدرىجىي «قۇرت» بولۇش سەۋەبى ئىكەن. ئەكسىچە X شەكىل قانچە تۆۋەنلىگەنسېرى «قۇرت» تەنگە ھىدروگېن قونۇش نىسبىتى («ئۇچۇش» نىسبەتلىرى) كۆپىيىدىكەن.

مىسال بالىلىق، ياشلىق يىللىرىمدا دائىم ئۇچۇپ چۈشەيتتىم. قېرىغانسېرى بۇنداق چۈشلەرنى كۆرمەيدىغان، قۇرت، يىلانلارنى چۈشەپ قالىدىغان بولدۇم. سېلىشتۇرسام بالىلىقنىڭ تەبىئەت باغرىدىكى كۈنلىرىدە ئاپتاپتىن كېلىدىغان ھىدروگېن نىسبەتلىرى كۆپ بولغان ئىكەن.

قەدىمكى دەۋرلەردىلا، كۆكتۆل دەقىقە «ئالەمنى كېزەر» دېگەن گۇمانلىق ھۆكۈم مەۋجۇت ئىدى. ھازىر « گېنو ئىنتېرنېت» مىساللىرىدىن كۆكتۆل دېگەن «تەپ» بىلەن «يەل» نىڭ «بىئو ئىنتېرنېت» ھادىسىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەك تەس ئەمەس.

ئەپسۇسكى، يادرو دولقۇنلىرىدىن يەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەرتىپى رىقابەت ۋىرۇسلىرى تەرىپىدىن بۇزۇلماقتا. ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى، ئۇنىڭمۇ مەنبەسى بولغان تەندىكى ئىدېئولوگىك تەرتىپمۇ «جانرو» دولقۇنلىرىدىن بۇزۇلماقتا. دېمەك: ئىنسان ئۆزىنىڭ جانرو ئامانلىقى ۋە ئۇزۇن ياشاش لازىملىقىنى بەخت دەپ قارىسا، ماھۇم قانۇنلىرىغا ئەستايىدىل بولۇشى لازىم.

خېرىدارىم. مېنىڭ سېنى ئالداش ئېھتىياجىم يوق، مەن مۇشۇ ئاخىرقى ئۆمرۈمدە قۇشتەك «ئۇچۇش» سىرىنى ئېچىپ ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈنلا خالىساڭ ئورتاقلىشىش ئارامى ئۈچۈنلا رىيازەت چەكمەكتىمەن. شۇنچە جاپالىق (شىددەتلىك) ھەرىكەت قىلغۇچى قۇشلار نېمە ئۈچۈن ئاراملىقى، راۋانلىقى بىلەن بەختلىك بولغاندۇ؟

## ئىككىنچى بۆلۈم «ماھۇم» نەزىرىدىن نىسبەت (مېدىتسىنا) ۋە ھېكمىيەت (ئىسمىستىكا) مۇناسىۋەتلىرىدىن بايان

## 1 - باب ئۆمرۈمدىن ئەسلىمە

مەن 1954 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ كۈنلىرىمنى ناھىيلىك دوختۇرخانىدىكى ئائىلەمدە، كېسەللەر ۋە دورىلار ھىدى، بەلكى مىكروبلىرى

ۋە ئۇنى تۇگەتكۈچى ئىسپىرتلىق ئارىسىدا ئۆتكۈزگەن. ئۆيىمىزدە تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان، روس ئالىملىرى تۈزگەن چوڭ ھەجىملىك «ئاناتومىيە» دېگەن بىر كىتاب بار ئىدى. پات ـ پات رومان ئوقۇغاندەك ئوقۇپ قوياتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1953 ـ يىلى مارت كۈنلىرىدە نامەلۇم قىزىتما (تەپ كېسىلى) ئارقىسىدىن بەدىنىمنىڭ نۇقتىلىق تېرە مەيدانلىرىدا «ئاق چېكىت» پەيدا بولۇپ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تاكى 1990 ـ يىللارغىچە كۆرۈنمىگەن تېۋىپ، ئىزدەنمىگەن دورىلار قالمىغانىدى. ئاخىرى «نوھ» نىڭ ئۈچ ئوغلى سۈپەتلىرىنى بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپ ئۆتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئەپسۇس ئەمدى «سام» بولدۇم دېسەم، «ياپ» نىڭ ئىچى قايناپ «قاپ چېكىتلىرىنى» مەگزىمگە چەكمەكچى بولدى.

بىر ئۇران «مەدەن» كۆيمەكتە، بۇرۇن ئاپتاپتا چىرايلىق ھىدروگېن جىمىرلايتتى... ئەمدى ئېلېكتر چاقماقلىرى رادىئاكسىيە چىقارماقچى يادرو تىزگىنلىگۈچى تۇرۇبىلار يولغا كىرسە ئاجايىپ دۆڭگاتېللار ھەرىكەتكە كېلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك دەرۋاز ئېھتىيات تاناپى ئۈستىدە تابھاچ تەگلىمىسىدە ماڭماقچى.

X X

مەزكۇر تېبابەت ۋە ھېكمىيەت توغرىسىدىكى تېما ئۈچۈن ئىككى ئىلھام چۈشكەنىدى. بىرى «قۇتادغۇبىلىك» دە: تېۋىپلەر ئىلىك ئالماس ھېكىملەر سۆزىنى، ھېكىملەر ئىلىك ئالماس تېۋىپلەر سۆزىنى» دېگەن مىسرا، بولسا، يەنە بىرى «مەكتۇبات» كىتابىدىن كۆرگەن، پەخرى رازىنىڭ ئىبن سىنانى تەنقىد قىلىپ: «سەن خۇددى ئۇششاق باللار شېغىل تاشلارنى تىزىپ ئارقىسىدىن بۇزۇپ ئوينىغاندەك ئۆمرۈڭنى بىھۇدە زىيان ئىچىدە ئىسراپ قىلىۋاتىسەن» دېگەن سۆزى ئىدى.

ھازىر رادىئو ـ تېلېۋىزورغا دىققەت قىلسىڭىز، خۇددى ئىنسانىيەتنىڭ ھەممىسى بىماردەك، ياكى سۆزلەش ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگە بولۇپ قالغان بىمارلارنىڭ ئىچى قايناپ «سەنمۇ بولغىن مەندەك» دەپ ئىنسانىيەتنى بىمار قىلماقنى قەستلەۋاتقاندەك، تېتىقسىز ۋە زېرىكەرلىك ھەتتا زەھەرخەندە دىئاگنوز سۆھبەتلىرىنى ۋە دورا داڭلاشلىرىنى، مەلۇم دورا نۇسخىلىرىدىن ئىستېمال ماتېرىياللىرىنى ياسىۋالغان شىركەتلەرنىڭ مونوپولىيە رىقابەتلىرى ئۈچۈن جان تىكىپ «تېلېۋىزور ئېكرانىدەك» يادرووۋى لاپىلداشلىرىنى كۆرۈپ ئاڭلاپ تۇرىسىز.

ئىقتىسادى ۋە ھېسسىياتى ساھەدىكىلەرنىڭ جان ئورنىغا مال ھەۋەسلىرى تۇپەيلى جانلىرىنى بەدەل قىلىۋاتقان رىقابەتلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، جان ئۈچۈن مالنى دەسمايە قىلىدىغان تېبابەت ۋە ھېكمىيەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ بازىرى كاسات بولۇشتىن ئەنسىرەپ تېخىمۇ نۇرغۇن بىمارلارنىڭ كۆپىيىشىنى ئارزۇ قىلىشلىرى زادى قانداق بىمارلىق؟

ئىقتىسادى، ھېسسىياتى جىنايەتلەر ئۈچۈن، دۆلەت ۋە دۇنياۋى قانۇنلار بار ئىكەن، ئەمما ھېسابىنى قىلىش مۇمكىن بولمىغان تېبابەت ۋە ھېكمىيەت جىنايەتلىرىنى ھەل قىلغۇچى تەبىئەتنىڭ ئىلاھى قانۇنلىرى نېمە؟

## 2 ـ باب ئۇقۇم مۇناسىۋەتلىرى بويىچە بايان

تېبابەت دېگەن ئۇقۇم لاتىن تىلىدا مېدىتسىنا دېيىلىدۇ. بۇ ئۇقۇمنىڭ مەنىسى روھى (تەپ يەل) سىستېمىسى بويىچە يۇيۇنۇپ تارىنىش دېگەنلىك بولىدۇ. تېبابەت سۆزى بولسا، «تەپ» جان ھارارىتىنى بىلىش، تەگشەش ۋە تەكشىلەش دېگەنلىك بولىدۇ.

ھېكمىيەت دېگەن ئۇقۇمنى لاتىن تىلىدىكى ئىسمىسكا (ئىستېتىكا لىراگىدىك ھېس) بىلەن مىستىتىكا (تراگېدىك ھېس) بىرىكمىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئىستېمال تىلىدا ھېكمىيەت، پەلسەپىۋى ئەخلاقى ئەھۋالى مۇكەممەللىك سىرلىرىنى بىلدۈرۈش دېگەنلىك. بۇ سۆز ھەكىم ـ ھاكىمغا تۇرلىنىپ ئىنسانلىق ئۈچۈن يېتەكلىگۈچى قىممەتكە ئىگە بولىدۇ.




ئەگەر ئىككى ئۇقۇم مۇناسىۋىتىنى تەمسىل قىلساق، بىر ئۇنىۋېرسىتېت تەركىبىدە تېبىلوگىيە ئىنستىتۇتى بىلەن فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى مۇناسىۋىتىگە ۋە ياكى بىئولوگىيە، ئىدېئولوگىيە پەنلىرى مۇناسىۋىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

تارىخىمىزدىكى مەدرىسە ئىلىملىرىدە مەۋلىۋى دەرىجىلىكلەر ئىككى خىل ئىلمىي سىستېمىسىنىڭ ساھىبلىرى بولاتتى. بۇ ئىككى ئۇقۇم مۇناسىۋىتىنى فورماتىك شەكىلدە ئىپادە قىلساق، ھازىرقى تىلىمىزدا تېۋىپ (دوختۇر) ھېكىم (ئوپتۇر) مەسىلەن، تېۋىپ (دوختۇر) ئالدىدىكى بىر بىمار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەسەر. ھېكىم (ئوپتۇر) ئالدىدىكى بىر ئەسەر ئۇنىڭ ئۈچۈن بىمار.

مەسىلەن، تېۋىپ (دوختۇر) بىر بىمارنى بىلمەكچى، داۋالىماقچى بولغاندا، ئۇنىڭغا مەۋھۇم ھېكىم (ئوپتۇر) ئۇ ئالىيجاناب ئىنسانمۇ؟ ياكى ئالدىدىكى «تاپ» (جەسەتنى) يېمەكچى بولغان ئوۋچى پىرمانمۇ؟ دەپ قاراپ باھالاپ تۇرىدۇ. بىر

ھېكىم (ئوپتۇر) ئالدىدىكى بىر ئەسەرنى ئوقۇش ياكى يېزىش ۋاقتىدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان تېۋىپ (دوختۇر) ئۇنىڭ «تەپ»، «يەل» سىستېمىسى بۇزۇقمۇ؟ قانداق؟ دەپ قاراپ تۇرىدۇ.

ئادەتتە «تېۋىپلار (دوختۇرلار) بىز ئىنسان تېنى نېمە يەنى فىزىئولوگىك قۇرۇلمىسى بىلەن دورىلار ئۈچۈن تۇ، سۇ تىپىدىكى ماتېرىيىۋى ئېلېمېنتلار بىلەن ھەپىلىشىشنى كەسىپ قىلغان» دەيدۇ. ۋەھالەنكى، «تەن» بىلەن «نەم» ئىچىدىكى يەل بىلەن تەپ ھېكىملەر (ئوپتۇرلار) كەسپى مەسىلىسى. تۇ (تۇپراق)، سۇ(سۇھزاق)ئىچىدىكى دو (ئۇجماق) خو ئىچىدىكى فۇرلاق، يەنى ماتېرىيە ئىچىدىكى ئېنېرگىيە مەسىلىسىدۇر.

رىۋايەتلەردە تېۋىپلىق ۋە ھېكىملىق مەنبەۋى ئۇستازى دېگەن پەيغەمبەر لوقمان ھېكىم (بەزىدە خىزىر ئەلەيھىسسالام ئەسلى) زىنداندا ياتقان، زىنداندىن چىققاندىن كېيىن ئالدىغا ئۇچرىغان بارلىق ئوت ـ چۆپ سىستېمىسى، ئوتخور، گۆشخور سىستېمىسىدىكى جانلىقلاردىن ئىلھام چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ قانداق كېسەلگە داۋا ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان دېيىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى بۆلۈمدە شەكلى نەقىل قىلغان ⊕ كاتەكچىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلساق، تۆۋەنكى بۇلۇڭنىڭ ئاستىدىكى چېكىت «زىندان» دېگەن بولىدۇ. زېمىن تېشى ۋە زېمىن ئىچىدىكى سەككىز قەۋەت تۆرت تادو ئالەمدىن كەلگۈچى ئىككى خىل دولقۇن تەسىرى بىلەن جەمئىي ئون ئۇقۇملۇق قۇرۇلما مەركىزىدىكى ئەقىل (تەپ) ئەينىكىدە تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئاتومسىمان «يادرو ۋى (جانرو) سىستېمىلىرى كۆرۈنىدۇ.

تىرىكچىلىك موھتاجلىقى ئۈچۈن تۇپراق تەركىبىدىكى ھەممە ئېلېمېنتنى تەققاس قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ «تەن» دىكى «تەپ»، ئۇستۇنكى بۇلۇڭ ئۇستىدىكى يۈكسەك نۇقتا، ھەتتا پادىشاھلارمۇ تېۋىنغۇچى «ئىلاھى» مەزمۇن بولۇپ قالىدۇ.

مەلۇم بولۇشىچە، 15 ـ ئەسىردە 1500 ـ يىلدىن بۇرۇن ئەلىشىر نەۋايى نامى بىلەن «مەنتىقۇتتەيىر» داستانىنى يازغان بولۇپ، 1500 ـ يىلدىن كېيىنكى «مەختۇمى ئەزەم» نامى ئاستىدىكى ئىبراھىم يۈسۈپ تەخەللۇسى بىلەن بۇرۇنقى «مەنتىقۇتتەيىر» نىڭ داۋامىغا لوقمان ھېكىمنىڭ ئوغلىغا نەسىھەتلىرى دېگەن مەزمۇننى قوشقانىكەن.

كەمىنە بۇ سىرنى تەققاسلاپ، نېمە ئۈچۈن «مەنتىقۇتتەيىر» مەزمۇنلىرىنى لوقمان ھېكىم نەسىھەتلىرى بىلەن باغلاپ قويغاندۇ؟ دەپ دىققەت قىلسام:

سۇمۇرغ ــ ئالەملىك بوشلۇق (تۆرت تادوم)، ئەنقا ــ ئاتومدىكى ۋاكۇئۇم نەقلىگە توغرا كەلدى. 14 خىل قۇشنىڭ ھۆپۈپ يېتەكچىلىكىدە تىنماي پەرۋاز قىلىشى كېچە ـ كۈندۈز تىنماي ھەرىكەت قىلىپ تۇرغان يۈرەك بىلەن ئۆپكىگە توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ھېكمەت قۇشلىرى پىچىرلاپ يۇقىرىدا سىزىلغان كومپيۇتېر مېڭە ۋە دۇگاتېل بەدەن قاتلاملىرىدىكى سىستېمىنى 400 ئۇقۇمغا كۋادراتلاپ ئاخىرىدا توغرول قۇشنىڭ چىرايلىق تەرەننۇمى بىلەن دېدىكى، كىمكى تەن سىستېمىسىدىكى رەقەمنى ھەتتا 399 قىلىپ قويىدىكەن، بىلەلمەسلىك خاتاسىنى ياكى دۈشمەنلىك قىلىش جاپاسىنى قىلغان بولىدۇ. خاتا قىلماسلىقىڭ ئۈچۈن بىزنى 400 قۇش چاغلاپ دائىم تېۋىنىپ ئىلھاممىزغا سېغىنىپ تۇرغىن دېدى.

## 3 ـ باب تېبىبىي دىئاگنوز بىلەن ھېكمى مۇلاھىزە جەھەتتىكى ئوخشاشلىق بويىچە

تېۋىپ (دوختۇر) نىڭ بىرەر خىل بىمار كېسىلىگە دىئاگنوز قويۇشى ۋە دورا تەييارلىشى بىلەن، ھېكىم (ئوپتۇر) نىڭ بىرەر مەسىلىنى مۇلاھىزە (تەتقىق، تەپتىش) قىلىشى ۋە ئەسەر يېزىشى ئوخشاپ كېتىدۇ. گەرچە تېۋىپ كونكرېتنى بىر بەدەن بىلەن، ھېكىم ئومۇمىي ۋەتەن مەسىلىلىرى بىلەن ھەپىلەشكەندەك كۆرۈنسىمۇ، تارىخى (زامان) ماندىخى (ماكان) كۋادراتلىرىدىكى دىئالېكتىك نەزەردە، بىر كېسەل بەدەن ئارقىسىدا بىر ۋەتەن (جەمئىيەت) ئاستىدا بىر بەدەن مەسىلىسى مەۋجۇت.

تېببىيەت ۋە ھېكمىيەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى تارىخى ۋە تاكى تېببىي ۋە ھېكمى تۇيغۇلار باشلانغان قەدىمكى دەۋردىن باشلاپ قارىغاندا يېزىلغان ئەسەرلەر تاغدەك تۇرغۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىرەر تېۋىپ (دوختۇر) ھېكمى (ئوپتۇر) دۇنيانى كېزىپ ئوقۇسىمۇ ئوقۇپ بولالمايدۇ ۋە مەزكۇر تېمىدا تاغدەك ئەسەرلەر مەزمۇنىنى تەكرارلاپ بايان قىلىپ بولالمايمىز. ئەمما، ئابستراكتلاپ ۋە مەنتىقىلەپ، ئومۇمىي ئورتاق مەسىلەرنى ئەسلىمەي بولمايدۇ.

يەر شارىنىڭ چەمبەر شەكلىدىكى نۇسخىسىغا قاراپ تۆت پەسىل ۋە ھەر سوتكا چەمبىرىدىكى 8 ۋەسىل كاتەكچىسىنى سىزىپ، ئاندىن بۇنى«گلوبۇس»

نىڭ پاراللېل، مېرىدىئان كاتەكچىلىرى بىلەن قاپلاپ قارىساق، يەرشارى ھەركاتەكچىدىكى ئىقلىم بىلەن «خىلىت» مەسىلىلىرى كېلىپ چىقىدۇ. يەنى ئاپتاپ ئوخشاش بولسىمۇ، «تۇپراق» ئېلېمېنتلار تەركىبى پەرقلىرى تۈپەيلى، ئارىسىدىكى ئىقلىم ئالاھىدىلىكى بىلەن جانلىقلارنىڭ خىلىت قاتلاملىرىدىكى ئالاھىدىلىك شەكىللەنگەن.

ھازىر ئالىملار يەر شارىدىكى جانلىق ۋە ئىنسان ئۈچۈن «گىنادى ئاتلاسى» ئىشلىمەكچى. بۇ نېمە گەپ؟ مەسىلەن، تېلېۋىزور بۇزۇلسا، رېمونت قىلغۇچى سخېما خەرىتىسىنى ئېچىپ، تېلېۋىزورنىڭ «تاختايلىرى» يۈزىدىكى سىم ۋە ۋىن» نۇقتىلىرىنى ئامپېرمېتىر بىلەن تەكشۈرىدۇ. ئالىي بىئو خىمكال ئىنسان ياكى «ئىنسانسىمان دۆنگاتېل» ياسىماقچى بولغان ئالىي تېخنىكا ئورگانلىرى ئىنسان بەدىنىدىكى قاتلاملىرىدىكى مىكرو قەۋەتلەرنىڭ ماكرولاشقان ئېكرانلىرىغا قاراپ، ھۈجەيرىدىكى «تەنچە، نەمچە، يەلچە، تەپچە» قاتلاملىرىنى تەتقىق قىلماقتا.

بۇ قانداق ھادىسە؟ خۇددى تەبىئەت تارىخىدىكى، پىرامانىيەت ئىچىدىكى ئىنسانىي ئامىللىرى بولغان گۆشخور پىرماندىن ئىنسانىيەت تارىخى باشلانغاندەك ئاشۇ گىناد ئالىملىرى ئۆمرىدىنمۇ ئۇزۇنراق بولىدىغان« غايىۋى ئىدىيە» ئاشۇ «ئالىملار» نى ياسالغۇسى «خىمكاللار» نىڭ ئىستېمال يەمچۈكى قىلىپ، خىمكال ئېھسانىيەت دەۋرىنى باشلىماقچىدەك قىلىدۇ.

ۋەھالەنكى ئاشۇنداق «خىمكال ئېھسانىيەت» كە «ئاتا ـ ئانا» بولماقچى ئالىملارنىڭ ھازىرقى ئۆزى خىللى، مىللىي، ئىللىي، ئىرقىي مەنپەئەت بويىچە «رىقابەت» ھېرىسلىرى بولسا، بۇنداق ۋىرۇسلار خىمكال ئىچىگە «جانىرو» بولسا، ئۇنداق خىمكال ئېھسانىيەت» نېمە بولماقچى؟

شۇڭا، بۇ تېمىدا «ئۇن ئىرادە» بويىچە «رىقابەت» ۋىرۇسلىرىنى يوقاتماقچى بولغان «دىيانەت» «پېنسىلىنلىرى» مەسىلىسىنى ئەسلەش مۇھىم. بۇنىڭدىن 30 يىل ئىلگىرىكى كىرىيىدىكى ۋاقتىمدا تېبابەت بويىچە پىشقان تېۋىپ، مېدىتسىنا بويىچە «ۋراچ» بولغان بىر بۇرادىرىم بار ئىدى. ئۇ شۇ چاغلاردا «جان سىرى» دېگەن بىر كىتابچە ئورىگىنالى ئۇستىدە ئىزدىنەتتى، ماڭا كۆرسەتكەنىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرى «تۆرت تادۇ»، «تۆرت خىلىت»، «تۆرت سېزىم» بويىچە «قۇرئى تەپەككۇر» ئىدى. ئاڭلىسام ئۇ بۇرادىرىم ئۇ دۇنياغا كەتكەنىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن خىيالىمدىن چىقمىغان بۇ سىستېمىنى تەققاسلاپ، مەزكۇر «ماھۇم تەلىماتى» يېزىلماقتا. ئالدىنقى بۆلۈمدە يېزىلغاندەك «تۆرت خىلىت»، («تۆرت سېزىملىق نەم») تۆرت سېزىم (تۆرت سىستېمىلىق يەل) بولۇپ ئەمدى تۆت سىستېمىلىق «تەپ» (ئەقىدەت) مەسىلىسىنى قوشۇشقا توغرا كەلدى.

بۇ سىستېمىنى تۆۋەندىكى كاتەكچىلەش شەكلى بىلەن ئەسلەپ قويايلى.

| پەسىل | باھار | ياز | كۈز | قىش |
|---|---|---|---|---|
| ۋەسىل | سەھەر | چۈش | گۈگۈم | تۈن |
| مىجەز | ھۆل ئىسسىق | قۇرۇق ئىسسىق | قۇرۇق سوغۇق | ھۆل سوغۇق |
| ئەقىدەت | ھەسرەت | شەپقەت | غەيۋەت | نەپرەت |

مەزكۇر كاتەكچىدىكى «ئۈن ئالتە» ئۇقۇملۇق كاتېگورىيىدىكى باغلىنىشنى بىلىش تەلەپ ئىكەن، «ھەلەپ» (ھەل بولۇشقا) يەتمەك ئارىسىدا جەمئىي «ئۈن ۋادا» لىق تەتقىق زامان ماكانى مەۋجۇت. يەنى «تەلەپ: ‹ئىشق، ‹بىلىم، ‹بىرلىك، ‹خاسلىق، ‹ھەيرەت، ‹پەقىرلىق، ‹ۋەھدەت، ‹غەيرەت، ‹ھەلەپ، (خۇددى يەلپۈگۈچ قاتلانمىسىدەك)» تەتقىق مېتودى بىلەن، نېمە ئۈچۈن «تۆرت ئەقىدەت» ئىدىنلاشقان ئۈن ئىككى ئۇقۇملۇق «تەبىئەت» بىلەن تاناسىپ كېلىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى قىسقىچە مۇلاھىزە قىلايلى.

ھەسرەت نېمە؟ ۋە نېمە ئۈچۈن باھار پەسلى، سەھەر ۋەسلى، ھۆل ئىسسىق بولىدۇ؟ قىشتىن كېيىن باھار، تۈندىن كېيىن سەھەر باشلانغاندەك نەپرەتلىنىش بىلەن بەدەن ۋە ئەقىل ھۆل سوغۇق بولىدۇ. خۇددى سوغۇق بىلەن ئېرىق ـ ئۆستەڭ مۇزلاپ ئېقىن راۋان بولمىغاندەك، نەپرەتلىنىش تۈپەيلى ئەقىل راۋان بولمايدۇ. يەنى «تەپ» راۋان ئەمەس ئىكەن، «يەل»، ئاندىن «نەم» راۋان بولمايدۇ. بارلىق قان تومۇر، يۈرەك، مېڭە، پارالىچ كېسەللىكى مېيىپلىق» قاتارلار باشلىنىدۇ.

دېمەك، ھەسرەتنىڭ سەۋەبى «نەپرەتلىنىش» ئىقلىمى (تەبىئەت ۋە جەمئىيەت) «ھەسرەت» بولسا، «نەپرەتلىنىش» تەقدىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بولغان مۇڭلۇق، غەمكىن، مىسكىن تەپەككۇر «ھەسرەت» كىشىنى تەنھالىق بىلەن تەبىئەتكە چىقىرىدۇ. كەڭ بوشلۇق، زېھنىيەت بوشلۇقى «ۋەھدەت» نى ئىلھام قىلىدۇ. ئەقىدەت ئىرىشكە، شەپقەتلىششنى ئىلھام قىلىشقا باشلايدۇ.

شەپقەت نېمە؟ ۋە نېمە ئۈچۈن ياز پەسلى، چۈش ۋەسلى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ؟ قۇياش ھىممەتلىك ۋە شەپقەتلىك يورۇقلۇقى بىلەن زېمىننى يورۇتقان «ئىلاھىي

پاكىت» ئىلھامى بولىدۇ. ئىلھام دەسلەپ ئەقىلنىڭ بەدەن ئىچىگە شەپقىتى بولۇپ كۆرۈنىدۇ. شەپقەتلىك « ۋەھدەت! ھۆجەيرە روھى، يەنى بەدەندىكى تەنچە، نەمچە، يەلچە» زەرەتلىرىدىكى دەقىقە ۋە زەررىنىۋى «ئىستىمال ـ ئىختىرا» بالانسلىقى بويىچە ھەم ئۆزىگە خاس ھەم بىر ـ بىرىگە ماس مەنىۋىيەت (كۆنزەن) نى كۆرسىتىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىلھام بەدەن سىرتىغا، X نەقلىدىكى مەپتۇنىيەت بىلەن مەسئۇلىيەت قاتلىمىنى كۆرسىتىدۇ. ئىچىگە بولغان شەپقەتلىك مەپتۇنىيەتنى، سىرتىغا، ئەتراپىغا، ھەر خىل ئەھۋاللارغا قارىتا شەپقەتلىك مەسئۇلىيەت تەرىقىسىدە كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن «يەل» پارلىنىدۇ، «نەم» جانلىنىدۇ، ياز ۋە چۈشتەك «قۇرۇق ئىسسىق» ئەقىدەت بولىدۇ.

غەيۋەت نېمە؟ ۋە نېمە ئۈچۈن كۈز پەسلى، گۈگۈم ۋەسلى ۋە قۇرۇق، سوغۇق بولىدۇ؟ مەلۇمكى كۈز پەسلى ۋە گۈگۈم پەسلىدە ھەم سۇلىشىشقا باشلايدۇ. دەل ـ دەرەخلەردىكى غازاڭلار بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلىدۇ. ھەممە زاپاس رىزقى ئۈچۈن تالاشماق بىلەن رىقابەت قىلىپ، زىيان ـ زەخمەت بىلەن ئىگراپ نائىلاج كامارلىرىغا كىرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شەخسىيەتلەر ئارا بىر ـ بىرىنى «تەنقىد» قىلغۇچى «غەيۋەت» جەمئىيەتلىرى ئارا جېدەل، «ئۇرۇش» تەبىيارلىق ۋەزىيەتلىرى، مەدەنىيەت (كۇلتۇر)، مەنىۋىيەت (كۆنزەن) رىقابەتلىرى ئەنە شۇنداق ماھىيەتكە ئىگە.

مانا بۇ مەسىلە زامانىمىزدىكى، جۈملىدىن تېماتىك مۇددىئايىمىزدىكى نۇقتىلىق مەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە توختىلاي:

مەسەل: بىر شىر قىيا ئۈستىدە تەنھا تۇراتتى، ئالدىدىكى ۋادىدا ئىككى ئىت «تاپ» (ھايۋان جەسىتى) نى تالىشىپ، ئۇرۇشۇپ، بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ باغلىنىپ قالغاندا، «تاپ» ئىگىسىز قالغانىدى. شىر كۆزىگە كۆرۈنگەن ئاشۇ «قارا» بىلەن چىقىرىشقان «سادا» دىن زېرىكىپ «كۆز قۇلىقىنى ئېتىپ» كەينىگە بۇرۇلۇپ، باشقا ۋادىغا قاراپ كېتىۋاتقان قوتازلارنى كۆردى ـ دە، ئۇۋلاشقا كەتتى.

ئەمدى، بۇ ئىككى سېلىشتۇرمىنى ئىككى كاتەكچە قىلايلى. بىر كاتەكچە ئىچىگە بىر چېكىت (شىرنى)، بىر كاتەكچە ئىچىگە ئىككى چېكىت (ئىت) نى قويايلى. مانا بۇ «دىيانەت» (ئۆگلۈك) بىلەن «رىقابەت» (ئۆزلۈك) تەمسىلى بولىدۇ.

خېرىدارىم دەرھال تەئەججۈپ بىلەن: تەبىئەتتىكى «شىر بوشلۇقى» بىلەن، جەمئىيەتتىكى «ئىنساننىڭ تەنھا بوشلۇقىنى» قانداق سېلىشتۇرۇش مۇمكىن؟ دېيدىغانلىقى تەبىئىي. جاۋاب: بەدەن ـــ مۇتلەق بىرلىك. بىر سوتكىنى 8 ۋەسىلىگە (سۈبھى، سەھەر، چاشكا، چۈش، پېشىن، گۈگۈم، خۇپتەن، تۈن) سائەتلىرىگە ئايرىساق، بەدەننىڭ ھامان تەنھا قالىدىغان مىنۇت، سائەتلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمئىيەتكە توقۇلغان «يەل» سىزىم ۋە «تەپ» تەپەككۇر ھامان تەنھا بەدەندىكى مېڭە ئىچىدىكى بىئو ئېلېكترونلۇق ھەرىكەت. دېمەك ئىنسان بىلەن رىقابەتلەشمەيدىغان رىزقى ۋە ھېسسىي ماتېرىيالنى ئىزدەش ئەركى، ھامان ئاشۇ ۋەسلى بوشلۇق» ئىچىگە بولۇپمۇ ئۆزگىلەرنىڭ ئېھتىياجىم يوق دەپ چىقىم (ئىختىرا) قىلىپ «تاشلىۋەتكەن» ماتېرىياللىرىغا مۆكۈنگەن. مەسىلەن، قۇشلار ئىنسانلار كېرەكسىز دەپ تاشلىۋەتكەن زامان ماكانلاردىن رىزقىنى تاپىدۇ.

ۋەھالەنكى، «غەيۋەتلەشمەسلىك»، «نەپرەتلەشمەسلىك» ئۈچۈن ئىزدىنىش دەقىقىلىرى ئۆزىدە كۈز، قىش ۋەسلى پەسلىگە ئوخشاش قۇرۇق سوغۇق، ھۆل سوغۇق ھالەتلەرنى ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىراق «ئۆزلۈكسىزلىك» ۋەسىل، پەسىل ئۆتۈپ تۇرغىنىدەك، باھار پەسلى بىلەن ياز پەسلىگە، سەھەر بىلەن چۈشكە ئوخشاش ھالەتكە ئۆتكۈزىدۇ.

تەبىئەتتە ھايۋان ـ ھاشاراتلارنىڭ دورىسىز، دوختۇرسىز ياشايدىغانلىقى دەل تالىشىشتىن دەرھال يارىشىش ۋە يارىتىشقا ئۆتۈش، «باھار» پەسلى، سەھەر «ۋەسلى» ھەسرەتلىرىنى دەقىقىلەپ ئۆتكۈزۈپ، دەرھال ياز پەسلى، چۈش ۋەسلى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇنداقلا مەزكۇر مىسال، ئىنسانلارنىڭ «ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ كېتىدىغان» مۆجىزىلىرى سىرىدۇر ۋە ھەقسىز رېتسېپ» دۇر.

ئەمدى مەزكۇر «رېتسېپ» نى ھېكمىيەت ۋە تېبىبىيەت تىلى بىلەن شەرھلەپ باقايلى. ھېكمىيەت بويىچە: بۇ مەسىلە «ئۆزلۈك» خاراكتېردىكى «مەقسەتپەرۋەرلىك» بىلەن «ئۆگلۈك» خاراكتېردىكى «ۋەھدەتپەرۋەرلىك» پەرقى بولۇپ يەكۈنلىنىدۇ. مەلۇمكى «مەقسەت» كەسپى (قەلبى) خاراكتېرگە ئىگە. بۇ «تەپ» تەن ئىچىدە «يەل» ۋە «نەم» دىكى «لوپا ئەينەك» كە ئوخشاش «قىزىق نۇقتا» ھاسىل قىلىپ، «نۇقتا» ۋە سىزىق قىلىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق كەسپكە، مەقسەتكە كېسەللىك خەۋپى مۆكۈنگەن، ئەكسىچە «ۋەھدەت» يوقلۇق «نۆل» (بالانس) خاراكتېرگە ئىگە. بەدەندە مىليونلىغان ھۈجەيرە روھى ئۈچۈن ئەركىنلىك بوشلۇقى مېتودى ۋە ياكى «تەبىئەت ئېكولوگىيىسى» چۈشەنچىسى بىلەن مەنىۋىيەت (كۆنزەن) ئېكولوگىيىسى توغرىسىدىكى «تەپ» تەپەككۇر دەقىقىلىرىدۇر، بۇنى تارىخىي جەھەتتىن سېلىشتۇرساق «ئۆزلۈك»

مەقسەتپەرۋەرلىك، فېئوداللىق ۋە بۇرژۇئازلىق ئىدېئولوگىيە، ئۆگلۈك «ۋەھدەتپەرۋەرلىك» دېموكرات ۋە پرولېتار خاراكتېرلىك.

تېببىيەت بويىچە، بۇ مەسىلىنى يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان كومپيۇتېر مېڭە بىلەن «دۆڭگاتېل بەدەن» سىخېمىسىنى ئەسلەپ يوغان كۆببۇلۇڭنى تۆت قەۋەتكە ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى كۆببۇلۇڭ قەۋەت مېڭە قاتلىمى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرىدىن ئىككى تىك سىزىق ئۆتكەن، ئاندىن ئىككى كۆز، ئىككى قۇلاق، ئىككى بۇرۇن، ئىككى تەرەپ ئېزىق، جەمئىي ئون ئۇقۇم. ئىككىنچى قەۋەت كۆب بۇلۇڭ بۇنىڭ ئوتتۇرىدا يۈرەكنىڭ ئىككى كلاپانى، ئاندىن ئىككى تەرەپ ئۆپكە قانىتىدىكى قان تومۇر ۋە ھاۋا يولى قاتارلىق قوشۇلۇپ ئون ئۇقۇم. ئۈچىنچى قەۋەت كۆب بۇلۇڭ غول (ئومۇرتقا ئىككى تەرەپ پەي پەر) سول تەرەپتىكى ئۇيقۇ بەز، قېرىن، تولۇق، پەي پەر، ئوڭ تەرەپتىكى ئۆت، تال، جىگەر، پەس پەر جەمئىي ئون ئۇقۇم، تۆتىنچى قەۋەت كۆب بۇلۇڭ: ئىككى تەرەپ مەقئەت، ئىككى تەرەپ مەزە، ئىككى تەرەپ سەرەت، ئىككى تەرەپ بۆرەك، ئىككى تەرەپ جىنسى، جەمئىي ئون ئۇقۇم.

بۇ تۆت قەۋەت كۆب بۇلۇڭ قۇرۇلمىدىكى «چېكىت»لەر ئەسلى تاناسىپ ۋە ئەكسى تاناسىپ دىئالېكتىك باغلىنىشقا ئىگە. خۇددى «ئىخلاسى سۈرە» سىدىكى ئەخەت، سەمەت دېگەن سەۋەب يەكۈن ئۇقۇملىرىغا ئوخشاش، مەسىلەن، باش بۇلۇڭدا كۆز بىلەن بۇرۇن ، قۇلاق بىلەن ئېزىق، چېكىتلىرى»، چات بۇ كۆب بۇلۇڭدا، مەقئەت بىلەن سەرەت، مەزە بىلەن جىنس (تەستەك) چېكىتلىرى ئەسلى تاناسىپ بولۇپ باش بىلەن چات ئەكس تاناسىپ ئىككى بەش «تەپ» بىلەن «يەل» ئېقىمى مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت.

بۇنداق كۆب بۇلۇڭ قەۋەتلىرىگە ئوخشاش بەدەن قاتلىمىدىكى ئايلانما راۋانلىقى 40 ئۇقۇم سىستېمىلىق تۆت يۈز بەلكى تۆت مىليارد ھۈجەيرىلىرىدىكى مىكرو كىرىم (ئىستېمال) چىقىم (ئىختىرا) ئەركىنلىكىنىڭ ئاساسى ئۇنىڭ ساقلىقى، «ئاغرىقلىقى» يۇقىرى «مەقسەتپەرۋەرلىك» ۋە ياكى ۋەھدەتپەرۋەرلىك ئەقىدەلىرىگەباغلىق مەنىۋىيەت(كۇنزەن) ۋەزىيەتلىرى مەسىلىسىدۇر.

## 4 ـ باب يورغىلاش، دورىلاش ۋە «يورغىلاش» مەسىلىلىرى بويىچە بايان

مەزكۇر تېما تېۋىپ (دوختۇرنىڭ) دورا ياساش مەسىلىسى بىلەن ھېكىم (ئوپتۇرنىڭ) بايان قىلىش مەسىلىسى جەھەتتىكى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرىگە قارىتىلغان. دورىلاش دېگەنلىك «تۇ»، «سۇ» كاتېگورىيىسىدىكى ماتېرىيەۋى (خىمىكلىق ئېلېمېنتلارنىڭ مىقدارى سۈپەتلىرى بويىچە ئىستېمال ماتېرىيالى ياساپ كېسەل بەدەنگە سىڭدۈرۈش دېگەنلىك. يورغىلاش (گەپ يورغىلاتما دېگەن مەنىدىن چىقىپ) تەپەككۇر ۋە تەلەپپۇز رىتىمىغا، يېزىق (تەبەررول) رىتىمىغا قارىتىلغان. مەسىلەن، ياسالغان دورا ئېغىز ياكى بۇرۇندىن بەدەنگە كىرىدۇ. يورغىلىغان رىتىم دولقۇنى قۇلاق ۋە كۆزدىن مېڭىگە كىرىدۇ. مەزكۇر تېمىدا تېببىيەت ۋە ھېكمىيەتتىكى دورىلاش ۋە يورغىلاش ماتېرىياللىرى، تەجرىبە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرىدە توختالماقچى ئەمەسمەن. بەلكى پەقەت رىزقى (ماتېرىيەۋى) ئىستېمال بىلەن ھېسسي ( ئېنېرگىيەۋى) ئىستېمال مەسىلىسىدە بايان قىلماقچى.

ئىنسانىيەتكە ئەڭ كۆپ تارقالغان «ئىنجىل» ھەمدە «قۇرئان» دىكى «ئىنجىل» تەسىرىدىن بولغان ئەيسا مەسىھ رىۋايەتلىرىدە «مەسىھ بىر نەزەر ياكى بىرنەپەس بىلەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەن ۋە ياكى ساقايماس كېسەللەرنى ساقايتىپ قويغان» دېگەن مۇبالىغە مەسىلىسى بويىچە گەپ باشلىساق، بۇ كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان «مۆجىزىلىك» مەسىلىلەردۇر. «ئىنجىل» تەپسىراتلىرى ۋە تەبلىغاتلىرىغا دىققەت قىلدىم. لېكىن نېمە ئۈچۈنلۈكى ۋە مەسىھتىكى ئىقتىدار سىرى ھەققىدە گەپنى كۆرمىدىم. تارىخىمىزدىكى بەزى مەلۇماتلارغا قارىسام ئەۋلىيا، ماشايىخلاردىمۇ بۇنداق گەپلەر بار ئىكەن، خەلق ئارىسىدىكى ئەملەمچى (سۈگلامچى) ئەمەلىيەتلىرىگە دىققەت قىلىپ تەققاسلاپ، ئاخىر «تەپ» نىڭ يەلگە ۋە نەمگە ياكى ئېنېرگىيىنىڭ ماتېرىيىگە ئايلىنىش نىسبەتلىرى مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

دورىلار نېمە ئۈچۈن تېز ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ؟ بۇ ئىقلىم ۋە خىلىت مەسىلىسىدىن، ئىستېمال ئادىتى مەسىلىسىدىن ئىبارەت. مەلۇم ئىقلىمدا مەلۇم خىل ماتېرىيالنى ئىستېمال قىلىشۋەرگەندىن كېيىن، تىندۇرما كۆپىيىپ ھەزىم بولماس ۋە چىقىم بولماس بولۇپ قالىدۇ. باشقا ئىقلىم ۋە باشقا ئېلېمېنتلىق ماتېرىيال دەرھال رېئاكسىيە قوزغايدۇ. (مۇزغا ئوت تەككەن ھامان ئېرىگەندەك) دېمەك ئادەتتىن تاشقىرى تەسىر مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بۇنداق تەسىرلەشنىڭ مىقدار سۈپىتى بۇزۇلغان ھامان دورا ـ ئوغا زەھەرگە ئايلىنىدۇ. بۇ تەنچە ۋە نەمچە مەسىلىسى ۋە يەل بىلەن تەپكە ئايلىنىش مەسىلىسى.

«يورغىلار»، «يوغلار» مەسىلىسچۇ؟ سوكۇلداپ

مېڭىپ يۈرگەن «مەسىھ» «جەسەت» تەك ياتقان بەدەنگە، يەنى «ھۆل سوغۇق» قىش نەپرەتلىك پەسىلگە، سوكۇلداپ قىزىغان بەدەندىن چىققان قۇرۇق ئىسسىق» يەلنى ئۈرۈپ، شەپقەتلىك «بىر ـ ئىككى ئېغىز تەپ» نى كۆزى ۋە قۇلاقتىن سىڭدۈردى. شۇنىڭ بىلەن قىش يازغا ئايلاندى» دېگەندەك بىر مەسىلىدۇر. شۇنداقلا، «يورغىلاش» رىتىمىدىكى مىقدارى سۈپەت مۇۋاپىق كەلمىسە، يورغىلاش «ئوغرىلاش» (غەرەز) گە ئايلىنىپ، باھار قىشقا، ھەسرەت نەپرەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

بۇنىڭدىن مەدەنىيەت (كۇلتۇر) دىكى «ئىقىملەش» مۇھىتنى ئۆزگەرتىش، مەنىۋىيەت (كونزەن) دىكى «سىزىملەش» مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ:

تەمسىل: بىر شىر (ياكى يولۋاس) ئېزىقىپ چەكسىز دەشتى دالاغا بېرىپ قالدى... بۇ ۋادىدا پەقەت كەسلەنچۈكلەر بىلەن چۈمۈلىلەر ياشايتتى. يەنى بۇ ۋادا پەقەت كەسلەنچۈكلەرنىڭ جەننىتى ئىدى. شىر يولۋاسقا رىزىق بولغىدەك جانلىق يوق ئىدى. بەلكى ئۇنى چۈمۈلىلەر رىزىق قىلىش ئېھتىمالى كۈچلۈك ئىدى. خۇددى شۇنىڭدەك مەدەنىيەت (كۇلتۇر) ئەنئەنىسى ۋە مەنىۋىيەت (كونزەن) ۋەسۋەسىسى ئالدى بىلەن تەبىئەت ئىقلىمى، ئاندىن جەمئىيەت تۈزۈمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ھېكايەت: بۇرۇن بىر شاھرۇھ كىشى بار ئىدى. ئۇ «خۇدا روھى مەن بىلەن بىللە» دەپ «خۇد» لۇق تەمەنناسى بىلەن ماكان شاھىغا ئىسيان قىلدى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ساۋاقنى يەكۈنلىگەن بىر مۇتەپەككۇر خۇدا روھى ئوبيېكتىپ، ئۇ ئالەملىك تەبىئەتتەك، بەلكى ئۇلۇغ قانۇنىيەتتەك مەندىن تاشقىرىدۇر. گەرچە ماكان شاھى ئۇنىڭ «قولى» بولسىمۇ، ئىتائەت جەھەتتە مېنى ئۇنىڭغا «قول قىلغان ئىكەن بۇمۇ بىر ئوبيېكتىپ ئىرادەت، يەنى مەن قولىنىڭ قولى»، تەبىئەت ماڭا بۇنداق ئىلھام بەرگەن ئىكەن، بۇنىڭ ئېنىقى نېمە؟ دەپ داۋاملىق تەپەككۇر قىلدى. ئىلھام، ئۇنىڭ ھاشاراتسىمان بوشلۇقى ئىچىدە ئىستېمال ـ ئىختىرا تەگلىمىسىدىن ئىبارەت ۋىسالىنى تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇزۇن زامان ھاياتلىق بەرىكىتىدىن بەھرىمەن بولدى.

ئەمدى ھازىرقى (ئەتراپىمىزدىكى) تىرىكچىلىك (تىجارەت) تەشۋىشلىرى (رىيازەتلىرى، رىقابەتلىرى) مەسىلىسىنى تەقاسلاپ كۆرەيلى: ھازىرقى ھوقۇقدارلار: «پۈتۈن ئىنسانىيەت ھوقۇقى» روھى بىلەن ھوقۇقدار بولۇپ كەتسە، بىز قانداق قىلىمىز؟ دەپ ئويلايدۇ، بارلىق دىندارلار: ئىنسانلار پەندار بولۇپ كەتسە بىز نېمە ئىش قىلىمىز؟ دەپ ئويلايدۇ. تېۋىپ (دوختۇر) ھېكىم (ئوپېتورلار): بارلىق ئىنسانىيەت خىمىكال ئېھسان» بولۇپ كەتسە بىز نېمە ئىش قىلىمىز؟ دەپ ئويلايدۇ. ئومۇمەن ھەربىر كەسپى (خىللى) تىجارەتچى ياكى زاۋۇت ۋە شىركەت دىرېكتورلىرى: يېڭى ئىختىراۋى ماتېرىياللار ئىختىرا قىلىنسا بىز قانداق قىلىمىز؟ دەپ تەپەككۇر قىلىدۇ ـ دە ئىختىراۋى ماتېرىياللىرىنى قىلتاق ياكى بۈگۈنى ساتسا ئەتە بۇزۇلىدىغان بىراك نەرسىلەر تەرىقىسىدە ياسايدۇ. نەتىجىدە بىرىنچىدىن، خام ماتېرىيال مەنبەلىرى بولغان تاغلار كانلار بۇزۇلۇپ ئىسراپ بولۇۋاتقان، تاشلاندۇق بىراك ماتېرىياللاردىن «ئەخلەت تاغلىرى» ئاسماندىكى ئاتموسفېرالىق ئايلىنىشنى توسۇۋاتقان. جەننەت ۋە كوممۇنىزم توغرىسىدىكى نەزەرىيە ۋە تەجرىبىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراش سەۋەبى ئەنە شۇنداق ئەنئەنىۋى «پارازىتلىق»

ۋەھالەنكى، ئىنسانىيەتنىڭ بەختلىك بولۇش ئارزۇلىرى چەكسىز بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزى ھامان يەر شارىدىكى تۆت قەۋەت جانلىق قاتلىمىدىكى ئەڭ بەختلىك بولغان قۇشلارغا، ئۇلارنىڭ گاھ ئۇچۇپ، گاھ تۇپراقنى قۇچۇپ ياشاشلىرىغا قاراپ ھەسەت بىلەن توختايدۇ ۋە ئىختىيارسىز ھالدا «قۇرت» تەقدىرىگە غەزەپ قىلدۇرىدۇ. ئېھتىيات تۇپەيلىدىن «ئەدەپ» قىلىدۇ.

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن بىرىدە: ئاتلىق يۈرگەن پىيادە يۈرگەندىن ياخشىراق دېسە ھەرگىز ئىشەنمە!» دېگەن ئىكەن، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بەخت سېزىمى ئالدىن ئېنېرگىيە تەرىقىسىدە بەدەن دېگەن ماتېرىيە ئىچىدە. ئىشىق مىسالىنى ئالساق قوچاقنى قۇچاقلىغاندىن كۆرە «ئوماق» نى قۇچاقلىغان لەززەت. شۇنىڭ بىلەن ئىختىراۋى تەپەككۇر ئىنسان بەدىنىدىن ئىبارەت نېگىز (چېكىت) تىن چىقىپ ھاياتلىق چەمبەرلىرىنى سىزىدىغان تەكرار ۋە ئەبەدىي تەپەككۇردىن توختاپ قالمايدۇ.

ئەمدى، پارازىت قۇرت روھىدىن چىقىدىغان رىقابەت دەۋرىدىن دىيانەت قەلبىگە ئۆزگەرگۈچى، جەلپ قىلغۇچى «يورغىلاش» ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئىستىقبالى پارلاق «دورىلاش» مەسىلىسىنى بېشارەت قىلىپ كۆرەيلى:

نەھرۇل (ھەسەل ھەرىسى) يەر شارىدىكى جانلىقلار ئىچىدە ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ بەختلىك. نەھرۇل قانداق ئاپىرىدە بولغان؟ گىياھ چېچەكلىرى نەھرۇلدىن بۇرۇنقى ھاياتلىق قاتلىمى بولۇپ ۋە ئۇنىڭغا باغلىق بولماي نەھرۇل قالمىغان زامانلاردىمۇ مەۋجۇت بولىدىغان ھاياتلىق قاتلىمى. يەنى گىياھى چېچەكلەرنىڭ نەھرۇلدىن ئېھتىياجى يوق. چېچەك مېھرىگە تۆت تادولۇق، ئورگانىك «بىئو ئېلېكترون» لىچىنكا بولدى. بۇ شامال بۇ لىچىنكىنى چېچەكتىن ئايرىۋەتتى. لىچىنكا تەركىبىدىكى شىرنە زەررىلىرى بىلەن

چېچەك زەرەتداش ئىدى. لىچىنكىنى چېچەككە تەلپۈنىدىغان قىلدى، چېچەككە قاراپ مىدىرلىدى، چېچەككە كىرەلىدى، قۇرت بولدى، چېچەكتىكى بىئو ئېلېكترون قۇرت ئىنچىكە سىڭىپ «قۇرت» رەڭدار جىسىم بولۇشقا باشلىدى. شامال چېچەككە ئۇرۇلغاندا ئايرىلماسلىق ئۈچۈن زورۇقتى، پۇت ـ قول چىقتى. چېچەكتىن چېچەككە سەكرىمەكچى بولدى، قولى قانات بولدى، چېچەك ئاپتاپتىن ھىدروگېن ئالاتتى. نەتىجىدە نەھرول تەركىبىدىمۇ ھىدروگېن نىسبىتى كۆپ بولدى، ئوقتىن تېز ئۇچالايدىغان بولدى. مانا بۇ ئاشۇ مىكرو جانلىقنىڭ تەبىئىي تاللىنىشى ۋە يارىلىش سىرىدىن قىسقىچە يەكۈندىن بايان.

ئىنسانىيەتنىڭ ھەممىسى ھوقۇقدار ۋە ھەممىسى خىمكال ئىنسان بولۇپ كەتسە، قانداق بولىدۇ؟ بۇنداق ئەقىل شۇنى بىلدۈرىدۇكى: ئاتموسفېرا ۋە قار ـ يامغۇر بولۇتلىرى، ئوت ـ چۆپلەر (گىياھ ـ ئورمان) ئېھتىياجىدىن بىھاجەت ۋە مەۋجۇت ئوت ـ چۆپلەر دۇنياسى ئوتخور جانلىقلاردىن بىھاجەت. مەۋجۇت. ئوتخورلار گۆشخورلاردىن بىھاجەت مەۋجۇت، گۆشخورلار ئىنسانلاردىن بىھاجەت، ئەمدى ئىسنانىيەت قاتلىمى ئىچىگە كىلەيلى. ئىنسانىيەتنىڭ ئوۋچىلىرى، دېھقانلىرى، مالچىلىرى، ھۈنەر ۋە سانائەتچىلەردىن بىھاجەت. ئىختىراۋى پۇقرالار ئىستېمالچى «خۇدرالاردىن بىھاجەت»، ئەكسىچە، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە راۋاجىدىن ئېھتىياجلىق ۋە ھاجەتمەن. يەنى جەمئىيەت تەبىئەتكە ئېھتىياجلىق ۋە ھاجەتمەن . دېمەك، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى قاتلاملىرىدىكى ئېھتىياج ۋە ئىقتىدار مەسىلىسىدىكى مەسىلە ئىستېمال قاتلاملىرىدىكى تەرتىپنى بىلىش ۋە ئۆز ئىقتىدارىغا ئېھتىياجلىق قاتلامنى ئىنساپ بىلەن ئىستېمال قىلىش، بۇنداق ئىنساپ دەل ئۆزىدىكى ئىقتىدار ئۈچۈن. بۇ مەسىلىنىڭ تەپسىلاتىنى كەمىنە «ئون خۇمايى يەزەل» دە بايان قىلغانلىقى ئۈچۈن تەكرارلاپ ئولتۇرمايمەن.ھازىر، ياۋروپادىكى بۇرژۇئا ئىنسان «كومپيۇتېر مېگەلىك، دۇگاتېل بەدەنلىك» دېموكراتىك ئىنسان سىرىنى ئىزدىمەكتە. بۇنداق ئىنسان نەھرول ئىقتىدارلىق خىمكال ئىنسانلىقنى بايقاپ قالامدۇ، تېخى.

ئەمدى گېپىمىزگە كەلسەك، ھېكمىيەتكە مەنسۇپ يۇقىرىقىدەك «گەپ يورغىلىتىش» دىن ئىبارەت تەپ، يەلگە ئايلىنىپ، نەمنى قىزىتىپ نورمال «يېمەكلىك» نى دورىلاشقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

چېچەك، تەبىئەت، نەھرول جەمئىيەتكە بىھاجەت، نەھرول جەمئىيەت، چېچەك تەبىئەتكە ھاجەتمەن. شۇنداقلا چېچەكتىن ئىستېمال قىلغانلىرى ئاساسىدا ئۇچقۇر بولۇش تەرتىپى ئۈچۈن ئۆزىنى ئىختىرا قىلىشقا ئېھتىياجلىق، يەنى «نەھرۇل»دىن ئىبارەت بۇ جەبرائىل ئىنسانىيەتنى تەبىئەت ئىلاھى بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ.

ھېكمەت: ئى، بىمارلىقى ئۈچۈن ھەسەلنى دورا دەپ ئىستېمال قىلغۇچى، مېنىڭ ئىختىراۋى چىقىملىرىم نېمە ئۈچۈن ھەسەلدەك قىممەتلىك ئەمەس دەپ ھەسرەت چېكىپ قويۇڭ. ھەتتا ئى، تېۋىپ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ دورىلىرىمدىن رەنجىگەن بىمار ئۆزلىرىنىڭ قارغىش ئوقى بىلەن ئۆزۈمنى بىلەلمەيۋاتقان مېنى بىمارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ؟ دەپ ھەسرەت چېكىپ قويۇڭ. ئى، ھېكىم (مېنىڭ ئەسەرلىرىم نېمە ئۈچۈن مېنى تەنقىد قىلغۇچى ئۈچۈن دەسمايە بولۇپ قالىدۇ؟ دەپ ھەسرەت چېكىپ قويۇڭ. بۇنداق ھەسرەت باھار پەسلىدەك ۋە سەھەر ۋەسلىدەك ئەھمىيەتلىك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

## 5 ـ باب تېببىيەت ۋە ھېكمىيەتنىڭ تىجارەت ئەقلى توغرىسىدا

يۇقىرىقى غايىۋى، تارىخى، مانىخى گەپلەر ھازىرقى ئەقىل ئۈچۈن ئالۋۇنلۇق ئۇپۇقتەك قۇرۇق گەپ بولۇپ كۆرۈنۈشى تەبىئىي. شۇڭا، قەدەم ۋە نەفەس قىممىتىگە ئىگە بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلاي:

كەسپىي مەزمۇن تىجارەت خاراكتېرىگە ئىگە، بۇ تىجارەت قارىماققا جان (فۇرخەندە) بىلەن مال (پۇل تەڭگە) ئالماشتۇرۇش بولۇپ كۆرۈنسىمۇ، ئەسلىدە جان (فۇرخەندە) بولۇپمۇ تەپ، يەل پارلىنىشلىرى ئارىسىدىكى مىقدار سۈپەت تەڭلىمە مەسىلىسىدۇر.

چۈنكى تېۋىپنىڭ ئۆزى كېسەل بولۇشنى، ھېكىمنىڭ ئۆزى «جېدەل» بولۇشنى خالىمايدۇ. بىراق تېۋىپ (دوختۇر) ئالدىدا تۇرغان كېسەل بىماردىن زەھەرلىك ھىد مىكرو ۋىرۇسلار پارلىنىپ تۇرىدۇ، يۇقۇملىنىدۇ. ھېكىم (ئوپتۇر) ئالدىدا تۇرغان مىسالدىن جېدەل، غەرەزلىك ھېرىسلەر دىلىنى ئاغرىتىپ تۇرىدۇ.

دېمەك، تېۋىپ ۋە ھېكىم ئالدى بىلەن ئالدىدىكى بىمارغا ۋە مەسلىۋى مىسالغا قايسى جان (فۇرخەندە) نى بېرىش كېرەك؟ يۇقىرىدا دېگەن مەسىھ رىۋايەتلىرىدىكى نەقىلدىن ئەسلىدە ئۆلۈك جەسەت ۋە كېسەل جەسەتكە جان (فۇرخەندە) بېرىش دېگەنلىك مەنە چىقىدۇ. بۇنداق جاننى مەسىھ نەدىن ئالغان؟ قولچىراغ ياكى شەمئى نۇرى قاراڭغۇ ئۆيگە چۈشسە، ئۆي يورۇپ كېتىدۇ. بىراق قولچىراغتىكى «باتارېيە» شەمئى نەدىن كېلىدۇ؟

مانا بۇ مەسىلە، تېۋىپ (دوختۇر) ھېكىم (ئوپېتۇرلار) نىڭ خېرىدارى ئالدىدا «گىدەيگەك»، «ئېرەنسىز» (ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئېھتىيات قىلىش) سىلكىشلەش (ئۆزىدىكى سېزىمنى تەگشەپ كېتەلمەي تىت ـ تىت بولغانلىقى) گۇمۇشلۇقى، ھومىيىشلىرى، دائىمىي خامۇشلۇقى ھەتتا تاشقىرىغا چىققاندىمۇ پەرىشانلىقى قاتارلىق بىر قاتار پىسخىك «فىزىكى» مەسىلىلىرىگە جاۋاپ بېرىدۇ.

بۇنداق پوزىتسىيە مەسىلىلىرىگە بەزى تېۋىپ (دوختۇر) ھېكىم (ئوپېتۇر): بىزدە ئاجايىپ قۇۋۋەت دورىلىرى بار، بەدىنىمىز، كۆچلۈك ئىممۇنىتېت كۈچىمىزنى تەگشەپ تۇرىدىغان ئىمكانلىرىمىز بار دەپ تەمەننا قىلسا، يەنە بەزىلىرىدە بىزدە ھوقۇق ۋە جەمئىيەت تەسىر قىلالمايدىغان بىلىم تەدبىر ئىمكانلىرىمىز بار دەپ تەمەننا قىلىدۇ. مۇشۇنداق تەمەننا ئەسلى «ھوقۇق ـ غۇرۇر» دېگەن كېسەل ۋە جېدەل مەنبەسىدۇر.

ئەمدى مەسىھ باتارېيىگە ئالىدىغان قۇۋۋەت (ئېلېكتروئىد) ۋە ياكى شەمئى مەنىسى نېمە؟ دېگەن گەپنى داۋام قىلايلى. رىۋايەتتە. مەسىھ ھەر بىر مۆجىزە ۋەسلىدە ۋە كېيىن دەرھال «ئاتىسىنى» ئەسلەپ تۇراتتى دېيىلگەن. بۇنداق مۆجىزە ئىختىرا قىلغۇچى ئەقىدەت ئۈچۈن ئېيتقاندا ئاتا روھى تەبىئەت ھەقىقەتلىرىدىن ئىبارەت بۇنداق ھەقىقەتنى ئىسپاتلىغاندا، ماتېماتىك نەقىلدە $\frac{6-2=4}{2+2=4}$ دېگەن تەگلىمە نەقىلدۇر.

ئېھسانلىقنىڭ قوش مىجەزلىك سىرىنى ئىزدىگەن ئەلشىر نەۋايى سۇمۇرغ بىلەن ئەنقانى مىسال قىلغان. يۇقىرىقى تەگلىمە شۇنداق ھەم سۇمۇرغ ھەم ئەنقا نەقلىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» تە: «بوينۇم ئۇقتەك چاغدا كۆڭلۈم ئىدى يا، كۆڭلۈمنى ئوق قىلغۇچە بوينۇم بولدى يا» دەپ ئىككى ئەللىك ياشلىق ئۆمرىنى ئەكس تاناسىپ قىلغان. بۇ مەنانى زەررىۋى، دەقىقىۋى مەنىدە تەتبىق قىلساق بىر نەفەستىكى بەش كىرىم، بەش چىقىم بالانسلىقى بولىدۇ. بۇنى «ھوقۇق ـ ھۇرۇن» ۋە « توقۇق ـ ئويۇن» دېگەن ئىككى جۈملە تەلەپپۇز (يەل) نىڭ تەسەۋۋۇر (تەپ) دەقىقى تەسىرى مەسىلىسىنى تەقاسلاپ باقايلى. «ھوقۇق ـ ھۇرۇن» نىڭ شەرھى:

1) ھوقۇق دېگەن ئۆزى ئىشلىمەي (ئىختىرا قىلماي) ئۆزگىنى ئىشلىتىپ (ئىختىرا قىلدۇرۇپ) ماتېرىيال (مال بىلەن جان) نى ئىستېمال قىلىۋېلىش كۈچى (ھوشى) دېمەكتۇر.

2) ھازىر بىۋاستە ئىستېمال ئېھتىياجى بولمىسىمۇ، باتىن (ئېھتىيات) ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىجتىمائىي (توپلىۋېلىش) ئىنتىزارى دېمەكتۇر.

3) خۇددى نەفەسنى كەينى ـ كەينىدىن تارتىپ چىقارماي تۇرۇۋالغاندەك تۇرۇۋېلىپ چىڭقىلىش دېمەكتۇر. شۇڭا، دانىشمەنلەر ھوقۇق دېگەن ئىبارىنى تەنگە، نەمگە سىڭمىگەن «يەل» نىڭ مەيدىدە تۇرۇۋېلىپ «ھىق» بولۇش ھالىتىدىن تۇرلىگەن. بىئولوگىيە تارىخى ۋە فىزىئولوگىك (مانىخى) بويىچە تەققاسلىساق، ھايۋان ۋە پىرمانلىق دەۋرىدە ھوقۇقى مۇناسىۋەت بولماستىن توقۇقى مۇناسىۋەت مەۋجۇت ئىدى. يوغان، ئۇششاق پىرمان بىردەك ئوۋچىلىق قىلاتتى.

«گۇناھى ئەزەل» دىكى چەكلەنگەن مېۋىنى يېگەن دېگەن گۇناھنى تەققاسلىساق، پىرمانى ئىنسانىنىڭ گۆشخور چاغدا قېنى قورۇغۇت (قۇرۇق ئىسسىق) ئىدى. ھېرىپ چارچىغاندا ئوتخور مايمۇن جىنلىرى چاپلىشىپ ئىچىدىن «بۇ مېۋە تاتلىق» دېگەن تۇيغۇ چىقتى. نەتىجىدە «ھۆل سوغۇق» بولغان مېۋىنى يېدى، قېنى «ھۆل سوغۇق» بولدى، ھۇرۇنلۇق باشلاندى. ئاندىن ئۆزگىنى ئوۋلىتىپ ئولجىسىنى ئوغرىلايدىغان ھوقۇق ئەقلى پەيدا بولدى ۋە تەدرىجىي ھۇرۇنلىشىپ «يېرىم قۇش» مىجەزى قۇرت مىجەزىگە ئۆزگىرىپ ھوقۇق تەختىدە قۇرتتەك ئېغىناشنى ئارام (بەخت) سېزىدىغان بولدى. دېمەك، بۇ ھۆكۈمدە، «تەپ» 6 نىسبەت، يەل 2 نىسبەت $\frac{6}{2}$ كەسرى نەقىل بەلگە بولدى.

توقۇق ـ ئويۇندۇر دېگەن ھوكۇمنىڭ شەرھى:

1) تەن، نەم، يەل، تەپ سىستېمىسىدىكى ھۆجەيرە توقۇلمىسى ئايلانما راۋانلىقى دېگەنلىك.

2) خىلداشلىق، مېھرداشلىق بولۇپمۇ ئىختىراۋى ھەمكارلىق مەنىسىدە.

3) نەفەس كىرىم، چىقىم دەقىقىسىدە سېزىم، رىتىمىنى پۈتۈن بەدەنگە تەگشەش، تەكشىلەش مەنىسىدە.

تارىخى ۋە مانىخى سېلىشتۇرما: خىلداش ھاشارات، ھايۋان ھەجمى، شەكلى، ۋەزنىدە ئوخشاشلىق مەۋجۇت. يەنى ئىستېمال، ئىختىرا بالانسلىقى مەۋجۇت. خىلداشلىق ھەرىكەتلىرىدە بىرخىل ھەرىكەت قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇشەققەتلىرى يېنىكلەپ ئويۇن بولۇپ قالىدۇ. (چۈمۈلىلەر مىسالىغا قاراڭ) ئۇلار ئىستېمال ئىختىرا ئادەتلىرىدە باشقا جانلىق خىللىرىنىڭ رىزقىغا ھېرىس قىلمايدۇ، گۆشخور ئوت ـ چۆپ ئىستېمال قىلمايدۇ.

ئورۇقداش ئىنسانلىق دەۋرىدە جاپالىق شارائىتلاردىمۇ ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك مۇشەققەتلىرى ئويۇن ئىدى. خۇددى باللار «ئويۇن» دەپ نۇرغۇن «مېھنەت» قىلىپ

خۇشال بولۇشقاندەك ئىدى. دېمەك، بىلىم ۋە مېھنەت مۇشەققەتلىرىنى يېنىكلەتكۈچى بولۇپمۇ ھەمكار كومپيۇتېر، دۆلكاتېل سايمانلارنى ئىختىرا قىلغۇچى ئىزدىنىش جەريانى مەنۋىيەتنىڭ تەبىئەتكە ۋە جەمئىيەتكە توقۇلۇش جەريانى. بۇنداق ئىختىرا ئويۇندەك خاتىرجەملىك تۇيغۇسىنى بېرىدۇ. بۇ تەگلىمنى $\frac{4}{4}$ كەسرى نەقىل قىلىش جەريانى. ھېكىم ۋە تېۋىپلەر ئۇچۇنمۇ، ھەر بىر بىمارنى ۋە تەتقىقى مىسالنى $\frac{4}{4}$ كەسرى نەقلىدە «خەير خوش» يولغا سېلىش جەريانىمۇ ئويۇندەك بولۇپ قالغۇسى. ياندۇرۇپ تەكرارلاپ قوياق: «ئويۇندەك» دېگەن بىر زەررە «تەپ» (شەپقەت) ياكى قۇرۇق ئىسسىق ياز ۋە سەھەردەك مۇشۇ ۋەسلىدە رىتىمغا ئايلانسا، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر «رىزىق».

## 6 ـ باب ھەقىقەتنىڭ مەۋھۇم قۇدرىتى

ئالدىنقى بابلاردا «دورىلاش» ۋە «يورغىلاش» دېگەننىدۇق. ئەمدى، بۇ تېمىنى «شوللاش» دەيمىز.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى گەپ (يېزىق)، يەنى ھەممىسى «تەپ» بىلەن «يەل»، ھېكمەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. ئەلۋەتتە مەزكۇر يېزىق (گەپمۇ) شۇنداق. گەپلىرىمىزنىڭ خاراكتېرى «ھەسرەت» بىلەن«شەپقەت» مەزمۇنى ئون سۈپەت ۋە «ئون كۇرەت» بويىچە ئىنسانىيەتنىڭ ئەزەل ۋە يەزەل تەقدىرگە مەنسۇپ «ئابستراكتسىيە.» تېببىي نۇقتىدىن ئالغاندا باھار بىلەن يازدەك سۈيۈق، يورۇق ۋە «قۇرۇق يورۇق» بىئوئېلېكترون «ئاتوم نەقلى بويىچە، بەلگىسى ئوكسىگېن (O) بىلەن ھىدروگېن (H).

مەزكۇر گەپ (يېزىق) سۇبيېكتىپقا مەنسۇپ. يەنى تۇنۇگۇنكى مەن يېزىۋاتقان ۋەسىل بىلەن، بۇگۇنكى سەن ئوقۇۋاتقان ئۇچۇن بىلىش ۋەسلىدىن ئىبارەت سۇبيېكتىپقا مەنسۇپ. بىراق بىز ئوبيېكتىپ بولغان دۇنيا ۋە ئەتراپ مۇھىت ئىچىدە. شۇڭا، مۇشۇنداق يېزىق ۋە سېزىش ۋەسلىدە ئوبيېكتىپتا قانداق ھادىسە بولۇپ تۇرىدۇ؟ دېگەن مۇئەممانى يەشمەك تېخىمۇ قىزىقارلىق. يەنى مەزكۇر تېما، ئاتوم يادروسى نەقلىدىكى ماھۇم جانروسى تاناسىپلىقى توغرىسىدىكى مۇئەممادۇر.

1) پەلسەپىدىكى «ئوبيېكتىپ» دېگەن ئۇقۇمنىڭ خاراكتېرى نىسبىي «قۇرۇق» ۋە «سۇبيېكتىپ» نىڭ خاراكتېرى نىسبىي «سۈيۈق» يەنى ئوبيېكتىپ «قۇرۇق»، يورۇققا، سۇبيېكتىپ «سۈيۈق» سوغۇققا سىڭىشى (ئىستېمال قىلىنىشى) بىلەن، سۇبيېكتىپ «سۈيۈق» يورۇق بولۇپ پارلىنىش بولىدۇ. يەنى ئاپتاپ شامال بىلەن باھار تەدرىجىي ياز بولغاندەك، مانا بۇ «شەپقەت»كە يۈزلىنىشنىڭ سىرى.

2) ئالدىنقى بۆلۈمدە ئاسترو فىزىكىلىق قاراش بويىچە، قۇياش يورۇقلۇقىدىكى ئېلېكترون بىرلىك سۈپىتىنى ھىدروگېن (H)؛ قۇباد سوغۇقلۇق ئېلېكترون بىرلىك سۈپىتىنى ئازوت (E) دەپ، ئىككىسىنىڭ زامان، ماكان (دەقىق، زەررىۋى) ئۇچرىشىش نىسبەتلىرىنى، يەنى يەر شارىنىڭ كېچە ـ كۈندۈز نىسبەتلىرىگە قاراپ كۈندۈزنى ھىدرو (H) ئوكسىگېن (O) كېچىنى ئازوت (E) كاربون (K) بىلەن بەلگە قىلغان ئىدۇق.

3) ئەمدى مېگىمىزدىكى «تەپ» ۋە «يەل» دەيدىغان بىئو ئېلېكترونلۇقنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرۈپ باقايلى.

بىز بۇنى «بىئو ئىنتېرنېت» (روھتۇر) ھادىسىسى دەيمىز، (بۇ جەھەتتە ئالدىنقى ئەسەرلىرىمدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەنىدىم. ئەمدى تولۇقلاپ بايان قىلىمەن)

«بىئو ئىنتېرنېت» ھازىرقى ئۇقۇم، بۇنى قەدىمكى كىلاسسىكلار «كۆڭلۇم» دېگەن. بۇ جەھەتتە قەدىمكى دانىشمەنلەر گۇمانلىق (خۇراپىي) دېيىلگەن نەزەرىيە ۋە تەجرىبىلەر ئاساسىدا تەخمىنەن ئاساسلار بويىچە ئىش قىلغان. مەسىلەن، بۇنداق سىرلارنىڭ بىر خىلى، تۇنجى يېزىق شەكلىنى ئىختىرا قىلىش تەسەۋۋۇرىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، يېزىقنىكى چېكىت ـ بەدەن چېكىتلەردىن چىقىدىغان سىزىقلار ئۆزگىرىش تارىخى ـ مانىخى ئۆزگىرىش بەلگىسى بولغان. مەسىلەن، خەنزۇ يېزىقىدىكى 亻 بىر تەندىن ئۆرلىگەن كۆڭۈل (تەپ) بۇ 亻丁 بولسا، كۆڭۈلنى پىلانلىق تەرەپكە نىشانلاش بىلەن «تەپ» نىشانلىق تەرەپتىكى تەنگە سىڭىش بولىدۇ. 何 بولسا، ئايلانما «تەپ» كونترول قىلىنىغان (بىلىنگەن) بولىدۇ. لاتىن يېزىقىدىن مىسال ئالايلى. ⟍ ئەۋلادنىڭ جەسەت ئەجدادىغا بولغان يادى (كۆڭلى). ⟋ جەسەت ئەجداد بىر زامان هايات بەدەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن M مەزكۇر ھەرپ ئەۋلاد بىلەن ئەجداد ئارىسىدىكى كۆڭۈل باغلىنىشنى ئىپادە قىلغان. شۇنداق قىلىپ، شەرق، غەرب يېزىق ئەنئەنىسىنى (خەنزۇ، لاتىن) مەنبەۋى ئىزدەنسەك ئەڭ قەدىمكى ئالتاي دەۋرىدىكى «رونىك» يېزىقلىرى توغرىسىدىكى ئۇيۇق ئالۋۇنى تاۋلىنىدۇ.



4) ئەمدى بۇددىزىمدىكى ۋە مانى (راھىزىمدىكى، خەنزۇچە داۋ 道) دانىشمەنلەرنىڭ قۇرئى تەپەككۇر قىلىش دەستۇرىدىكى تۇتۇق شەكلىنى

ئالايلى: مەزكۇر شەكىلدە تۆت چېكىت بار. ① ئاق بۆلەك بېشى بولغان چېكىت ھىدروگېن (H) دېسەك، ئۇ يورۇقلۇق (ئەخرۇمەز) يەنى قۇياشنىڭ يورۇقلۇق مەيدانىدىن ئىبارەت ھىدروگېن مەيدانى بىلەن زەرەتداش. قاپ بۆلەك بېشى بولغان چېكىت ئازوت (E) ئۇ سوغۇقلۇق (ئەخرەمەن) يەنى قۇبادىنىڭ سوغۇقلۇق مەيدانىدىن ئىبارەت ئازوت مەيدانى بىلەن زەرەتداش. ئىككى بۆلەك ئارىسىدىكى ئىككى چېكىت خۇددى كاربون (K) بىلەن ئوكسىگېن (O) مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. بۇ چەمبەر ئەنە شۇ «تۆت كەررە تۆت ئون ئالتە» دېگەن مەنتىقلىق تەسەۋۋۇر ئاساسى بولىدۇ. (قوشۇمچە، «مايترى سىمىت» رىۋايىتىدىكى مايترى پىرمانىنىڭ ئىنسان، بورھان بولۇشىدىكى ئوتتۇز ئىككى ۋادا ئىچىدىكى سۈپىتىپ (بەدەن ئىچى) ئون ئالتە قەۋەت بولىدۇ)

ئەمدى «بىئو ئىنتېرنېت» (روھتۇر) دېگەن گېپىمىزگە كېلەيلى. قەدىمدىن تارتىپ گۇمانلىق (مەۋھۇمىيەت) ئەمدى «گېئو ئىنتېرنېت» (توكتۇر) تېخنىكىسىنىڭ ئومۇمىيەت بولۇشى بىلەن رەسمىي نۇرانىلىق (مەۋجۇدىيەت) كە يۈزلەندى: ھازىرقى تېلېگراف تېخنىكىسىدىكى قۇلفۇن مۇناسىۋەتلىرىنى ئالساق، ئۈچبۇلۇڭ چېكىت (چېكىت ئىچى چەمبەر) نەقلىدىن ئىبارەت. يەنى رەقەملىك توچكا بېسىلىشى بىلەن بېكەتتىكى كۆچەيتكۈچى ۋاستە ئارقىلىق ئىككى ماكاندىكى ئېغىز ـ قۇلاق ھەقىقىي تاناسىپقا ئايلىنىدۇ. مانا بۇ «يادرولۇق رادىئاكسىيە» نىڭ بولۇشىمان مەۋھۇمىيەتلىرىدىن، بېشارەت (بۇنىڭ مەنزىرىسىنى «بۇلاق سۈيى» يۈزىدىكى «بىر چىم» پەيدا بولغان تەۋرىنىش چەمبەرلىرىدىن كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن).

قەدىمكى چاغدا يىراق ماكاندىكى دىلداش ئايغا قارىسا، ئاي ۋاستە بولۇپ، چۈشلىرىدە بىر ـ بىرىنى ھېس قىلاتتى. بۇ ئارىلىقتا «چۈش سىرى» نى ئەسلەپ قويايلى. «چۈش» ئەسلىدە كۈندۈز «ئۇدغۇ» (چوڭ مېڭىلىك) بۇ تەرەپ بىلەن كېچە، «ئۈيقۇ» (ئوتتۇرا مېڭىلىك) ئۇ تەرەپ ئارىسىدىكى (خۇددى ھىدروگېن (H) بىلەن كاربونات (K) زەرەتلىرى ئارىسىدىكى زەرەتلىنىشكە ئوخشايدۇ. ئەگەر بۇنداق تەبىئەت رەھمىتى بولمىغاندا ئىدى، ئىچىدىكى «ئۈيقۇ» دېگەن بىرىم جەسەتلەر ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتى.

ئەمدى گېپىمىزگە كېلەيلى. دۇنيا مىليونلىغان ئىنسان ھەرىكەتلىرى «يادرولۇق بورانلار» بىلەن گۈرۈلدەپ تۇرغان، بىر مېڭە ئىچىدىكى مىليونلىغان جىمىرلاشلار تۈپەيلى، بۇنداق يىراقتىن زەرەتداشلىقنى بايقاش ئاسان ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالدا، «ئۇرغۇ» دىن ئۈچقان ئىس، سىن قاپچۇقى بولغان ھىدروگېن (H) «ئۈيقۇ» تەرەپتىكى كاربونلۇق (K) ئوتتۇرا مېڭىگە تىنىپ «ئۈيقۇ» دىكى جىمىرلاش بىلەن بۇزۇلۇپ كۆرۈنىدۇ.

گەپنى يەكۈنلىگەندە تۇنۇگۇنكى مەن، ئىنسانىيەت تەقدىرى ھەققىدە ھەسرەتلىك ۋە شەپقەتلىك «تەپ» نى چېچىۋاتقان ۋاقتىمدا دۈشمەنسىزلىك ئارامى بىلەن راۋان ھالەتتە ئىدىم. بۈگۈنكى سەنمۇ شۇنداق، بىراق سەندە ھەسرەتلىك، غەيۋەتلىك تۈيغۇلار پەيدا بولۇشى مۇمكىن. بىراق ھەسرەتتىن شەپقەتكە كۆچكەنسېرى ۋە دەل شۇنداق دەقىقىلەردە پارلاۋاتقان «تەپ» دولقۇنلىرىدىكى شولىسىمان نىشان نەگە تاقالمىسۇن، شۇ نىشان ئىگىسى بولغان بەدەن چۈشلىرىدە خۇددى يۇلتۇز بىلەن ئاينى، ھەتتا قۇياشنى كۆرگەندەك بولۇشنى تىلەيمەن.

قەدىمدىن بۇيان ئىنسانلار «ھەقىقەت ھامان مەغلۇپ (غالىب) ۋە مەتلۇپ (رازى) كېلىدۇ دېگەنلىرىدە، كۆپىنچە ھوقۇقى قەۋەتلىرىدىكى ئورنى بويىچە مەنپەئەتلىرىنى نەزەردە تۇتاتتى. نەتىجە مەغلۇپلۇقنى كۆرسەتكەن ھامان ھەقىقەتتىن رەنجىيتتى ياكى ئىزدىنىشنى ئۇنتۇپ قېلىشاتتى. ۋەھالەنكى ھەقىقەت ئوبيېكتىپ ئىكەن، ئۇ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىدە دېگەن گەپ.

ھازىرغىچە جەمئىيەت (مەدەنىيەت) ئىككىنچى تەبىئەت بولۇپ مەدەنىيەت (كۇلتۇر) قەۋەتلىرى ۋە تەرەپلىرىدىكى مەنىۋىيەت (كۈنزەنلەر) ئەسلىگە ماس بولمىغان جانلىق قەۋەتلىرىدىكى ئوت ـ چۆپ، ئوتخور، گۆشخور ھايۋانات، ھاشارات تىپلىرىنى ئۇدۇم، تۇتۇم قىلىۋېلىپ بىر ـ بىرىنى ھېسسىي (مېلىنى) ئىستېمال قىلىۋېلىش ئۈچۈن تالىشىدىغان ھوقۇق تاغلىرىدىكى تاش تىزىقلىرىدىن بولۇپ كەتكەن. نەتىجىدە بۇنداق تۈزۈم خۇددى يەر شارى چەمبىرى سىزىقىدىكى چىشلىق چاق (ئۈچبۇلۇڭ) شەكلىدە بولغان، ھەربىر دۆلەت ئۈچبۇلۇڭى ئىچىدىكى 8 قەۋەت سىزىقتىكى كىچىك ئۈچبۇلۇڭ، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك X شەكلىدىكى مەپتۇنىيەت، مەسئۇلىيەت شەكلىنى تەشكىل قىلغان. ھەربىر بەندىدىكى X شەكىل شەپقەتلىك ئەقىل تۈپەيلى ▭ (كۆپ بۇلۇڭ) شەكلىگە كىرىپ... بۇ ئىس ـ سىن قاپچۇقى بولۇپ، بىئو ئىنتېرنېت زەرەتلىرى بولۇپ ئۆچۈپ «چۈش» لەر بولغانسېرى سەندىكى ئاشۇ دەقىقى، زەررىۋى «شەپقەت» كۆپ بۇلۇڭلىرى تارىخ تەرەققىياتى ئۈچۈن «ئۆلمەس» كۈرەت (ھەسسە) بولۇپ قالىدۇ.

ھېكمەتلىك نەسىر: تۇمانلىق ۋە بورانلىق ئوكياندا دولقۇنلار تاغلاردەك كۆتۈرۈلۈپ ھاڭلاردەك قايناملارنى ھاسىل قىلاتتى. جانلار تامچىلاردەك ئەھمىيەتسىز ئىدى. تەدرىجىي ئاپتاپ چىقىشقا باشلىدى، بوران تىنچىدى.

دولقۇنلار بەلكى تاغلار تۈزلەنگەندەك تىنچىدى، ھاڭلار دەك قاينامىلارمۇ قالمىدى. غايىپ بۇنىڭغا قاراپ «خۇدانىڭ رەھمىتى» دەپ تەسەللى تاپتى. ئاقىل، نېمە ئۈچۈن؟ دەپ ئويلىنىپ، يورۇقلۇق بىلەن سوغۇقلۇق ئارىسىدىكى بارىنۇ ـ ئارىنۇ زەرەتلىرىنى بايقىدى. ئۇ، ئىھ، بارىنۇ زەرەتلىرى، مېنى قۇياش ئۆمرى بىلەن باغلىۋەتكىن! دەپ تەجەللى قىلدى. بەختنى سىزىش نىسبەتلىرى ئوخشاش ئەمەس ئىدى.

## 7 ـ باب هايات ( كۆرۈم) مامات (ئۆلۈم) بېشارەتلىرىدىن يەكۈن

مەزكۇر سىرلىق مەسلىنى

$$M=\frac{4+3=7}{4-3=1}\quad H=\frac{7-3=4}{1+3=4}$$

دېگەن فورماتىك شەكىلدە ئىپادىلەش مۇمكىن.

مۇتلەق هۆكۈم. هايات (كۆرۈم) دېمەك رىزقى ( ئىقتىسادى) ئىستېمال، ئىختىرا نىسبەتلىرىدىكى بالانسلىق ۋە ھېسسىي (ھېسسىياتى) ئىستېمال، ئىختىرا تاناسىپلىق نىسبەتلىرىدىكى بالانسلىق، مامات (ئۆلۈم) يۇقىرىقى رىزقى (ئىقتىسادى) ھېسسىي (ھېسسىياتى) ئىستېمال ۋە ئىختىرا تاناسىپسىزلىقنىڭ چېكى، بالانسسىزلىق چېكى.

نىسپىي هۆكۈم. يۇقىرىقى مۇتلەق فورماتىك يەكۈننى بەدەندىكى قىرىق ئۇقۇملۇق، بەلكى تۆت يۈز نىرىپ سىستېملىق ۋە مىليونلىغان هۇجەيرىلەر روھىدىكى دەقىقى نەفەسلەپ، قەدەملەپ ئۆزگىرىپ تۇرغۇچى ھەم ھېسسىياتى (تەپ، يەل) ئىچىدىكى ھەم ئىقتىسادى (نەم، تەن) ئىچىدىكى ھەم ئىككىلىكلەرنىڭ تۆتلەپ، سەككىزلەپ كۋادراتلاپ تۈرلىنىدىغان نىسپىي تاناسىپلىرىنى، تاناسىپسىزلىقلىرىنى بىلىش ۋە بالانسلاش ئەجرى ياكى ھەجرى دېمەكتۇر.

مەسلەن، (ھېسسىياتى جەھەتتە) مەلۇم ھوقۇق ۋە نوپۇزغا ئىگە بولغان بىر كىشى: ئەمدى يېتەر، يېتىپ يېتەممۇ بولىدۇ دەپ ھېسسىي ئىستېمال بولغان ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ھەرىكىتىدە توختايدۇ. ھۇرۇنلۇق ۋە ئېرەنسىزلىك بىلەن مېڭىسىگە يەل، ئاندىن نەم تولۇپ ياغلىشىپ سېمىزلەپ چىرىكلىشىشكە، ماماتقا قاراپ ماڭىدۇ. (ئىقتىسادىي جەھەتتە) مەلۇم بايلىق ۋە ھوسۇلغا ئىگە بولغان كىشى: ئەمدى يېتەر، يەپ تۇر، بەك تۇر دەپ ھېسسىي ئىستېمالغا ( ئۆگىنىشكە، ئىز دىنىشكە ) ھۇرۇنلۇق قىلىدۇ. ھېسسىي ئىستېمال ئەسلى رىزقى ئىستېمال

تىندۇرمىسىنى پارچىلاپ، پارلاندۇرۇپ ئىختىرا قىلدۇرغانلىقى ئۈچۈن رىزقى ئىختىراغا سەۋەب بولاتتى. بىراق ھېسسىي ئىستېمالغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ھېسسىي ئىختىراسى توسۇلۇپ، ئاندىن رىزىقى ئىختىراسى توسۇلۇپ، ئاندىن يەپ بەك تۇرماقچى بولغان رىزقى ئىستېمال ھەۋەسلىرىمۇ ( مەپتۇنىيەتلىرىمۇ) يوقىلىدۇ. مانا بۇ ماماتلىق (ئۆلۈمنىڭ) سىرى.

ماماتتىن (ئۆلۈمدىن) ھاياتقا (كۆرۈمگە) ئۆزگىرىش بولسا ئىستېمالدا ئىنساپ. ئىختىرادا ئېھسان ئىلھاملىرىدىن باشلىنىدۇ. بۇ تېمىنى ئەخلاقىي ئۇقۇم «ئۆزلۈك» ۋە «ئۆگلۈك» بىلەن سېلىشتۇرساق، «ئۆزلۈك» چېكىتى ئەتراپىدا چەمبەرلەپ ئايلىنىش ئەسلىدە نوقۇل بىر نۇقتا ياكى رىزقى ئىستېمال ھېسسىي ئىستېمال نۇقتىسى بولۇپ، بۇنىڭ بىرى چېكىگە يېتىپ توختىغاندىن كېيىن، «ئۆزلۈك» قانائەتلىنىپ چېكىت بولىدۇ. ئىككىنچى تەرەپتىكى ئەكس تاناسىپ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ، چەمبەر يەنە كەينىگە يانىدۇ. بۇزۇلۇش ـ مامات (ئۆلۈم) ئامىللىرىنى كۆپەيتىدۇ. «ئۆگلۈك» بىر چەمبەر چېكىدىن چىقىپ، ئىككىنچى چەمبەرگە ئايلىنىش، ئاندىن ئىككىنچى چەمبەردىكى تاناسىپ، بالانس مەسىلىلىرىنى ئىزدەش (ئىستېمال ـ ئىختىرا) زامان، ماكان بولىدۇ.

يۇقىرىقى فورماتىك (مىكرو) يەكۈننى ماكرولۇق تۈرلەپ دۆلەت ۋە دۇنياۋى ھادىسىلەرگە تەتبىقلىساق، قېرىلاشقان، ئاندىن چىرىكلىشىۋاتقان، «جەسەتلەر»دىن ئىختىرا بولغان تۇمانلىق ئاتموسفېرا قاتلاملىرىدىكى توزانلىق تەرىقىسىدە ھاياتلىق «بەدەنلىرىنى» ئىزدەپ يۈرگەن مىكرو «قۇشلار» مەنزىرىسىنى كۆرىمىز.

يۇقىرىقى ئىككى فورماتىك نۇسخىنى ئىككى چېكىت قىلىپ قۇرئى تەپەككۇر نۇسخىسى ☯ ئورنىغا قويساق، ھاياتلىقنى ئىزدەش ئەقلى خۇددى قۇلۇنئايدىن ھىلال ئاي باشلىنىپ تولۇن ئايغا قاراپ كېتىۋاتقان سۈزۈك تۈنلەرگە ئوخشايدۇ. گەرچە يۇقىرىقى فورماتىك نۇسخا كىچىككىنە «ئاتوم» يادروسى بولسىمۇ، ئۇنىڭ رادىئاكسىيىلىك تەپسىلاتى يۇقىرىقى بابلاردىكى تەپسىلاتلارنى تېخىمۇ تۈرلەپ، تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر قىلىش ھەۋەسلىرى (مەپتۇنىيەتلىرى) نەفەسلىرى (مەسئۇلىيەتلىرى) مەسىلىسىدۇر.

يۇقىرىقى نەقىل ۋە شەكىل مەلۇم جەھەتتە كەمچىل. يەنى «قۇلۇن ئاي»، «تولۇن ئاي» كېچە ـ كۈندۈز مۇتلەق، شۇڭا «يامان» بىلەن «ياۋاش» مۇشۇنداق دېگەن مېتافىزىكىنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بىراق ئىنسان تەبىئىي

(شەپقەت) لىك ئومۇمىيەت ئونداق ئەمەس. مەسىلەن، ياۋروپالىق «ئاق تەنلىك» ئومۇمىيەت بولغاندەك، پۈتۈن ئىنسانىيەتمۇ پۈتۈنلەي «ئاق تەنلىك» بولۇپ، ئۇنىڭ ئەكسى «قاپ تەنلىك» ـــ هايۋانات بولۇش مۇمكىن، يەنى ئىنسانىيەت ـ ئاقپىشماق قارامتۇل «نەسىردىن ئەپەندى»، هايۋانات ئۇنىڭ قارا رەڭ ۋە كۆل رەڭ «ئېشىكى» نەقلىدە مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇش مۇمكىن.

## ئۈچىنچى بۆلۈم «ماھىيەت» نەزەرىيىدىكى ئىقتىساد بىلەن ھېسسىيات مۇناسىۋەتلىرىدىن بايان

### 1 ـ باب ئىقتىساد (E) بىلەن ھېسسىيات (H) ئۇقۇملىرىنىڭ فورماتىك مۇناسىۋەتلىرى

هازىرغىچە، سىياسى ئىقتىساد تەتقىقاتى توغرىسىدىكى ئەسەرلەر خۇددى نېگىزلىك ئۇقۇمنى «سىياسى ئىقتىساد» دېگەندەك، ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئۇستقۇرۇلما دېگەن قاتلامغا ئايرىپ يەنى بارلىق سىياسى ۋە ئاتالمىش مەدەنىيەت (كۇلتۇرى) مەنىۋىيەت (كونزەنى) قاتارلىق ھېسسىياتى ساھەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇستقۇرۇلما دەپ ئايرىپ، تەتقىقاتچى شەخس ئۆزىنى ئۇستقۇرۇلما تەركىبىگە قويۇپ، يەنى ھېسسىياتنى سىياسى مۇقەددەس يۈكسەكلىكتە «ياراتقۇچى ھېس» چاغلاپ، ئىقتىسادىي ئۇقۇمنى پەقەت ماتېرىيىۋى نەرسە، بەلكى ئىقتىسادى ساھەدىكى ھېسسىياتلىق (ئېنېرگىيىلىك) ئىنسانلارنى قورال سايمان، ماتېريال تەرىقىسىدە قاراپ قاراشلىرىنى بايان قىلدى. نەتىجىدە بارلىق ئەنئەنىۋى تەپەككۇر مېتودىدىكى (3=7−10) نەقلىدىكى ئۈچنى يوشۇرۇپ، يەتتىنى تەرغىپ قىلغاندەك ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى (مەۋقەسىنى) ئىقتىسادىي مۇددىئاسىنى (ئېكسپىلاتاتسىيون خاھىشلىرىنى) مەۋھۇم تۇتتى. بىراق «تەبىئەت ھەقىقەتلىرى» نىڭ ئاسماندەك ۋەھىدەت نەزىرىدە تەتقىقاتچىمۇ، تەتقىق قىلىنىۋاتقان تەشۋىقاتمۇ جانلىق مۇناسىۋەتلىرى بولغاچ، كەمىنە ۋەھىدەت، سەممىيەت مەۋقەسىنى تاللاپ ئالدى.

سۈزۈك، ئايدىڭلىق كېچىدە ئاسمانغا قارىسىڭىز چېچىلىپ، چىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ ھەتتا ئەڭ يېقىن تۇتاش كۆرۈنگەن يۇلتۇزلار توپى ئارىسىدىمۇ نەچچە مىڭ يىللىق نۇر يىلى زامانى، ماكانى بارلىقىنى ھېس قىلىسىز، شۇ نەقلىدە ئاق قەغەزگە چېكىتلەرنى چەكسىڭىز، بۇنداق مۇتلەق جىملىقنىڭ، ئەكسىچە، كۆزدىكى تىكىلىش نۇرلىرىنىڭ يۆتكىلىشى بىلەن مېڭىنىڭ تىندۇرما ئەينىكىدە نەپەس ۋە يۈرەك رىتىملىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن يۇلتۇزلار ۋە چېكىتلەر ئالمىشىپ، ئارىلىشىپ كەتكەن سۇبيېكتىپلىق پەيدا بولىدۇ. مانا بۇ «ئوبيېكتىپ» دېگەن ئۇقۇم بىلەن «سۇبيېكتىپ» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى، مانا بۇ دەل سۇبيېكتىۋىزم بولغان «ئۆزلۈك» بىلەن ئوبيېكتىۋىزم بولغان «ئۆگلۈك»نىڭ تەپەككۇر پەرقى. دېمەك، ئۆگلۈكچى ۋەھىدەت مەنىۋى سۇبيېكتىپ ئەينەكتىكى يۇلتۇز چېكىتلەر پاتلانمىسىنى ئەمەس، بەلكى، ئوبيېكتىپ ئاسماندىكى يۇلتۇزلار تەرتىپىنى ئەينەن تىزىشتەك سەممىيەتنى ئەقىدەت قىلىدۇ. ئاندىن ئوبيېكتىپ ھەقىقەتتىن لايىق مەرھەمەت كۈتىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭدىكى ئىزدەنگۈچى تېۋىنىشنىڭ، تېۋىنىش رىيازەتلىرىنىڭ سىرى، ئۇ ئۆز تېنىنى ئۆزى تەكشۈرمەكچى بولغان تەرەپ ئىچىدىكى بىر چېكىت (نەرسە) تەرىقىسىدە كۆرىدۇ. ھەم تەنقىد قىلىدۇ. ھەم تەسكىن ۋە مەرھەمەتنى ئىزدەيدۇ. بۇنداق ئىلھامنىڭ ئىنئامى نېمە؟

بىز بوۋاقلىقتىن باشلاپ نۇرغۇن زامان، ماكان تىندۇرمىسى بولغان خۇددى ئىن ـ سىن قاپچۇقىدەك، هازىرقى كېسەلمەن بوۋاي بەدىنىمىز بىلەن مىدىرلاپ يۈرمەكتىمىز. يەنى بىز بۇرۇنقى ئەقلىسىز ئەقىدەتلىرى كامالەتكە يەتمىگەن ياشلىق يىللىرىمىزدىكى «ئۆزلۈك» مەنپەئەتلىرىمىزدىن چىقىدىغان رىقابەت ئاندىن رىيازەت زىيان زەخمەتلىرى، ھېرىسمەنلىكنىڭ زەھەرلىك ۋىرۇسلىرى بىلەن ئازاب ، مامات تەشۋىشلىرىدە ياشاۋاتىمىز.

تەمسىل؛ بىر كىشى ئون ياش ۋاقتىدا بىلمەي بىر خىل تاماقنى يەپ ئاغرىپ قالدى. بىراق يەنە بىلمەي ئادىتى بويىچە باشقا تاماقنى يەپ ساقىيىپ قالغاندەك بولدى. ئۆمرى بويىچە گاھ ئۇنداق گاھ بۇنداق تاماقنى يەپ گاھ ئاغرىپ، گاھ ساقىيىپ يۈرۈپ 50 ـ 60 يىلنى ئۆتكۈزدى. ئەقىل تولۇپ ئاغرىق سەۋەبلىرى سىرىنى ئىزدەپ ئەسلەپ، ئون يېشىدىكى زىيانلىق تاماق ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئېچىندى... ئەمدى يېمەيمەن دېدى، بىراق بۇرۇن يېگەنلىرى تىندۇرما ئىدى. بۇ ئۆمۈر تىندۇرمىدىن قاچان قۇتۇلىدۇ؟ ئىنانلىق تاماق بىلەن ساقىيىپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، بىراق بۇ ئارزۇ بىلەن قايغۇ ئىچىدە

كېيىنكى نامەلۇم ئۆمۈرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟

كەمىنەنىڭ نەزىرىدە ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى تەقدىرىمۇ شۇنداق. بۇنداق قايغۇلۇق خىياللارنى، زىيانلىق تىندۇرمىنى ھەل قىلغۇچى گەپلەرنى داۋام قىلايلى.

1) ئىقتىسادى (E) ئۇقۇمى بىلەن ھېسسىيات (H) ئۇقۇمىنىڭ مۇتلەق بالانسلىقى.

خۇددى ماتېرىيە ـ ئېنېرگىيە ئۇقۇمى، تەن بىلەن تەپ (جان) ئۇقۇمى، جانلىق جىسىم بىلەن سېزىم ئۇقۇمى، بىر زەررە ھېس بىلەن بىر دەقىق ئىش ئۇقۇمى، ھەر بىر كەسىپ بىلەن قەلب ئۇقۇمى، ھەر بىر مىللى، ئىلمى ئىقتىسادى، ھېسسىيات ئۇقۇم بالانسى بولغاندەك بۇ ئۇقۇم بالانس يەنى بىرلىك ئىچىدىكى زىللى سىڭىشمە... شۇڭا، بۇنى فورماتىڭ شەكلىدە $\sqrt[2]{E=H}$ قىلىپ ئىپادىلەش مۇمكىن.

2) ئىقتىسات (E) بىلەن ھېسسىيات (H) نىڭ نىسپى تاناسىپ قاتلاملىرى.

نىسپى تاناسىپلىق مۇناسىۋەتلىرى دېگىنىمىز. بىر (مۇتلەق، يەزەل) نىڭ باشقا بىر (مۇتلەق يەزەل) بىلەن زامان، ماكان ئۆزگىرىشلىرى بىلەن ئورۇن ئالمىشىشلىرى، ئارىلىشىشلىرى جەريانىدا بەزىلىرى ئەسلى (ماس) كېلىدىغان بەزىلىرى ئەكىس سەۋەب يەكۈن ئالمىشىشلىرى ئارقىلىق باغلىنىپ تۇرىدىغان مۇناسىۋەت دېگەنلىكتۇر.

مۇتلەقلىق بىلەن نىسپىيلىك مۇناسىۋەتلىرى بويىچە تۆۋەندىكى فورماتىڭ شەكلىنى كۆرەيلى:




مەزكۇر شەكىلدە E<H ئىقتىسادى، ھېسسىياتى مۇتلەق بالانس مەنىسىنى كۆرسەتسە، $\frac{E}{H}$ ئىقتىسادى، ھېسسىياتى (ئىقتىسادى ساھەدىكى ئىنسانى ھېسسىياتنى) $\frac{H}{E}$ ھېسسىياتى ئىقتىسادنى (ھېسسىياتى ساھەدىكى ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادى قۇرۇلمىسىنى) كۆرسىتىدۇ.

كاتەكچىدىكى كەسىر رەقەملەردىكى تەڭلىمە قەۋەتلىرى ئىستىمال ۋە ئىختىرادىكى تەگسىزلىكنىڭ تەڭلىمە بولۇش مۇقەررەرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئون قەۋەت چەمبەر يەر شارىدىكى بارلىق كېئوماتېرىيە ۋە ئېنېرگىيە، بىئو ماتېرىيە ۋە ئېنېرگىيە، يەنى 8 قەۋەت تادو، ئىككى دولقۇن، ئاندىن ئىنسانلىق تارىخى (ئون سۈپەت،) مانىخى (ئون كۇرەت) ھەممىسى ئىقتىسادى، ھېسسىياتى كاتېگورىيىگە كىرىپ كېتىدۇ، دېگەن مەنانى كۆرسىتىدۇ.




مەسىلەن، ئىقتىسادى ئۇقۇمغا سانائەتنى، ھېسسىيات ئۇقۇمغا مائارىپنى مىسال قىلساق، سانائەتتە مەۋجۇت بولغان ئىنسان ۋە ماتېرىياللارنىڭ قايسى بىرى ھېسسىياتسىز ۋە مائارىپ مەھسۇلى ئەمەس؟ مائارىپتىكى ئىنسان ۋە مائارىپ ماتېرىياللىرى قايسى بىرى ئىقتىسادى مۇناسىۋەت ئەمەس؟ ئىختىراۋى سىر بويىچە:

مەزكۇر سخېما، دىنىي تەپەككۇردىكى «سېنى دېمىسەم ئالەملەرنى ياراتمايتتىم» دېگەن ھېكمەت سىرىنى ئىپادە قىلىدۇ. مەزكۇر ھېكمەت، گەرچە سۇبيېكتىپ ئىدېيالىزملىق بولسىمۇ، ئوبيېكتىپ ماتېرىيالىزملىق بويىچە تەققاسلىساق، ھېسسىيات بىلەن ئىقتىسادتىن ئىبارەت ئىنساننى ئېھتىياج ئوبيېكتىپ ئالەمنىڭ بىر سىرى. ئالەمدىكى بارلىق يۇلتۇزلار ۋە ماتېرىيە ئېنېرگىيە ئىنسان ھېسسىيات مەنبەسى ۋە ئۇنىڭدىن كېئو ماتېرىيە ۋە ئېنېرگىيىنىڭ ئۆزگىرىش خىللىرى ئىختىرا بولغاندىن كېيىن ھەرقانداق ئىقتىسادى ماتېرىيىۋى ماتېرىيالدىكى ئېنېرگىيە ئەسلى ئىنساندىكى ئىسمىسكىۋى ئورگىنال شەكلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بىر ھەيكەلنى تاش ماتېرىيال دېيىمىز، ئەمما ھەيكەلدىكى قۇرۇلما، سىلىق سىزىقلار، رەڭلىنىشلەر ھەيكەلتاراش جېنىنىڭ ئىزناسى. مەسىلەن، سانائەت تېخنىكىسى تەرەققىياتى جەريانىدا ئالىملار «كېئو خىمكال ئىنسان (كومپيۇتېر مېڭىلىك، دۇبگاتېل بەدەنلىك) قۇرۇلمىنى ياسايمىز دەپ تەدرىجى ئۆزىمۇ بىئو خىمكال ئىنسان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

نەپەسلىرىمىزدىن كىرىۋاتقان ھاۋا، كېئو ئېنېرگىيە، بەدەنگە كىرىپ قانداق كۆيۈپ بىئو ئېنېرگىيىگە ئايلىنىدۇ. بىئو ئېنېرگىيە بولغان رادىئو ـ تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت دولقۇنلىرى قانچە قاپلانغانسېرى ئاتموسفېرادىكى زەررىلەر زەرەتلىنىپ، ئىنسانلاردىكى ئەقلى ھەرىكەتنى بىئو مېخانىزم قىلماقتا.

## 2 ـ باب ئىقتىسادى (E) ۋە ھېسسىيات (H) كاتېگورىيىلىرى بويىچە سېلىشتۇرما

ئىقتىسادىيات ساھەسىدىن بەش ئۇقۇمنى (ماتېريال،

(تاۋا)، بازارى قىممەت، ئۇشۇقچە قىممەت، بايلىق مونوپول دېگەن كاتېگورىيىنى)، ھېسسىيادىيات ساھەسىدىن بەش ئۇقۇمنى (ئورگىنال، باھا نازارى نىسبەت، ھوقۇقى نوپۇزى خىسلەت، مۇستەبىت دېگەن كاتېگورىيىنى) توغرا تاناسىپ قىلىش مۇمكىن.

تەپسىلىي بايانى ئۈچۈن (ماتېرىيال - ئورگىنال) گۇرۇپپىسى، (تاۋارى - نازارى) گۇرۇپپىسىنى، (ئۇشۇقچە قىممەت - ھوقۇقى خىسلەت) گۇرۇپپىسىنى، (مونوپول - مۇستەبىت) گۇرۇپپىسىنى ئاساس قىلىمەن.

1) ماتېرىيال ۋە ئورگىنال دېگەنلىك تەبىئەت ۋە جەمئىيەت (بولۇپمۇ ناتۇرال ئىگىلىك) ياراتقان، يارىتىۋاتقان گېئولوگىك، بىئولوگىك ماتېرىيە ۋە ئېنېرگىيە دېمەكتۇر. ئىنسان تېنىدىكى جان (تەپ، يەل) بىلىم، كىتاب، يېزىلغان ۋە يېزىلىۋاتقان تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر، ھېسسىياتى ئورگىنال دېمەكتۇر.

بۇ جەھەتتە تاشلاندۇق ئەخلەتلەر، ئېچىلمىغان مەدەنلەر ۋە ئىنسان تېنىگە مۆكۈنگەن غەپلەتلەر، ھەسرەتلەرمۇ ماتېرىيالنى، ئورگىنالنى بايلىق.

2) تاۋارى، بازارى قىممەت ۋە باھايى، نازارى نىسبەت مەسىلىلىرى بويىچە.

ئىقتىسادى تاۋار دېگەنلىك قىممىتى ھېسابلانغان، بازارى تىجارەتكە تەييارلانغان مۇئەييەن بىلىم، ھېسسىيات ھېسابىدىن ئىبارەت ئىختىراۋى ماتېرىيال دېمەكتۇر. ھېسسىياتى باھا دېگەن ئېھتىياج ۋە ئېھتىيات تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن نازارەت ھېسسىياتى بۇ جەھەتتە قىممەت ۋە ئەقىل ئۇقۇمىدىكى سېلىشتۇرما مۇھىم قىممەت دېگەن ھېسسىياتى بىرلەشكەن نۇقتا بولغان بەدەندىكى سېزىملەرنىڭ زامان، ماكان كۋادراتى دېمەكتۇر.

3) ئۇشۇقچە قىممەت ۋە ھوقۇقى خىسلەت مەسىلىلىرى بويىچە. ئۇشۇقچە قىممەت ئاز چىقىم (ئىختىرا) بىلەن كۆپ كىرىم (ئىستېمال قىلىنىۋېلىش جەريانىدىكى ماتېرىيال ۋە تاۋار مىقدارىنىڭ بالانسلىقىنى بۇزغان قالدۇق ياكى ئارتۇق نىسبەتلىرى، مەسىلەن، بىر تاۋارنىڭ ئەسلى باھاسى ئون يۈەن بولۇشقا تېگىشلىك (بازار باھاسىنى) بىراق تىجارەتچى خېرىدار ئېھتىياجى تەقەززاسىدىن پايدىلىنىپ 15 يۈەن قويۇپ سېتىۋېلىش ياكى 8 سائەت ئىشلەش (ئىختىرا) قىلىش بەلگىلىمىسىنى سائەت تىلىنى ئاستىلىتىپ 12 سائەت ئىشلىتىپ (ئىختىرا) قىلدۇرۇپ 8 سائەت ھېسابىدا باھالاش دېگەنلىك. ھېسسىياتى ھوقۇقى خىسلەت دېگەنلىك، بىلىم ۋە مېھنەت (ئىختىراۋى) ماتېرىيال(ئورگىناللىرىنى) ئېلىۋېلىش، ئەكسىچە ئۆزىنى ئىختىرا ئېھتىياجىنى ھەل قىلغۇچى، ئىلاھى ھېس قىلىپ كۆرسىتىش دېمەكتۇر.

4) مونوپولىيە ۋە مۇستەبىت مەسىلىلىرى بويىچە. ئىقتىسادىي مونوپولىيە دېگەنلىك، ماتېرىيال ماكانلىرىنى ئىگىدارلىق سىستېمىسىنى، مۇئەييەن ۋاسىتىلەر بىلەن، پۇل (پارتىيە، ئارمىيە، قانۇن، ئەخلاق كۈچى بىلەن) ئۆز مۈلكى (بايلىقى قىلىۋېلىش دېگەنلىك. ھېسسىياتى مۇستەبىتلىك دېگەن خىيال گىردابى قانداق زامان ۋە ماكاننى تەسەۋۋۇر قىلالىسىلا مەۋجۇتلۇق سەۋەبى دەپ قارايدىغان چېكىگە يەتكەن ئىستېمالىستىك ھېرىسمەنلىكتۇر.

باشقىنى قويۇپ دەل ھازىرقى يېزىق ۋەسلىمىدىكى مەزكۇر ھېسسىياتنى مىسال قىلسام، ئۆز ھالىمغا كۆرە ھېسسىياتى ئورگىنال جېنىمدىكى تەپ ۋە يەل ئىزىنى، مۇئەييەن باھا، تەھرىرى نازارى ھېس، ئەقلى تەرتىپ ئىزھار ھوقۇقى، مۇستەبىتلىك ئەكسىچە، مۇختەلىپ (مەمنۇنىيەتنى تەلەپ قىلغۇچى ھېس)، بۇنى ئىقتىسادىي ئاساس بىلەن باغلىساق، بەدەن مۈلكۈم، قەغەز قەلەم، سىياھ، سەرپ بولۇۋاتقان ھېسسىيات ئاساسى بولغان تاماق، ئائىلە، خاتىرجەملىك ھەممىسىدە ئىقتىسادىي ھېسابات مەۋجۇت.

ئەمدى ئىقتىسادى ۋە ھېسسىياتى مۇناسىۋىتىنىڭ كاتېگورىيە (جەمئىيەت ۋە شەخسىيەت) قەۋەتلىرى بويىچە كۆرەيلى.

1) جىسمى، (ھېسسىي) كاتېگورىيە بويىچە بۇنىڭدا ئىستېمال 6 نىسبەت، ئىختىرا 2 نىسبەت مىسالنى تۇتۇق قىلايلى.

ماھۇم تەلىماتى بويىچە، بىر ئىنسان بەدىنىدە سەككىز ئۇقۇملۇق تۆتتىن ئىككى ئەكس تاناسىپ كۈچ - ھوش (يەل ۋە تەپ) مەۋجۇت. بۇنىڭدىن سەككىز (ئىككى تۆت ئەكس تاناسىپ ئۇقۇم بولىدۇ. ھەمدە ئىككى قەۋەت مېڭىدە، ئاندىن باش بىلەن چات ئەكس تاناسىپلىقىدا ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن، ئۆرلەش، ئىلگىرىلەش، كېڭىيىش، قاتتىقلاش 6 نىسبەت بولسا، چوڭ مېڭە، (باش) يورۇق بولۇپ، چات (تۆۋەن) سوغۇق بولىدۇ. يەنى ئىختىرا 2 نىسبەتكە چۈشۈپ ئىختىرا (چىقىم) ئاز بولىدۇ. مەقئەت، مەزە يالالۇغى دېگەن كېسەللىكلەر بولىدۇ.

جىنسى ۋە سېنى (دىنىي) مۇناسىۋەت كاتېگورىيىسى بويىچە، بۇنىڭدىمۇ ئىستېمال 6 نىسبەت ئىختىرا 2 نىسبەت مىسالنى تۇتۇق قىلىمىز.

ئەركەكلەر سېمىزلەپ ھۇرۇنلىشىپ، مەدەكلەر جىلغور «غوت - غوت» بولۇپ قالىدۇ. ھوقۇقى (خۇدراۋى) قاتلام كۆپىيىپ، يوغىناپ، ھۇرۇنلىشىپ كېتىدۇ. توقۇقى (پۇقراۋى) قاتلام ئۇرۇشقاق، ئاچ كۆز، گۇرۇھلىشىپ كېتىدۇ.

ئومۇمەن ھېسسىيات جەھەتتىن تەڭلىك تۇغرىسىدىكى مەرىپەت تەربىيىسىگە ماسلىشىپ ئىقتىسادىي تەڭلىك مەغپىرەتـ لىرىدىن ماسلاشقاندىلا ئىختىراۋى تەرەپكە يۈزلىنىش مۇمكىن.

## 3 ـ باب ئىقتىسادى، ھېسسىيات فورماتسىيىسىنىڭ گېئومېتىرىك تەسەۋۋۇرى

تۆۋەندىكى تەسەۋۋۇر مەسىلىلىرىنى خېرىدارىمىنىڭ ئەقلى سۈپەت ئۆزگىرىشىدە (خۇددى ئوقۇغۇچىنىڭ سىنىپ كۆچۈش ئىمتىھان لېكسىيىسى رولىنى ئوينىمىدىكىن دەپ) تەسەۋۋۇر شەكىللىرىنى تۈتۈق قىلىپ شەرھى بايان مېتودىنى قوللاندىم.

1) ئالدى بىلەن بۇددىزىمدىكى تابھاچ بەلگىسى توغرىسىدىكى شەكىل سېلىشتۇرمىسىنى ئەسلىتىپ قوياي.

بۇ شەكىلنىڭ بىر خىلى 卐 بۇ بۇددىزىم ئەقىدەتلىرىدىكى ھاياتلىق ئايلانمىسىنى، مەركەزدىن (يادرودىن) چېچىلىش ۋە چېچىلىش توسالغۇغا ئۇچراپ چېچىلىش مەناسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەكسىچە، بۇنى مەركەزگە قاراپ ئېگىلىپ يىغىلىش مەنەسىغىمۇ تەتبىقلاش مۇمكىن. بۇ ھېسسىياتى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەبىتلىك ۋە مونوپولىيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

بۇ شەكىلنىڭ ئۆزگەرگەن ئىككىنچى خىلى . بۇمۇ ئايلانمىدىكى يەنى ھېسسىياتى، ئىقتىسادىي ئايلانمىدىكى ئېگىلىپ يىغىلىش، ياكى ئېگىلىپ چېچىلىش مەنەسىگە ئىگە. ئەمما بۇ شەكىلدە مەركىزى نۇقتا مەۋھۇم بوشلۇق تۆت ئەگرى سىزىقتىن ھەركىم ھەر گۇرۇھ ئىستېمال (كىرىم) چىقىم (ئىختىرا) ياكى چېچىش، يىغىش ئىشلىرىنى ئۆزىدىكى مۇستەقىللىق ۋە توقۇغۇل (ئۆزىدىكى تەڭشەش) بىلەن خىلداشلىرى بىلەن ماسلىشىپ ئايلىنىش دېگەن مەنەدە چۈشىنىشكە بولىدۇ.

«مايىرى سىمىت»رىۋايىتىدىكى مايىرى (پىرمانىنىڭ) 32 ۋادىنى پەتھ ئەيلەپ بۇرھان (ئىنسان) بولۇش دېگەن مەسىلىنى قەدەم ۋە نەپەسكە قەدەر تەتبىقلىساق، بىرىنچى قەدەم (نەپەس) شەيتانلىقنىڭ پاشلىنىشى، ئىككىنچى قەدەم (نەپەس) رەھمانلىقنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ. (دىققەت باشلىنىش دېگەن سۆزدىكى ئۈچ چېكىت، باشلىنىش سۆزىدە بىر چېكىت بولىدۇ. بۇ دېگەنلىك ئوڭ ـ سولدىكى ئىزنالارغا دىققەت قىل دېگەنلىك)

X X

ئەمدى تەسەۋۋۇرنىڭ گېئومېتىرىك شەكلى شەرھ بايانىنى تۆۋەندىكى شەكىل ئارقىلىق باشلايمىز. (بىرىنچى قەدەم ۋە نەپەس نەقلى) مۇنداق:




مەزكۇرشەكىلنىڭ شەرھى تەپسىلاتى.

1) بۇشەكىل ئەسلى دۆلەت ئىھرامىنى كۆرسەتكۈچى △ ئۈچبۇلۇڭ ئىدى. ھاياتلىق ماھىيىتى بولغان ئىستېمال (كىرىم، يىغىلىش) بىلەن ئىختىرا (چىقىم، چېچىلىش) ۋە ھوقۇق (خۇدرا) توقۇق (پۇقرا) ئارىسىدىكى ئەكس تاناسىپ نىسبەتلىرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئىككى يېرىم ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئەكس تاناسىپلىقى قىلىپ ئايرىلدى.

2) ئۈستۈنكى يېرىم ئۈچبۇلۇڭ (K−▷−X) ئىستېمالستىك ھوقۇقى (خۇدراۋى) دەرىجىلەر قاتلىمى: مەركەز، ئۆلكە، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، كەنت، مەھەللە، ئائىلە.

3) تۆۋەندىكى يېرىم ئۈچبۇلۇڭ (H−F−X) ئىختىرا يېرىم توقۇقى (پۇقراۋى) نەتىجىلەر قاتلىمى: ناتۇرالىيە (دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، ئوۋچىلىق، سۇ ئىشلىرى قاتارلىقلار). سانائەت؛ ترانسپورت، تىجارەت،سەھىيە، مەرىپەت (ئاخبارات)، مائارىپ، تەتقىقات.

4) ئۈستۈنكى يېرىم ئۈچبۇلۇڭ (B−D−X) دۆلەت ھوقۇقى (خۇدراۋى) قەۋەتلەرگە مائاش مۇكاپات دېگەن «پۇلتەڭگە» لەرنى تارقاتقاندىن كېيىن ① ھوقۇقى دەرىجە يوغان بولغانسېرى مائاش ۋە مۇكاپاتىنىڭ نۇرغۇنلۇقىنى، ② ئاندىن يۇقىرى ھوقۇقى دەرىجىلەر تۆۋەنكى (F−W−X) بۆلۈكدىكى ئىقتىسادىي ماتېرىياللارنى «سېتىۋېلىپ» پۇلتەڭگە ۋە ئىقتىسادىي بايلىقنىڭ مونوپولىستىك تۆپلىنىش نىسبىتىنى كۆرسىتىدۇ.

5) تۆۋەندىكى يېرىم ئۈچبۇلۇڭ (H−G−X) توقۇقى (پۇقراۋى) ئىختىراۋى قاتلامدىكى، بولۇپمۇ ھېسسىياتى ئىختىرا سەھىپىسى، سەھىيە، مەرىپەت، مائارىپ، تەتقىقات قاتلاملىرىدىكى فۇرخەندە (بىلىم ھېسلىرى) نىڭ ئىقتىسادىي (ناتۇرالىيە، سانائەت، ترانسپورت، تىجارەت) ساھەلەرگە تەتبىق قىلغان ئىسراپ بولۇش بىلەن زارلىق (نارازىلىق ئىزتىراپلىرىنىڭ) نۇرغۇن بولۇش نىسبەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

6) تۆۋەندىكى يېرىم ئۈچبۇلۇڭ (H−V−X) بىلەن

يۇقىرى يېرىم ئۈچبۇلۇڭ ($K-N-X$) ئەكس تاناسىپلىقى تۆۋەندىكى زارلىق (بىلىم ئىسراپچىلىقى) بىلەن يۇقىرى تۆۋەن دەرىجىلىك ھوقۇقى (خۇدراۋى) تۆۋەن قاتلام دەرىجىلىرى بىلەن توقۇقى (پۇقراۋى) ئىقتىسادىي قاتلامدىكى بىرتەرەپ ئىنساپسىز ۋە پىلانسىز بولىدىغان بىر تەرەپ ئىسراپچى نىشانسىز بولىدىغان سەۋەب ـ يەكۈن مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئومۇمەن، يۇقىرىدىكى شەكىل ۋە شەرھى، ئىقتىسادىي ۋە ھېسسىياتى نېگىز 卐 شەكىلدىن باشلىنىدىغان بەلكى ھازىرقى كاپىتالىزم (بۇرژۇئاز ئىنسانلىق)قەدەر تەرەققىي قىلىپ تاقالغان ئاقىۋەتنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمدى يۇقىرىقى زىددىيەت ۋە تاناسىپسىزلىق. بالانسىزلىق بىلەن تولغان تارىخىي ئاقىۋەتنى قانداق ئۆزگەرتىش مۇمكىن دېگەن غايە بىلەن يۇقىرىقى شەكىلنىڭ بالانس بولۇش يەنى ئومۇمىي ئادالەت ۋە سائادەت تەسەۋۋۇر سخېمىسىنى كۆرۈپ باقايلى. (ئىككىنچى قەدەم ۋە نەپەس نەقلى) مۇنداق:

بۇنىڭدا ئەلۋەتتە ╒╛ شەكىل بويىچە يۇقىرىدىكى شەكىلنى ئۆزگەرتىپ باقىمىز. يەنى شەكىل ⊞ بولۇپ؛ تەرەپلىرى $(K+N=V-F)=(B+D=H+G)$بولسا تۆت كۆپ تەرەپلىكنى قاتلىسمۇ، ئايلاندۇرسىمۇ تاناسىپ ۋە بالانسلىق بۇزۇلمايدۇ.

مەزكۇر تەسەۋۋۇرنى شەرھلىمەك مەزكۇر ئەسەرنىڭ مۇددىئاسى. شۇڭا، بۇجەھەتتىكى تەپسىلات كۆپ تەرەپلىمە.

## 4 ـ باب پۇل توغرىسىدىكى چۈشەنچە

1) پۇلنىڭ ماھىيىتى ماركس «سىياسىي ئىقتىسادىي تەنقىد» گە مۇقەددىمىدە: «سىنىپىي كۈرەشنى بايقاش مەندىن بۇرۇنقى ئىكونومكلارنىڭ خىزمىتى ئىدى. مېنىڭ خىزمىتىم ئوشۇقچە قىممەتنى بايقاش بولدى» دېگەنىدى. ئوشۇقچە قىممەت دېگەن ئىقتىسادىي ئۇقۇم ئىچىدىكى ھېسسىياتى مەنە ئەسلىدە «ھوقۇقى نىسبەت» ئىدى. چۈنكى سىياسىي ھوقۇقلار ئىقتىسادىي ئوشۇقچە قىممەتكە ئىمتىيازلىق بولاتتى. قىممەت پۇل تەڭگە بىلەن ئىپادىلىنىدىغان قىممەت ئۇنىڭ شەكلى، مەزمۇنى ھوقۇقى ھۆل فۇرخەندە (ھېس رەڭلىرى) ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت

2) پۇل(تەنگە) نىڭ كېلىپ چىقىشى «ھەزرىتى ئادەم» رىۋايىتىدىكى «چەكلەنگەن مېۋە» تەسەۋۋۇرنى ئۈچىنچى قەۋەت (ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت) بويىچە تەققاسلىغاندا، پۇل تەڭگە مەنىسگە توغرا كېلىدۇ. «چەكلەنگەن مېۋە»، «ئالتۇن ئالما» بولۇپ پەقەت خۇداغىلا، (قۇلدار)غا مەنسۇپ (يۇنان رىۋايىتىدىكى زېۋس تېغىدىكى «ئوت» زېۋىسقىلا مەنسۇپ بولۇپ، پرومىتى ئالىمەن دەپ جازالانغاندەك) ئادەم «قۇلكار) ھەۋەس قىلغان هامان قۇللۇق مېھنىتىگە بەندىلەنگەن بولىدۇ.

تارىخىي ماتېرىيالىزم بويىچە «پۇلتەڭگە» ئۇقۇمى ۋە مەدەنىدىن ياكى قەغەزدىن پۇل (بەلگە) ياساش قاچان ـ قاچاندىن ئىختىرا قىلىنغان؟ بۇنىڭغا ئېنىق ھۆججەت بېكىتمەك مۇشكۈل. پەقەت «ئون سۈپەت») بىلەن «ئون كۈرەت» قاتلانمىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك پاتلانمىنى يەشكەندە ھېس قىلىش مۇمكىن.

دارۋىن بىلەن مورگان ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى دەۋرىنى تەسەۋۋۇر قىلغان «تۇرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» ۋە «قەدىمكى جەمئىيەت» ئەسەرلىرىدە قەدىمكى سىرلارنى ئىزدەنگەن. «ئون سۈپەت»، «ئون كۈرەت» پاتلانمىسىنى تۆتتۇق قىلىپقارساق(كېن ـ پىرمانلىق)، (ھېس ـ ئۇرۇقداشلىق)، (جىسمى ـ قەبىلىۋازلىق)، (جىنسى ـ قۇلدارلىق) دېگەن پاتلانما كېلىپ چىقىدۇ.

پىرمانلىق دەۋرىدە، ئوۋچىلىق ـ ئىستېمال، ئىختىرا بالانسلىقى بولغان تەنها پائالىيەتلەر دەۋرى ئىدى. ئۇرۇقداشلىق ئىنسان دەۋرىدە، بىر «ئائىلىۋى مۇھەببەت» ئىچىدە، ئاتا ـ ئانا بالىلىرىنى باقاتتى. بالىلىرى تاپقانلىرىنى ئائىلىگە چاچاتتى. ئەلۋەتتە پۇل ھېسابات ئەقلى يوق ئىدى. تەبىئەت ئاپەتلىرى ۋە ئىستېمال ماتېرىياللىرى قەھەتچىلىكى ئائىلىۋى قېرىنداشلىق ھېسسىياتى ۋە ئىقتىسادىي ئەنئەنىسىنىڭ بۇزۇلۇش مەجبۇرىيەتلىرىنى ھاسىل قىلدى. قېرىنداشلار ياتلىشىپ، باشقا ـ باشقا ئىقلىملارغا جىسمى مەۋجۇتلۇق ئېھتىياجى ئۈچۈن كەتتى. ئۆز ئىقلىمىغا خاس خىلمۇ شەكىللىنىپ بىر ـ بىرىنى كۆرسە خۇددى ئوتخور، گۆشخور پەرقىدەك ياتلاشتى. ھەتتا بىر ـ بىرىنى يەپ سالدى. قېنى زەھەرلىنىپ «توپان ئاپىتى» بولدى. كېيىن بىر ـ بىرىنى يېمەي پەقەت قۇل قىلىش، بىكارغا ئىشلىتىپ، (ئىختىرا) قىلدۇرۇپ، ماتېرىياللىرىنى ئىستېمال قىلىۋېلىشتەك قۇلدارلىق ئەقلى پەيدا بولدى. ھوقۇق كېمىسىنى ياساشتا قورال سايمان لازىملىقىنى بىلىپ سايمان ئىختىرا قىلغاندەك قۇلكارلارنى ئالداپ باشقۇرىدىغان مەپكە ئوخشاش «پۇل تەڭگە» ئىختىرا قىلىندى. پىرامىدانىڭ كېسەكلىرىنى تىزىپ چاپلاشقا ھىملەشتۇرگۈچى «سۈيۈق» لازىم بولغاندەك «پۇل تەڭگە» نى پەردازلايدىغان «فۇرخەندە» مەيخورلۇق تەرەننۇمى ئىختىرا قىلىندى.

«پۇل تەڭگگە» باھا: ئىنسان قېنىنى قىزىتقۇچى مەي

ئىستېمال قىلسا، ئەقلى تورمۇزلىنىپ ۋەسلى ئېچىلىپ «تۇلى»پارلىنىپ چېچىلىدۇ. «فۇرخەندە» بولىدۇ. پارلانغان زەررىلەرنى يەنە بىر كۆشەندە ئىستېمالچى خىياللىرىنى قوزغايدۇ. ئىختىرا مۇشەققەتلىرىگە. جاپا ـ ئازابلىرىغا چىدامسىز، ھۇرۇن قىلىدۇ. بولۇپمۇ ھوقۇقى ئىمتىياز بىلەن پۇل تەڭگە بىلەن بايلىق توپلىغانلار تەمەنناسىنى تەرغىب قىلغانىدى، ئەسلىدە ئىختىرا مېھنەت جاپالىرىدىن زېرىكىپ تۇرغانلارغا تەرغىبات ھېرىسلىرى چاپلىشىپ، ھەسەت غەزەپكە ئايلىنىدۇ. غەزەپلىك ئىختىراۋى ماتېرىيال زەھەرگە ئايلىنىدۇ.

دېمەك. تارىختا ئىستېمال ۋە ئىختىراۋى مۇناسىۋەتلەرنى ھېسابلاش قورالى (قۇلى)بولغان «پۇل تەڭگە» ئىختىراۋى شىجائەتلەرگە كۆرە «فۇرخەندە» ئىسراپچىلىق بىلەن چېچىلىش، ئىجادىي كۆزلەرگە يېپىلىش رولىنى ئوينايدىغان بولۇپ قالغان.

پۇل تەڭگە ئەنئەنىسىنىڭ يوقىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ دۆلەت ھوقۇق يوقالغاندا يوقىلىدۇ. مەسىلەن، ئىختىراۋى پائالىيەت كومپيۇتېر ۋە دۇگناتېللار تەرىپىدىن بولۇپ، پۇل تەڭگە بارغانسېرى ئىختىراۋى تەرەپكە توپلىنىپ مەيدەك قىزىتىپ، ئىختىراۋى ھەۋەسى تېخىمۇ ئەۋج ئېلىۋەرسە ئىختىراۋى ماتېرىياللار ئىستېمال ئېھتىياجى، ھېسابلاش ئېھتىياجىدىن ئاشقانسېرى خۇددى «فۇرخەندە» مەس تېتماس بولغاندەك يوقىلىدۇ.

بۇ گەپ تارىخىي رىۋايەت. ئەمما ھازىرقى رىئايەتكە كېلەيلى:

ھازىرقى دۇنيادا بەزى كىچىك «يولۋاس» لار يوغان ئۇتخور «دىنازاۋرلار»دىن كۈچلۈك، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ پۇل مىنېرال جەھەتتە ئېلېكتر توكىدەك كومپيۇتېر، دۇگناتېلنى ھەرىكەتكە سالىدۇ. ئىمران جەھەتتە شېرىن ئىچىملىكتەك ئورگانىك قۇرۇلمىسىنى ھەرىكەتكە سالىدۇ. مەلۇمكى توك يولى، ماي يولى راۋان بولسا، دۇگناتېل ھەرىكەت قىلىدۇ. بولمىسا بۇزۇلىدۇ، ۋە شېرىن ئىچىملىك ئېغىزدىن كىرگەندىن كېيىن سېزىمنى تەڭشەشنى بىلمىگەن ئەخمەق بىھۇش بولىدۇ، ئارقىدىن قۇسىدۇ.

دېمەك، پۇلنىڭ ھازىرقى قىممىتى ئۆلىدۇر. ئەقلى ئەقىدەت بېسىلىدۇ. مەسىلەن، XX شەكلىنى ئالساق، پۇل تەڭگە (مائاش ۋە مۇكاپات) تەقسىماتىنى ھوقۇقى ئىمتىيازغا قاراپ ئەمەس، توقۇقى ئىقتىدارغا، يەنى قانچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىختىراۋى نەتىجە قىممىتىگە قاراپ ھېسابلاش لازىم.

پۇل ۋە ئۇل مۇناسىۋەتلىرىدىكى بۇزۇلۇش مەسىللىرىنى ھېسسىياتى ئىقتىسادىي سەنئەت (مائارىپ) بىلەن ئىقتىسادىي ھېسسىيات ھۇنەر (سانائەت) ئارىسىدىكى مىسالدىن كۆرەيلى:




مەزكۇر شەكىلدە S تەرەپ سەنئەت (مائارىپ) نى، N تەرەپ ھۇنەر (سانائەتنى) كۆرسىتىلىدۇ.

تاناسىپسىز بۇزۇلۇش مىسالى بويىچە تەكشۈرسەك دۆلەت (ھوقۇق) سەنئەت، (مائارىپ) تارماقلىرىغا مائاش بېرىدۇ ۋە ئۇلاردىن سىياسىي ھېسسىيات بويىچە دۆلەت ھوقۇق تەرەپكە باغلايدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئىستېمال ھېسسىياتى ۋە ئىختىراۋى ھېسسىياتى ھوقۇق ۋە ئىمتىيازى ماختاش بىلەن بولۇپ ھۇنەر (سانائەت) سەنئەت (مائارىپ) تەرەپتىن ئېھتىياجىنى ھەل قىلغۇچى ئىقتىدارى ماتېرىياللارنى كۆرمىگەندىن كېيىن «سەنئەت، مائارىپ» نىڭ ماتېرىياللىرىنى سېتىۋالمايدۇ، بازىرى كاسات بولىدۇ. ھۇنەر (سانائەتمۇ) ئىقتىدارلىق ئاساسلىرى كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئىختىراۋى ماتېرىيال سۈپەتلىرىمۇ ناچار بولىدۇ، ئەكسىچە ئىجادىي مۇناسىۋەتنىڭ قۇرۇلۇش مىسالى بويىچە قارىساق، سەنئەت (مائاش) ئىختىراۋى ھېسسىياتنى ھۇنەر (سانائەت) ئاساسى بولغان تېخنىكىۋى ھېسسىياتنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن نىشانلايدۇ. ھۇنەر (سانائەت) مۇ تېخنىكىۋى ھېسسىياتنى ئىقتىسادىي ماتېرىيالغا ئايلاندۇرىدۇ ۋە بۇنى سەنئەت (مائارىپ) ئىقتىسادىي ئېھتىياجى ئىستېمال قىلىدۇ. بۇ چاغدا پۇل تەڭگە بۇنداق تاناسىپ ۋە بالانسلىق ئايلانمىنى تەڭشەيدىغان «فۇرخەندە» بولىدۇ.

دېمەك، يەنىلا «ئىختىراغا لايىق ئىستېمال» دېگەن ئىنساپ ئىقتىسادى، ھېسسىياتى سىياسەت نېگىزى بولغاندىلا «پۇل تەڭگە»، «فۇرخەندە» ئەقلىدە سۈپەت يېڭىلىنىشقا باشلايدۇ.

## 5 ـ باب ئىقتىساد ۋە ھېسسىياتنىڭ تارىخى، مانىخى بايانى

مەزكۇر ماۋزۇنى «ئۇن ئىرادەت»، «ئۇن قەۋەت ئىختىرا»، «ئۇن سۈپەت» بىلەن «ئۇن كۇرەت» پاتلانمىسىدىن مىسال تەققاسلىرى ئاساسىدا بايان قىلىمەن.

تەبىئەتتە ئىنسانىيەت جەمئىيەت «سۇبيېكتىپ» لىرىدىن ھالقىپ تۇرىدىغان ئوبيېكتىپ ئىرادەت مەۋجۇت: مۇنداق قارىماققا بوشلۇق ۋە ماتېرىيال ئىمكانى بولسا، كۇمۇتا يوغىناپ سۇمۇق بولۇپ كېتىدۇ. بىراق كۇمۇتا بىر ئەمەس، مىلياردلىغان كۇمۇتا يوغىناشقا ئۇرۇنسا، بىر ـ بە-

رىنى ئىستېمال قىلىدىغان ئاقىۋەت ئىرادەت بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە ھازىرقى چۈمۈلە ياكى نەھرول نېمە ئۈچۈن شۇنچە جانلىق؟ دەپ ئويلىغاندا، مىليون يىللار ئىلگىرى دىنوزاۋۇرلاردەك يوغان بولغان چۈمۈلە ۋە نەھرولسىمان دىنوزاۋۇرلار بىر – بىرى بىلەن رىقابەتتە يېڭىنى يېگەن بولماي، ھەسەت ۋە غەزەپتە ۋىجىكلەپ «دىنوزاۋۇرچە ئېنېرگىيە مىكرو تەنچىگە جەملەنگەن بولۇشى مۇمكىن، دېگەن تەسەۋۋۇر چىقىدۇ. دېمەك بۇنداق تراگېدىيىلىك ئاقىۋەت تەشۋىشلىرى، خىلداشلىق ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق، ماسلىشىش ئەقلىنى ئىختىرا قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلۇغ ئىرادەت، ھامان «رىقابەت» نى دىيانەت قىلماقچى بولىدۇ.

ئەمدى، بىز نەزەرنى «ئۈن سۈپەتلىك ئىنسان» دېگەن تارىخى (زامان) بىلەن «ئۈن كۆرەتلىك نەرۋان» دېگەن مانىخى (ماكان) قاراشلىرى بويىچە، ھازىردىن غايىۋى كەلگۈسىگە قەدەر ئىقتىسادىي، ھېسسىياتى فورماتسىيىنى تۆت خىل ئىنسانىي تىپ (ۋەكىل) قىلىپ بايان قىلايلى.

1) دىنىي( فېئودال) ئىنسانلىق بويىچە فېئودال ئىنسان مەيلى پومېشچىك بولسۇن، مەيلى كەمبەغەل بولسۇن ئورتاق ماھىيەتكە ئىگە: ئۇ تەبىئەت باغرىدىكى بىرمۇ يېرى ۋە كەڭ ئېلگە قاراپ، تۇپراقنى، ئوت – چۆپنى، ئوتخورنى، گۆشخورنىلا كۆرىدۇ ۋە بۇ تۆت قەۋەتنى مىجەز (خىلىت) قەۋەتكە جايلاشتۇرىدۇ. ئۇ تۇپراقنى يېگەن ئوت – چۆپنى كۆرگەندە، تۇپراقنى خۇدا يارىتىپ بېرىدۇ، دېيدۇ، مۇتلەق ئىستېمالنى ئويلايدۇ، ئۇنىڭ ئىختىراۋى نىسبىتى پەقەت ئىستېمال ئاساسىنى توتۇپ تۇرغۇچى خىيال، خىيالنىڭ چېكى گۆشخورلۇق.

2) خىللى ۋە بۇرژۇئاز ئىنسانلىق، مەيلى يالانما ئىشچى بولسۇن، بەرىبىر بۇرژۇئالىق ئورتاق ماھىيەت، كاپىتالىستىك سانائەت تېخنىكىسى تەرەققىياتى جەريانىدا ئىختىرا قىلىنغان كومپيۇتېر بىلەن دۆنگاتېللار ئۇنىڭ مېڭىسىگە ئايلانغانسىرى، ئۆزىنىڭ تەبىئەتتىكى تۆت قەۋەت جانلىق ئۇستىدىكى ئالاھىدە ئىمتىيازىنى، ئىختىيارىنى بىلدۈرىدۇ.

كومپيۇتېر ۋە دۆنگاتېلدا كىچىككىنە ۋىنتا بېسىم بۇزۇلسا، تەبىئەتتىكى ئېكولوگىيىلىك قاتلاملاردىكى ھەربىر مەۋجۇتلۇق ئىچىدىكى بىر باغلىنىش بۇزۇلغانغا ئوخشاش ئىكەنلىكنى بىلىدىغان بولىدۇ. شۇڭا، ئىنسانىي قەدىر – قىممەتنىلا ئەمەس، جانلىقلاردىكى قەدىر – قىممەتنى بىلىدىغان بولىدۇ.

3) مىللىي ۋە دېموكراتىك ئىنسانلىق بويىچە. بۇرژۇئاز ئىنساندىكى كومپيۇتېر مېڭە ۋە دۆنگاتېل بەدەنلىك تەپەككۇر مېتودى، مەسىلەن، مەۋجۇدىيەتچىلىك، تەرەققىي قىلىغانسېرى بۇزۇلۇش، قۇرۇلۇش ئارىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە لايىق ئەقىدەت تىكلەيدۇ، دېموكراتىك دەۋر. تارىختىكى قەبىلىۋاز دەۋرگە ئەكس تاناسىپ. يۇقىرىدا دېگەندەك قەبىلىۋازلىق دەۋرىدە ئۇرۇقداش ئىنسان جىسمى مەۋجۇتلۇق مەجبۇرىيەتلىرى ئۈچۈن قېرىنداشلىرىدىن ياتلىشىپ، ئارىدىن بىر – بىرىگە گۆشخور، ئوتخورغا قارىغاندەك رىقابەتلىك بولۇپ كەتكەنىدى. دېموكراتىك ئىنسان ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق ئىقتىدارى بۇزۇلغان سايىماندەك رېمونت قىلىش مۇمكىنچىلىكى يوقلۇقنى بىلىسىلا مەۋجۇتلۇقتىن ۋاز كېچىشنى مەمنۇنىيەت بىلىدىغان، يېڭى بىر ماھىيەتتە كېلىدىغانلىقىغا مەپتۇنىيەت بولىدۇ.

ئەمدى، ئاشۇ خىل ئىنسانىي سۈپەت مەۋجۇت بولغان يەر شارىنىڭ ھازىرقى زامان ۋە ماكاندىكى ئىقتىسادىي، ھېسسىيات مۇناسىۋەتلىرى بويىچە رىقابەت، دىيانەت نىسبەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى.

فېئودال ئىنسانىي خاراكتېر ئۆزىنى يولۋاستەك، باشقا ئىنسانلارنى كالىدەك چاغلاپ يەپ كەتمەكچى غەرەزنى جان قىلىدۇ. ھەتتا روھلارنى ئەجدىھادەك دەم تارتىشى مۇمكىن دەپ خىيال قىلىدۇ. بىراق بۇنداق «ئورگانىك يولۋاس» ئورگانىك دۆنگاتېلغا دۇچ كەلگەن ھامان دۆنگاتېلدىن چاچرىغان «لازېر» بىلەن بىھوش بولۇپ قالىدۇ.

ئەقىللىق كومپيۇتېر مېڭىلىك ۋە دۆنگاتېل بەدەنلىك بولغان «دېموكرات ئىنسان» بولسا، بىھوش بولۇپ يىقىلغان «يولۋاس ئىنسان»غا قاراپ، ئېچىنىپ «سەندىكى ئىنسانلىق بىلەن قېرىنداشلىقىم بار ئىدى»، ئىھ يولۋاس ئەرۋاھ، ئەسلى ماكانىڭغا كەتكىن، دەپ جانرو بىلەن نەپەس ئۇرىدۇ، «يولۋاس» ئەرۋاھ ئەسلى ماكانىغا كېتىپ «ئىنسانلىق» ئەسلىگە كېلىشكە، «دۆنگاتېل ئىنسان» دىن ئۆگىنىشكە ئىخلاس قىلىدىغان «مەپتۇنىيەت» بولۇپ قالىدۇ.

بۇنداق «مەپتۇنىيەت» نېمە؟ «ئىختىرا – بىرىنچى ئېھتىياج» دېگەن ھۆكۈم سىررىنى بىلىش. بىلمەك تەلەپ ئىكەن، «تەلەپ» دېگەن ئۇقۇم ئىچىدىكى«يەلپۈگۈچ قاتلىمىسىدەك ئىشق، بىلىم، بىرلىك، خاسلىق، ھەسرەت، پەقىرلىق، ۋەھدەت، غەيرەت، ھەلەپ» بىرلىكىدە تۇرۇپ، بولۇپمۇ ئاخىرقى «ۋەھدەت» بىلەن ئالدىراڭغۇ ئىستېمال مەقسەتلىرىنى رەت قىلىپ تۇرۇپ، مەنتىقلەپ تەپەككۇر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئاددىي كەمتۈك «ئۆزلۈك» نەزەردە ھاشارات، ھايۋانات نوقۇل ئىستېمال ئېھتىياجى ئۈچۈن ياشايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئىنسان تېخىمۇ شۇنداق.

مىكرو ھاشارات ئۆزىدىن بۇرۇنقى مەنبەنىڭ ئىختىرا-

ۋى مەھسۇلاتى ئىدى. ھايۋانات بۇرۇنقى تىندۇرما زاپاس بىلەن ئىختىرا قىلىپ، ئىچىرقاپ ئاندىن ئىستېمالغا مەجبۇر بولىدۇ. باللارنىڭ تاماق يېمەي ئويناپمەن دېيىشلىرىمۇ ئىختىرا ئېھتىياجى.

ئەمدى تەبىئەت روھى بىلەن كۆزىتەيلى.

يەر يۈزىدىكى تاغلار، قارلىق چوققىلار يەر يۈزىگە، بولۇپمۇ قاقاسلىققا لازىملىق سۇنىڭ ئۈچ نىسبىتىنى مۇزلىتىپ ياتىدۇ. تاغلاردىن كېلىدىغان تارىم دەريالارمۇ ئاسان يوللارنى تېپىپ دېڭىز بوپ شورلىشىپ ياتىدۇ. تاغلار بولمىغان بولسا، شامال بۇلۇتلار يەر ئايلىنىشىدا تەكشى يېيىلىپ، يەر يۈزى ئورمان يايلاق بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

بۇنداق قاراشلارنى تۆۋەندىكى ئون قەۋەت تەسەۋۋۇر بىلەن يەكۈنلەيمەن:

① قۇياشنىڭ يورۇق دولقۇن، قۇيادنىڭ سوغۇق دولقۇن چېچىشى ئىختىرا؛ ② يەر ماگنىتىنىڭ تەپچىرىشىدىن يەر شارى ماگنىتلىق مەيدانى تەپچىرەپ ئېگىزلىكتىكى لەيلەشلەرنى ھاسىل قىلىشى ـ ئىختىرا؛ ③ ئاتموسفېرانىڭ نىسپىي مۇقىملىقىمۇ ئىختىرا؛ ④ ئاپتاپ ـ ھاۋا رىياكسىيەسىدىن ھاسىل بولغان رەڭلەر، شەپەقلەر ـ ئىختىرا؛ ⑤ كېئو ۋە بىئو ماتېرىيىنىڭ چاقناشلىرىمۇ ـ ئىختىرا؛ ⑥ جانلىق ۋە ئىنسان شەكلى، گۈزەللىكى ـ ئىختىرا؛ ⑦ ئىنسان مېڭىسىدىكى تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر، ئۇقۇم، سۈرەت، گەپلەر، خەتلەر ـ ئىختىرا؛ ⑧ ھەر خىل قورال سايمانلار قۇرۇلۇشلار ـ ئىختىرا؛ ⑨ ئىلمى فانتازىيە، خاتا بولسىمۇ خىياللارمۇ ـ ئىختىرا؛ ⑩ غايىۋى جەننەت خىياللىرىمۇ ـ ئىختىرا.

خېرىدارىمنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ: بۇنداق ئىختىرا ـ «بىرىنچى ئېھتىياج» دېگەن گەپ قەدىمدىن تارتىپ خۇدا (قۇلدار) نىڭ قۇل (قۇلكار) نى ئىختىراغا رام قىلىپ ماتېرىياللىرىنى ئېلىۋېلىپ ئىستېمال قىلىش مېھرى ئەمەسمۇ دېيىش مۇمكىن.

خاتىرجەم بولغىن، ئىھ گۇمان، ئىستېمال ـ ئىختىرا مۇتلەق تاناسىپ. ئۇ ھازىرچە ساڭا بەرمىگەن (ئىختىرا) قىلمىغان بىلەن مېھرىبانى ئۈچۈن بېرىدۇ، ئىختىرا قىلىدۇ. ئايلانمىلار ئارقىلىق ساڭىمۇ كېلىدۇ.

## 6 ـ باب بانكىرلىق ۋە باجگىرلىق مەسىلىلىرى بويىچە

ھازىر، دۆلەتنىڭ سەككىز قاتلاملىق ھوقۇقى ئورگانلىرىدىكى مالىيە باشلىقلىرى ۋە خادىملىرى بانكىرلىق بىلەن باجگىرلىقنى خۇددى ئۇنىڭ قولدا پۇل تەڭگە چېچىپ، سول قولدا پۇل تەڭگە يىغىش دەپ بالانسلاش سىياسىتى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى سىخېمىدا بايان قىلغاندەك، بانكىرلىقنىڭ مۇلۇكچىلىك تارىخى دەۋرىدە «ھالاللىق» ئۈچۈن بىر قەدەر مۇۋاپىق باجگىرلىقنىڭ ئارتۇقچە «ھارام» لىق ئىككەنلىكىنى قىسقىچە كۆرسەتكەنىدىم. بۇ تەپسىردە، باجگىرلىق سول قول ئەمەس، بەلكى «ئۈچىنچى قول» دەك سىرى مەلۇم بولغۇسى.

پۇل تەڭگە ھەققىدىكى بايان بانكىرلىق ئۈچۈن يېتەرلىك، ئەمدى باجگىرلىق سىرى ھەققىدە بايان قىلاي:

1) باجگىرلىق قاچان شەكىللەنگەن؟

قەدىمكى قەبىلىۋازلىق دەۋرىدە (پۇلتەڭگە ئەقلى پەيدا بولمىغان دەۋردە) ھوقۇق مەركىزى بولغان ئاقساقال بىۋاستە مېھنەت (ئوۋچىلىق) دىن ئايرىلغانلىقى يەنى يېتەكچىلىك ئەقلنى ئىزدەيمەن دەپ پىنھان سۈكۈتكە مەجبۇر بولغانلىقى ئۈچۈن، توقۇقى چېچىلغان خام ئاۋام مېھنەت (ئوۋچىلىق) رىزقى ماتېرىياللىرىدىن مەلۇم نىسبەتنى «سېلىق» تەرىقىدە ئاقساقالغا بېرەتتى. ئاقساقالمۇ «سېلىق» نىسبەتلىرىدىكى قىممەتنى بەلگىلەيدىغان «قىلىق» گەپلىرىنى چېچىپ تۇراتتى.

قەبىلىۋازلىق دەۋرى تەرەققىي قىلدى، قۇلدارلىق دەۋردە قۇلدارلىق ئەقلى مەدەن ۋە قەغەزدىن بولغان «پۇل» دېگەن «قۇل» نى ئىختىرا قىلىپ، «قۇل» بىلەن قۇللارنى گوللاش ئەقلىنى ئىختىرا قىلدى. ئاندىن «بانكىرلىق»باشلاندى، يەنى «بۇرۇنقى باجگىرلىق» ئۈستىگە بانكىرلىق قوشۇلدى.

ئەسلىدە «ئىنساپ» ئەقلى بويىچە ئېيتقاندا، ئەقلىسىز باجگىرلىق ئەھمىيىتى قالمىغاندىن كېيىن ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىم ئىدى. بىراق قۇلدار، فېئودال، كاپىتال ھوقۇقدارلىقتىكى ئىنساپسىزلىق (ئېكسپلاتاتسىيون روھى) زورلاش بىلەن گوللاشنى ئىككى قول بىلگەنلىكى ئۈچۈن، نەچچە مىڭ يىللىق تەرەققىيات ئاستا بولدى. شۇنداقلا يەلىسمان ئۈچىنچى قول بولغان باجگىرلىق، بانكىرلىق ئەقلى تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولدى.

ئاڭلىشىمچە 1962 ـ يىللىرى ئامېرىكىدىكى بىر ئىكونومىك (ئىقتىسادشۇناس) باج تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى بايان قىلغان. بىراق، ئۇنى ھېچكىم چۈشەنمىگەن. كېيىن تەتقىق قىلغۇچىلار چىقىپ باج نىسبىتىنى ئازايتىش نەزەرىيىسىنى تەجرىبە قىلىپ نەتىجە ھېس قىلغان. ئامېرىكا تەتبىق قىلىپ باجگىرلىقتىن كۆرە بانكىرلىق (ئاكسىيە) مەسىلىسىگە كۆپرەك دىققەت قىلغان. ئاخىر 90 ـ يىللاردا ھېلىقى ئىقتىسادشۇناس ئالىمغا نوبېل مۇكاپاتى بېرىلگەن.

ھازىرقى ئەھۋالنى ئالايلى. مەملىكىتىمىزدە ھەر

قىممەت ماڭاش ئۆستۈرۈش ھەرىكىتى بولغان ھامان تېخى تولۇق ئەمەلىيلەشمەي تۇرۇپ تاۋار باھاسى ئۆرلەپ كېتىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ باجگىرلارنىڭ نەپسى تاقىلداپ، ئىقتىسادىيات ساھەلىرىگە قارىتا ئالىدىغان باج، سېلىق، نىسبەتلىرىنى كۆپەيتىدۇ. ئاندىن ئىقتىسادىي تىجارەت ساھەلىرىنى چىقىم ئورنىنى قاپلاش ئۈچۈن باھانى دەرھال ئۆستۈرۈشكە باشلايدۇ. نەتىجىدە ئون يۈەن ماڭاش مەزگىلى بىلەن يۈز يۈەن ماڭاش مەزگىلىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ ماڭاشلىق قاتلاملار بىلەن ئاز ماڭاشلىق قاتلاملار ئارىسىدىكى پەرقمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ.

ئەمدى ساپ بانكىرلىق ئەقلى بويىچە تەققاسلاپ كۆرەيلى:

دۆلەت دېگەن ئابستراكت ئۇقۇم ئاستىدا چېگرا ئىچىدە زېمىن بولىدۇ. ھەر بىر پارچە زېمىن كونكرېتنى ئىنساندىن ئىبارەت مۇلۇكدار ئىلكىدە بولىدۇ. (دۆلەت ئىگىدارلىقى ئەسلىدە مەركەزدىكى مۇستەبىت روھلار ئىگىدارلىقى (دىمەكتۇر). ھەممە يەردە پۇقراۋى (توقۇقى) ئىقتىسادىي ھېسسىياتنىڭ تىرىكچىلىك ھەرىكىتى بولىدۇ.

بانكىرلىق ئەقلى بويىچە دۆلەت مەركىزى «پۇل تەڭگە» نى ئىختىرا قىلىپ، 8 قاتلام ھوقۇقى، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىيات راسخوتى ھوقۇقدار باشلىق ۋە خادىملارنىڭ ماڭاشى مۇكاپاتى تەرىقىسىدە تارقىتىدۇ (يۇقىرىقى سخېمىغا قاراڭ). ئورگانلار ۋە باشلىق خادىملار «پۇل تەڭگە» بىلەن «ھالال» شەكىلدە ئىقتىسادىي ساھەلەردىن ئىقتىسادىي ماتېرىياللارنى سېتىپ ئالىدۇ. ھۇل رەمزى مال مەھسۇلات، (قۇرۇلۇش، ماتېرىياللار) ھوقۇقى ئورگان ۋە باشلىق، خادىم تەرەپكە ئۆتىدۇ. بايلىق توپلىنىدۇ. «پۇل تەڭگە» ئالغان ئىقتىسادىي قاتلاملار «پۇل تەڭگە» نى ئۆز ئارىسىدىكى ماتېرىيال ئالماشتۇرۇش قورالى قىلىدۇ. نەتىجىدە ئىقتىسادىي ھېسسىيات جانلىنىدۇ. جانلانغان ئىقتىساد (ھۇل رەمزى) يەنى ھوقۇقى قاتلاملاردىن كېلىدىغان پۇل تەڭگە تەرەپكە ئۆتۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق جەمئىيەت مەدەنىيەت (كۇلتۇر) مۇناسىۋەتنى تېخى بىر بەدەندىكى نورمالى تەرەققىياتقا سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى.

«پۇل ـ مەي... پۇل ـ توك». پۇل تەڭگىدەك ھۇش (سېزىم) ئىككى تەرەپلىمە نىرۋانى سىملار بىلەن مېڭىدىن بەدەن قاتلاملىرىنى بويلاپ ماڭدى. ئاندىن ھۇل رەمزى (كۈچ) قاتلاملاردا جانلىنىپ، مېڭە تەرەپكە قۇد بولۇپ باردى. يەنە «ھۇش» جانلاندى.

ئەمدى بىر شىركەت (مەيدان، يېزا) نەقلىنى ئالايلى. ئۇ «كىچىك دۆلەت»، بۇ «توقۇق» ئۆزىنىڭ ئۇل (مال ـ مەھسۇلات ماتېرىياللىرىنى ئۇ «ھوقۇق» تەرەپكە سېتىپ پۇل تەڭگە ئالدى، بۇنى ئېلىۋالىدىغان باجگىر بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ پۇل تەڭگىنى ئىشچى، دېھقانلارغا ماڭاش (ھەق) تەرىقىسىدە تارقىتىدۇ. يەنە لازىملىق ماتېرىياللارنى ئېلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ. تويۇنغان ئىشچى تېخىمۇ قىزىقىپ ئىشلەيدۇ (ئىستېمالى ياخشى بولغانلىقتىن، ئىختىرادىمۇ ياخشى بولىدۇ). ماتېرىيال ئالىدىغان پۇل تولۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ماتېرىيال ئاساسىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. شىركەت ئىختىراۋى كۈچىمۇ ئۆسىدۇ. ماتېرىياللىرى سۈپەتلىك بولىدۇ.

بانكىرلىق فورمىسىنى

$$\frac{4}{4}\,P \rightleftarrows H\,\frac{4}{4}$$

شەكىلدە ئېنىق ھېس قىلىش مۇمكىن.

بەدەندە: قان تومۇرلاردا قانۇنى ئېقىش ۋە يېنىش راۋانلىقى ساپ قان بولسا نورمال بولغان بولىدۇ. ئەگەر قانغا يات بولغان ياغ ئېلېمېنتلىرى قوشۇلۇپ قالسا، قاندىكى ياغ مىقدارى كۆپىيىش تۈپەيلى، قاندىكى ئايلانما راۋان بولمايدۇ، جان (نېرۋانى ئېلېكترون ئېقىمىدىمۇ، شۇنداق) جاندا داغ (رەنجىش، ئەندىش) بولىدىكەن، جان ئارامى، راۋانى بولمايدۇ، خۇددى شۇنىڭدەك باجگىرلىقتىكى «باج» دېگەن ئۇقۇم قاندىكى ياغ، جاندىكى داغ بىلەن مەنىداش.

ھازىر، مەملىكىتىمىزدە، باج، سېلىقنى قىسمەن كۆتۈرۈۋېتىش تەجرىبە قىلىنماقتا، بىراق تۆۋەندىكى ھوقۇقى قاتلاملاردا بۇنداق تەجرىبە ئاستىدىكى بىلىم ئېنىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، باج، سېلىق باھانىسىدە پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك قىلماقتا، ماڭاشقا لايىق ئىشلىمەسلىك بىلەن ھاسىل بولغان ھۇرۇنلۇق تىندۇرمىسى ئۈستىگە پارىخورلۇق تىندۇرمىسى قوشۇلۇپ قاندىكى ياغ، جاندىكى داغ تېخىمۇ قەۋەتلەپ سورىقى بولمىسىمۇ «تەبىئەت قانۇنى» تۈپەيلى «سېمىزلىكتىن ـ چىرىيدىغان» بىداۋا كېسەللەر تېگىرقاش ئىچىدە پىنھان ئىگىرىماقتا.

دېمەك، «باج سېلىق» بىلەن «قان بېسىم» تاناسىپدۇر.

---

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات، سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە.

**تەھرىرلىگۈچى: ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى**

# «ئوغۇزنامە» دىكى نۇردىن ھامىلدار بولۇش ئەپسانىسى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى قاتلىمى

قۇربان مۇھەممەتتۇردى نىران

## 1

ئېپوسنىڭ ئەپساندىن تەرەققىي قىلىپ چىققانلىقىدەك پاكىت تەبىئىي ھالدا بىزنىڭ ئەپسانە بىلەن ئېپوسنىڭ بىر ـ بىرىگە تۇتىشىش جەريانىدىكى ئەپسانىۋى سۇژېتلارنىڭ ئىچكى قاتلىمىنى يېشىپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

روشەنكى، ئەپسانە «ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ مەنتىقىسىز، لوگىكىسىز تەپەككۇرىنىڭ ئىپادىلىنىشى»①، ئىپتىدائىي كوللېكتىپ ئاڭنىڭ يېرىك تەسىرى ۋە كوللېكتىپ ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە تولىمۇ يىراق مۇساپىگە ئىگە. «ئەپسانە دەۋرى ئەدەبىياتى ئىپتىدائىي ئىنسانلار قاراڭغۇ غارلارغا دەھشەتلىك يىرتقۇچلارنىڭ قورقۇنچلۇق ئوبرازلىرىنى سىزغان دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى ئالەمنى ياراتقۇچى قۇياش ئىلاھىنى ئىنسان شەكلىدە تەسۋىرلەشكە باشلىغان ئىپتىدائىي ئانىمىزم دەۋرىنىڭ روھىيەت ئۇتۇقلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلدى.»② ھەممە نەرسىلەر ئارىسىدا كۆرۈنمەس بىر خىل سىرلىق مۇناسىۋەت بار دەپ قارايدىغان ئاشۇ ئانىمىزم دەۋرىدە كىشىلەر تەبىئەتتىن ئۈستۈن بولغان بىر خىل يۈكسەك روھنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ سىرى كۆرگىلى بولمايدىغان سېھرىي دۇنيادا دەپ تونۇپ، ئىنسان تەپەككۇرىنى بىۋاسىتە ئىلاھلارغا باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىشتى. جەمئىيەت تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىنسانىيەتنىڭ ئىلاھلار دۇنياسىنى يارىتىشى ماھىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە مۇھىتنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغانلىقىدىن بولدى. بۇ ماھىيەت ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەقلىي جەھەتتە يۈكسەكلىكنىڭ مەھسۇلى بولغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تۆۋەنلىكى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەنىدى. شۇ دەۋرلەردە يارالغان ئەپسانىلەر ئىنسانلارنىڭ ئەڭ توپ مەنپەئەتى ۋە ئۇلار بىلەن ئەڭ بىۋاسىتە ئالاقىدار بولغان شەيئىلەر، ھادىسىلەر بىلەن چەكلەنگەنىدى. بىلىش تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇلار شۇ شەيئىلەرنى ئەڭ ئوبرازلىق، ئىلاھىي يوسۇندا تەسۋىرلىگەن، سىمۋوللۇق تەرىزدە ئىپادىلىگەنىدى. چۈنكى «ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ساددا تەسەۋۋۇرىدا سىمۋوللۇق ئاڭ شەيئىلەرنىڭ ئىچكى مەزمۇنىغا قارىغاندىمۇ، كۆپرەك ئۇلارنىڭ سىرتقى ئوبرازىنى ئاساس قىلغانىدى. شۇڭا ئۇلاردا ئابستراكت تەپەككۇرغا قارىغاندا ئوبرازلىق تەپەككۇر نىسبەتەن تەرەققىي قىلغانىدى.»③ ئۇلار ئەپسانىلەردىكى ھەر بىر ئىسىم ياكى باغلىنىشنى ئىنتايىن سىرلىق مەنىلەرگە ئىگە قىلغانىدى. بۇنداق ئىسىملار ياكى باغلىنىش بىزنىڭ ھازىرقى تىلىمىزدىكى ئىسىملارنىڭ لېكسىكىلىق ياكى سېمانتىكىلىق مەنىلىرى، لوگىكىلىق باغلىنىشلىرىدىن كۆرە، كۈچلۈك ئىلاھىي مەنىلەرگە تويۇنغانىدى. «ئانتروپولوگلارنىڭ ئەپسانە تەتقىقاتىدا شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلمەسلىكىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، بۇ خىل تەتقىقات مۇنداق ئىككى خىل پرىنسىپقا بېقىنىپ قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك. يەنى ئەپسانىلەرنى سۆز مەنىسى بويىچە ئىزاھلاش ۋە ئۇنى ئايرىم ـ ئايرىم مەدەنىيەت مۇھىتىدا تەتقىق قىلىش.»④ بىز بۇ پرىنسىپلاردىن سەل چەتنىگەن ھالدا، ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە» دىكى نۇردىن ھامىلدار بولۇش ئەپسانىسى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى قاتلىمىنى يېشىپ بېرىشكە ئورۇندۇق. بۇ ھەم ئۆز نۆۋىتىدە «ئوغۇزنامە» نىڭ باش قىسمىنىڭ كەمتۈك ھالىتىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىشكە پايدىلىق.

## 2

ئىنسانلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىكى چوڭ مېڭە قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى، ئوخشاش بىر دەۋردە ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي پىسخىك ئېھتىياجىنىڭ يەنە ئوخشاش بولىدىغانلىقى بىزگە ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە ئويلىنىشلىرىنىڭ دەسلەپكى مەھسۇلى بولغان يارالمىش ئەپسانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ھالىتىنىڭ ئاساسەن بىردەك بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى، شۇ مەنىدە ئايالنىڭ نۇردىن ھامىلدار بولۇش ئەپسانىسىمۇ دۇنيادىكى قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئومۇمىي سۇژېت مۇتىفىدۇر.

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى،

ئېپوسلىرىدىمۇ بۇ تۈردىكى ئەپسانىۋى سۇژېتلار ئاساسەن ئومۇملىشىپ كەتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە» دىمۇ بۇ تۈردىكى ئەپسانىۋى سۇژېت باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ ئېپوسلىرىدىكىدەك ئۇنچە ئېنىق، تەپسىلىي بولمىسىمۇ، بىراق ئۆزىگە جۇغلانغان ئىپتىدائىي سۇژېت ئەندىزىسى ۋە بىر پۈتۈن سۇژېت ئەندىزىسى بىلەن قوشۇلۇپ، شۇ تۈردىكى ئەپسانىۋى سۇژېتلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئۈلگىسى سۈپىتىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. يەنى «ئوغۇزنامە» دىكى ئايخاننىڭ كۆزىنىڭ يورۇشى مۇشۇ تۈردىكى ئەپسانىگە كىرىدۇ. گەرچە «ئوغۇزنامە» دە ئايخاننىڭ قانداق ھامىلدار بولۇشىغا دائىر تەپسىلىي مەلۇمات ئۇچرىمىسىمۇ، بىز بۇ سۇژېتنى شۇ تۈردىكى ئەپسانىلەرنىڭ ئومۇمىي سۇژېت ئالاھىدىلىكىگە باغلاپ چۈشەندۈرەلەيمىز.

بۇنىڭدا ئالدى بىلەن بىز مەسىلىنى زامان نۇقتىسىدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىنىڭ ئىپادىسى بولغان قۇياش ئېتىقادچىلىقىغا، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىنىڭ ئىپادىسى بولغان ئاي ئېتىقادچىلىقىغا، ماكان نۇقتىسىدىن ئورتاق مەدەنىيەت چەمبىرىكى ۋە ئوخشاش جۇغراپىيىلىك مۇھىتتا ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەدەنىيەتنى بەرپا قىلغان، تەپەككۇر ئۇسۇلى جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ئاغزاكى ئەسەرلىرىدىكى نىسبەتەن يېقىن كېلىدىغان سۇژېتلارغا سېلىشتۇرۇپ، يېقىنلاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىشنى لايىق تاپتۇق.

## 3

يىغىمچىلىك ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق نېگىزلىك ئورۇنغا ئۆتمىگەن ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە ئاينىڭ ئۆزگىرىش ۋە پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى بويىچە تۇرمۇش پائالىيەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشتەك تۇرمۇش تەرتىپى ئاساسىدا ئايغا ئېتىقاد قىلىش، ئاي ئىلاھىنى بارلىق ئىلاھلارنىڭ بېشى قىلىپ تەسەۋۋۇر قىلىش شۇ دەۋردىكى ئېتىقاد ۋە تەپەككۇرنىڭ ئومۇمىي ھالىتىگە ئايلانغانىدى. چۈنكى نەسەب ۋە مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان ئاياللارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكى ـ ئادەت كۆرۈش، قورساق كۆتۈرۈش، تۇغۇش ئىقتىدارى بىلەن ئاينىڭ ئۆزگىرىش ھالىتى قەدىمكىلەرنىڭ نەزىرىدە ئاساسەن ئوخشاش ئىدى. قۇياش نۇرىنىڭ جانلىقلارنىڭ ئۆسۈشى ۋە كۆپىيىشىدىكى رولى تېخى ئۇنچىلىك چوڭقۇر دەرىجىدە تونۇپ يېتىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلارنىڭ ئېتىقاد چۈشەنچىسى ۋە شەيئىلەرگە بولغان تونۇشى ئاي ۋە ئاي نۇرىغا بېقىنغانىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «قۇياشنىڭ ئىللىقلىقى پەقەت بىخنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىنىلا تېزلىتەلەيتتى. بىراق، قەدىمكىلەرگە نىسبەتەن ئۇرۇق ئەسلا جېنى يوق نەرسە ئىدى. بىخ سۇردى دېگەندىمۇ، بۇ خىل كۈچ تەبىئەتتىن تاشقىرى بىر خىل ھۆسۇل ئاتا قىلغۇچى كۈچ تەرىپىدىن ئاتا قىلىناتتى. بۇ سىرلىق ئىلاھ ـ شۇ دەۋردىكى تەگرىلەر تەگرىسى ئاي تەگرى ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاينى ئاشۇ ئىلاھىي كۈچ ۋە ھۆسۇلنىڭ مەنبەسى دېگىنى شۇ مەنىدە ئىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن بۇ خىل تونۇش ھەرگىزمۇ تېتىقسىزلىق ھېسابلانمايتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاي بولمىسا ئۆسۈملۈكلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆسەلمەيتتى. ئۇرۇقلار بىخلىنالمايتتى، ئاينىڭ قۇۋۋىتى بولمىسا، ھايۋاناتلار ۋە ئاياللارنىڭ ئەۋلاد قالدۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.»⑤ قىسقىسى، ئۇلار ئاينى بارلىق ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى دەپ قارايتتى. ئاياللىق نۇقتىسىدىن «ئۇلار ئاياللارنىڭ ئاي بىلەن چوقۇم ئوخشاش خاراكتېرى بار، دەپ قارايتتى. چۈنكى بۇ خىل قاراش پەقەت ئايال بىلەن ئاينىڭ ‹تولۇش› ئالاھىدىلىكى جەھەتتىكى ئوخشاشلىقىدىنلا ئەمەس، يەنە دەۋرىيلىك جەھەتتىكى ئادەت كېلىش ئالاھىدىلىكىدىن كېلىپ چىققانىدى.»⑥ «كىشىلەر ئاينىڭ ئاسماندىكى ئورنى ۋە ئايالنىڭ 28 ـ كۈندە بىر قېتىم ئادەت كېلىشىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، ئاينىڭ تولۇق ـ كەمتۈك ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئايالنىڭ ھامىلدار بولغاندىن كېيىنكى بەل قىسمىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىشقانىدى. نەتىجىدە بۇ ساماۋى ئانىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان ھېكايىلەر ئەنە شۇنىڭدىن تەرەققىي قىلىپ چىققانىدى.»⑦ شۇ دەۋرلەردىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەر ـ خوتۇنچىلىقنىڭ رولى پەقەت ئايالنىڭ جىنسىي يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئاي ئىلاھى ياكى ئاي نۇرىنىڭ ئايالنىڭ قورسىقىغا بىمالال كىرەلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىدى. ئەر ـ خوتۇنچىلىقنى ھامىلدار بولۇشنىڭ تۈپ شەرتى دەپ قارىمايتتى. «چۈنكى ئەر ـ خوتۇنلۇق بىلەن ھامىلىنىڭ يېتىلىپ ھەرىكەتكە كېلىش ھالىتى ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىت نىسبەتەن ئۇزۇن بولغاچقا، قەدىمكى دەۋردىكى ئاياللار ھامىلىنىڭ قىمىرلىشىنى ھەقىقىي ھامىلدار بولغان ۋاقىت دەپ قارايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى ئاياللار تۇغۇش ئىقتىدارىنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن، ھامىلدار بولۇشنى ئەر ـ خوتۇنچىلىقنىڭ مەھسۇلى ئەمەس دەپ قارايتتى.»⑧ ئەلۋەتتە، ئاياللار ئاي نۇرىدىن بىۋاسىتە ھامىلدار بولالمايتتى، ئاي ئىلاھى مەلۇم بىر ۋاسىتىچىنى يەر يۈزىگە ئەۋەتىپ، پەرزەنتكە ئېھتىياجلىق ئاياللارغا سوۋغا قىلاتتى. بەزى ئاياللار ئاي تولۇپ چىققان

ئاخشىمى بەدىنىنى ئوچۇق قويۇپ، ئاي ئىلاھىغا ئۆزىنى تاپشۇراتتى. بۇنداق تىۋىنىش كۆپ ھاللاردا ئورمانلىقلاردا، سۇلۇق جايلاردا ئېلىپ بېرىلاتتى.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى شۇنى كۆرسەتتىكى، ھەربىر قېتىملىق ئىش تەقسىماتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ياكى ئۆزگىرىشى ئېتىقاد جەھەتتىكى ئالمىشىشنى ئىلگىرى سۇرۇپ كەلدى. ئومۇمەن ئەرلەر ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئىسپىلىكى بولغان شەخسىي مۈلۈكلەرنى توپلاشقا باشلىغان ۋاقىتلاردا، ئەرلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە ئاتا ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلەشكە باشلىدى. نەتىجىدە ئاي ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئورنىنى قۇياش ئېتىقادچىلىقى ئىگىلىگەشكە باشلىدى. قۇياش ئېتىقادچىلىقى ئەرلەر ھۆكۈمرانلىقى ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتۈشكە تىرىشىش بولغان بولسا، مەنىۋى پائالىيىتى ئەرلەرنى قۇياش ئىلاھىنىڭ ئوغلى ياكى پىرىم ئىلاھ، پىرىم ئادەم شەكلىدە چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئىنسانلارغا خەۋپ ئېلىپ كېلىۋاتقان تەبىئەت كۈچلىرىنى بويسۇندۇرۇش، قالايمىقانچىلىقنى تەرتىپلەشتۈرۈش، ئۇلارنى ئۆز مەقستى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئاساسىي تېما قىلغان ھەرخىل ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى توقۇش، قىيا تاشلارغا ھەرخىل ئەپسانىۋى سۈرەتلەرنى سىزىش قاتارلىقلار بولدى. قۇياش تىپىك ئەرلىككە، ئاي تىپىك ئاياللىققا سىمۋول قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، ئاي ئېتىقادچىلىقى قۇياش ئېتىقادچىلىقىغا ئورۇن بوشىتىپ بەردى، لېكىن ئاي ئېتىقادچىلىقىغا دائىر نۇرغۇنلىغان ئەپسانىۋى سۇژىتلار قاتارىدا، ئاي نۇرىدىن ھامىلدار بولۇش ئەپسانىسى قۇياش ئېتىقادچىلىقى دەۋرىدىمۇ داۋاملىق ساقلىنىپ قېلىۋەردى.

## 4

نۇردىن ھامىلدار بولۇشقا ئائىت ئەپسانىلەر ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. «ئوغۇزنامە» دە بۇ تۈردىكى ئەپسانە غۇۋا ياكى يوق بولسىمۇ، بۇ ئېپوسنىڭ باش قىسمىغا دائىر باشقا ۋارىيانتلىرىدا، مەسىلەن، موللا مىر سالىھ كاشغەرى تەرىپىدىن يېزىلغان «چىڭگىزنامە»، موللا مۇسا سايرامى تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخىي ھەمىدى»، ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانى «ئەمىر گۆر ئوغلى» قاتارلىقلاردا ئۇچرايدۇ. «چىڭگىزنامە» دە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار: «بىر كېچىسى تۈڭلۈكتىن چۈشۈپ، ئول نۇر بارىپ ئاغزىدىن كىردى، ئالانقۇۋا ھامىلدار بولدى. ھەر كېچە ئول نۇر ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن كىرىپ يەنە ياسىنىپ چىقار ئىدى»⑨ دەپ خاتىرىلەنگەن بولسا «تارىخىي ھەمىدى» دە: «بىر كېچىسى ئاق ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن خۇددى ئاپتاپتەك بىر نۇر كۆرۈنگەندەك بولدى. بۇ نۇر يەنە ياش يىگىت سۈرىتىگە كىرىپ، ئالانقۇۋا بىلەن ھەمبەستەر بولدى. ئۇنىڭدا بىر خۇشاللىق پەيدا بولۇپ ھامىلدار بولۇپ قالدى.»⑩ بۇ ئىككى ئەپسانە (ئەمەلىيەتتە بىر ئەپسانە) ئايخاننىڭ نۇردىن ھامىلدار بولغانلىقىنى بىۋاستە ئېنىقلىيالمىسىمۇ، بىراق بۇ تۈردىكى ئەپسانىلەرنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىغا پاكىت بولالايدۇ. بىز مەسىلىنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق يېشىپ بېرىش ئۈچۈن يەنە تۈركىي تىللىق قوشنا خەلقلەرنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدىكى قەھرىماننىڭ غەيرىي تۇغۇلۇش، قەھرىماننىڭ ئانىسىنىڭ غايىبتىن ھامىلدار بولۇش سۇژىتلىرىغا مۇراجىئەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۇرغالچا قېدىرباي نەشرگە تەييارلىغان قىرغىزلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «ماناس» تا بۇ ھەقتە مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: «كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياقۇپ بىلەن چىيىردى قېلىن توقاينىڭ ئارىسىدىكى چوڭ بۇلاقنىڭ بويىدا كۆلخان يېقىن قونۇشقان بىر تۈندە، چىيىردىنىڭ تېنىگە يەنە بىر ئىللىق نۇر تامغاندەك بولدى. ئۇنىڭ ئالتە مىڭدەك تۇمۇر پەيلىرى چوغ بولۇپ كۆيۈپ، ئاتمىش بۇغۇنى چوغ بولۇپ ئېرىپ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدى.»⑪ «گۆر ئوغلى» داستانىنىڭ قازاقچە ۋارىيانتىدىمۇ يەنە مۇنداق ۋەقەلىك ئۇچرايدۇ: «قەدىمكى زاماندا تەكە جەۋمىنە دېگەن بىر يۇرتتا بوزاي ئىسىملىك بىر خان بار ئىكەن. بۇ خاننىڭ ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ قىزنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىكەن. بوزايخان قىزنى ھېچكىم بىلەن كۆرۈشتۈرمەسلىك ئۈچۈن بىر تۆمۈر ساراي سالدۇرۇپ قىزنى قاماپ قويىدىكەن. لېكىن كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى بۇ قىزغا كۈننىڭ كۆزى (كۈن نۇرى) تېگىپ ھامىلدار بولۇپ قالىدىكەن. دادىسى بۇنى سېزىپ قېلىپ، قىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. قىزنىڭ قورسىقىدىكى بالا گۆردە تۇغۇلىدىكەن. ئۇ بوۋاي بىر موماينىڭ مازارلىقتا ئوتلاپ يۈرگەن ئاق ئۆچكىسىنى ئېمىپ چوڭ بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ بالىغا ‹گۆر ئوغلى› دەپ نام بېرىلىدىكەن.»⑫ يۇقىرىقى مەنبەلەردە قەھرىماننىڭ ئانىسى ئومۇمەن ئاخشىمى بىر نۇرنىڭ بەدىنىگە تېگىشى بىلەن ھامىلدار بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن مۇنداق ئىككى مەسىلە ئايان بولىدۇ: بىرى، نۇر ئايالنىڭ تېنىگە ئاخشىمى تېگىدۇ. بۇ يەردىكى ئالدىنقى شەرت بولغان قاراڭغۇ ـ كېچە ئېنىقكى ئاي ئېتىقادچىلىقىنىڭ يادنامىسىدۇر. يەنە بىرى، ئاخشىمى چۈشكەن نۇرنىڭ ئاي نۇرى ياكى كۈن نۇرى ئۇنچە ئېنىق ئەمەس. نېمىلا بولمىسۇن، بۇ يەردە ئاي ئېتىقادچىلىقى بىلەن قۇياش

ئېتىقادچىلىقى ئوخشاشلا تەسىرىنى يوقاتمىغان. بىز بۇ يەردە فرانسوز ئالىمى رېنىي گرەند (Reny Grand) نىڭ «كۆك تەڭرى ئېتىقادى توغرىدىن ـ توغرا پۈتۈن تۈركلەرنىڭ ئانا ئېتىقادى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققىدۇ»⑬ دېگەن سۆزىدىن كۆك تەڭرى بىلەن ئانا تەڭرىنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە ئارىلاش ئىشلىتىلگەنلىكى، قۇياش ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئىپادىسى بولغان ئانا تەڭرىنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىپ، «قاراڭغۇدا نۇردىن ھامىلدار بولۇش» سۇژېتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈپ سەۋەب بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

بىز ئاخىرىدا تۈركىي خەلقلەر ئېپوسلىرىدىكى قەھرىمانىنىڭ ئانىسىنىڭ غايىبتىن ھامىلدار بولۇشى، بۇ توغرىلىق پال ئېچىلىشى، قەھرىمانىنىڭ غەيرىي تۇغۇلۇشىدەك سۇژېت مۇتىفلىرىدىن «ئوغۇزنامە» نىڭ كەمتۈك قىسمى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك قىياسنى ئوتتۇرىغا قويالايمىز: بىر كۈنى كېچىسى ئايخان بىر نۇرنىڭ تەسىرىدە ھامىلدار بولۇپ قالىدۇ ياكى مەلۇم بىر نۇر تەرىپىدىن ھامىلدار بولۇپ قېلىپ چۈش كۆرىدۇ. تۇغۇلماقچى بولغان بالىنىڭ قىياپىتى چۈشىدە زاھىر بولىدۇ. باشقىلار بۇ چۈشنىڭ ياخشىلىقىنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىنى دېيىشىدۇ. تۇغۇلماقچى بولغان بۇ بالىنىڭ ئىسمى «ئوغۇز» دەپ ئاتالماقچى بولىدۇ. مانا مۇشۇ يەردىن باشلاپ ئېپوسنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قىسمى باشلىنىدۇ. بىزنىڭچە، ئېپوسنىڭ باش قىسمىدىكى بۇقىنىڭ سۈرىتىنىڭ بېرىلىشى ئايخاننىڭ چۈشىدە كۆرگەن پەرزەنتىنىڭ سىمۋوللۇق كۆرۈنۈشى، يەنى ئوغۇز خاقاننىڭ ئايخاننىڭ چۈشىدىكى غەيرىي ھالىتى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېپوسلىرىدا قەھرىمان كۆپىنچە ئىنتايىن غەيرىي ھالەتە تۇغۇلىدۇ ياكى ئۇنىڭ غەلىتە تۇغۇلۇشى توغرۇلۇق ھەر خىل پاللار ئېچىلىدۇ، بېشارەتلەر كېلىدۇ.

بىز يۇقىرىدا «ئوغۇزنامە» نىڭ باش قىسمىدىكى كەمتۈك بايانلار ھەققىدە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېپوسلىرىدىكى نۇردىن ھامىلدار بولۇش ئەپسانىلىرى توغرىسىدىكى بايانلارغا ۋە «ئوغۇزنامە» سۇژېتلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ھالىتىگە ئاساسلىنىپ بىر قىسىم تەھلىلىمىزنى ئېلىپ باردۇق. ئوتتۇرىغا قويغىنىمىز بىر خىل پەرەزدىنلا ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقات تېخى چوڭقۇرلۇقتا يەتمىگەن، شۇنداقلا بىز شۇ زامان ئەپسانىۋى مۇھىتىدىن مەڭگۈلۈك يىراقلىقتا تۇرۇۋاتقان شارائىتتا تەھلىلىمىزنى ئىلمىي پەرەز بىلەن ئاخىرلاشتۇردۇق.

---

**ئىزاھلار:**


① لېۋى بروھىل: «ئىپتىدائىي تەپەككۇر»، «سودا نەشرىياتى، 1985 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 171 ـ بەت.

② ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت ئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى، 256 ـ بەت.

③ موللا مىر سالىھ كاشغەرى: «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.

④ ئاللان داندىس: «دۇنيانى سۇ ئاستىدىن قۇتقۇزغۇچىلار ــ ئەپسانە دەۋرىدىكى ئەرلەرنىڭ ياراتمىشى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىللىق 1 ـ سان، 48 بەت.

⑤⑥م. خاتتىن: «ئاي ئەپسانىسى ـ ئايال ئەپسانىسى»، شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1992 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 20 ـ بەت، 23 ـ بەت.

⑦ داۋىد لىمىڭ، ئېدۋارد بېلدا: «ئەپسانىشۇناسلىق»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 61 ـ بەت.

⑧ خې شىڭلياڭ: «جۇڭگو تۇتېم مەدەنىيىتى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 223 ـ بەت.

⑨ موللا مىر سالىھ كاشغەرى: «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى، 11 ـ بەت.

⑩ موللا موسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل 2 ـ نەشرى، 58 ـ بەت.

⑪ ئۇرغالچا قېدىرباي نەشرگە تەييارلىغان «ماناس»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى، 26 ـ بەت.

⑫ مېھرىئاي مەمتېلى: «تۈركى تىللىق خەلقلەر ئېپوسلىرىدىكى قەھرىماننىڭ ئالاھىدە تۇغۇلۇش مۇتىفى ئۈستىدە تەھلىل»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىللىق 3 ـ سان، 70 ـ بەتتىكى نەقىل.

⑬ ئەسئەت سۇلايمان: «ئۇيغۇر تۇتېم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىل نەشرى، 91 ـ بەتتىكى نەقىل.


---

ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلىدا.

**تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات**

# قەشقەر خەلق ئەلنەغمە سەنئىتى

سەپەر ھۇسيىن، مۇھەممەت تۇرسۇن ئىبراھىم

قەشقەر خەلقىنىڭ شەكلى خىلمۇ خىل، رەڭدار سەنئەت خەزىنىسىدە خەلق ئەلنەغمە سەنئىتىمۇ ئۆزىگە خاس مەزمۇن ۋە شەكلى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ، ھەرخىل گۈللەر تىزىلغان بىر گۈلدەستىدەك كۆزلەرنى قاماشتۇرىدۇ.

خەلق ئەلنەغمە سەنئىتى كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن يارىتىلىپ ئەسىرلەر داۋامىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەمگەك — تۇرمۇش جەريانىدىكى ئىدىيە — ھېسسىياتى، ئۆرپ — ئادەتلىرى، ئارزۇ — ئارمان، قايغۇ — ھەسرەت، شاد — خۇراملىق، كۈلكە — چاقچاق، مۇھەببەت — نەپرەت، پەم — پاراسەت، ئەقىل — ئىدراك ۋە ئادەملىكى قاتارلىقلارنى ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ پىشقان تىل، مىللىي تەسەۋۋۇرىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرى سۈپىتىدە ئەسىرلەردىن بېرى خەلق ئاممىسىغا پۇتمەس — تۈگىمەس مەنىۋى زوق ئاتا قىلىپ كەلدى.

خەلق ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، كۈچلۈك مىللىي پۇراقا، خىلمۇخىل ئەپچىل، جانلىق، ھەرىكەتچان شەكىلگە ئىگە بولۇپ، دەۋرىمىزدە چەت — يىراق جايلاردىكى كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى بىردىنبىر كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بولۇپ كەلمەكتە ۋە ئۆزىنىڭ جانلىق، ھازىر جاۋاپ، ماكان — زامانغا تېز ماسلىشىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن زامانلارنىڭ مابەينىدە خەلق بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، خەلقنىڭ سەنئەت خەزىنىسىنى بېيىتىپ، يېڭى زامان خەلق سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي سۈپىتىدە سەنئەت بېغىمىزدا چاقناپ ۋە جۇلالىنىپ تۇرماقتا.

سۆز مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ئەلنەغمە دېگەن ئاتالغۇ تارىخى ئاتالغۇلاردىن بولۇپ، ئەل ئىچىدىكى ياكى خەلق ئارىسىدىكى نەغمە — ناۋا، ساز دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ، ئۇزاق زامانلار مابەينىدە ساز، ناخشا، ئويۇن — كۈلكە، ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىش مەزمۇنىدىكى سەنئەت تۈرلىرى شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ خىل سەنئەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان سەنئەتكارلار خەلق ئارىسىدا ھۆرمەت بىلەن «ئەلنەغمىچىلەر» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئەلنەغمە سەنئىتى — خەلقنىڭ ماددىي ھاياتى جەريانىدىكى ئىجادىي ئەمگەكلىرى، كوللېكتىپ ئەقىل — پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئۇلار خەلق بىلەن بىرگە ياشاپ، ھەرخىل مۇھىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ، خەلقنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئەقىل — پاراسەتلىرىنى ئۇرغۇتۇپ، بىر — بىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. تارىم ۋە تۈمەن دەريالىرىنىڭ دولقۇنلىرىغا ئوخشاش ئىز بېسىپ، ئۇنى زامانىمىزغىچە داۋام قىلدۇرۇپ كەلدى. خەلق ئەلنەغمە سەنئىتى — ھازىرقى زامان خەلق سەنئىتىنىڭ ئانىسى، ئۇنى داۋاملىشىش ئەمەلىي ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدۇرغان، ھاياتىي كۈچ بېرىدىغان ئاساسىي مەنبە.

خەلق ئەلنەغمە سەنئىتى — مەزمۇن ۋە شەكلىنىڭ موللۇقى جەھەتتە ھازىرقى زامان مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە تىياتىر سەنئىتىدىن خېلىلا يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كىشلەرگە بېرىدىغان ئېستېتىك نەرقى ۋە ئۆزگىچە ئەركىن — ئازادە ھۇزۇرىنى زامانىۋى ناخشا — مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە تىياتىر قاتارلىقلار ئۈستىگە ئالالمايدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام» پۈتكۈل ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ جۇغلانمىسى ياكى ئۇنىڭ «سۆت ئانىسى» دېيىلسە، قەشقەر خەلقىنىڭ ئەلنەغمە سەنئىتىنى «12 مۇقام»نىڭ بالىسى دەپ ئاتاش توغرا، ئۇلاردا ئوخشاشلىقمۇ، ئۆزگىچە خاس پەرقمۇ بار.

«12 مۇقام»نىڭ تەركىبىدىكى مۇقاملار — چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپ قاتارلىقلارنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلغان ئاساستا، يەنى بىر خىل ئاھاڭ شەكلى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولسا، خەلق ئەلنەغمە سەنئىتى — مۇزىكىلىق ۋە مۇزىكىسىز قوشاق، مۇزىكىلىق ۋە مۇزىكىسىز ۋائىزلىق — مەدداھلىق قىلىش، ھەجۋىي كومېدىيىلىك ۋە ھەجۋىي قىلىپ سۆزلەش، ھەرخىل مەشرەپ ئويۇنلىرى قاتارلىق ھەرخىل سەنئەت تۈرلىرىنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلغان كۆپ خىل قۇرۇلمىغا ئىگە، خەلقنىڭ ئىچىدىكى سەنئەت شەكلىدىن ئىبارەت.

مۇقام مۇزىكىلىرىدىكى بىر خىل قانۇنىيەت شۇكى،

بىر تەرەپتىن، خەلق ئەلنەغمىلىرى تاكامۇللىشىپ، مۇقاملارنىڭ گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇقاملار گەۋدىسى ئۆز ئىچىدىن ھەرخىل شەكىل، نۇسخا ۋە ۋارىيانتلىرىغا شاخلىنىپ، ئايرىلىپ چىقىپ، خەلق ناخشىلىرى، ھەرخىل سەنئەت تۈرلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. مۇنداق مۇناسىۋەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەلنەغمە سەنئىتى بىر تەرەپتىن، «12 مۇقام» نىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىلىرى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، «12 مۇقام» دىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان كۆپ خىل تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەنئەتنىڭ يەنە بىر خىل ئالاھىدە شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇزاق زامانلار مابەينىدە داۋاملىشىپ كەلگەن قەشقەر خەلق ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، بىر قەدەر مۇقىمراق ۋە كۆزگە كۆرۈنگەنلىرى تۆۋەندىكىچە:

## 1. داستانچىلىق

داستانچىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدە دىققەتنى ئەڭ كۈچلۈك دەرىجىدە تارتىدىغان، خەلقنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى مەزمۇن قىلغان بولۇپ قەشقەر خەلق سەنئىتى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇننى تۇتىدۇ. ئۇ، مۇزىكىلىق ۋە مۇزىكىسىز داستاندىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

قەشقەر دائىرىسىدە تارقىلىپ، كەڭ ئاممىنىڭ ئالاھىدە ياخشى كۆرۈپ ئاڭلىشىغا مۇيەسسەر بولغان مۇزىكىلىق داستانلار تۆۋەندىكىچە:

1. غېرىپ ـ سەنەم، 2. لەيلى ـ مەجنۇن، 3. پەرھاد ـ شېرىن، 4. يۈسۈپ ـ ئەھمەد، 5. قەمەر شاھ، 6. ھۆرلىقا ـ ھەمراجان، 7. نەزەر مۇپتى، 8. سېيىت نوچى، 9. شاھزادە پەررۇھ ـ مەلىكە گۈل روھ، 10. گۆر ئوغلى سۇلتان، 11. ۋاھمۇق ـ موزۇرا، 12. جانان، 13. ئابدۇراخمان غوجا، 14. سېيىت ئەنسارى، 15. بابا روشەن، 16. تاھىر ـ زۆھرە، 17. رابىيە ـ سەئىدىن، 18. ئات بىلەن تۆگە، 19. چېۋىن بىلەن تاز، 20. سارىخان، 21. چىن تاز، 22. پولاخان تۆرەم، بۇ داستانلار ھازىرغا قەدەر خەلق ئارىسىدا ئوقۇلۇپ، سەنئەت سورۇنلىرىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. خەلق داستانلىرىنى كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى ئاجايىپ كۈچلۈك ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان سەنئەتكارلار ھېچقانداق يازما ماتېرىيالغا قارىماي، ئۆزىنىڭ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى، ئالاھىدە قابىلىيىتىگە تايىنىپ خەلق ئارىسىدىكى ھەرخىل توي ـ تۆكۈن، يىغىلىش، بايرام ۋە باشقا پائالىيەتلەردە ئوقۇيدۇ. كەڭ خەلق ئاممىسى مۇنداق سەنئەتكارلارنى چىن كۆڭلىدىن سۆيۈپ «داستانچىلار» دەپ ئاتايدۇ. بۇ داستانچىلار داستان ئوقۇش ئارقىلىق خەلق قەھرىمانلىرىنى مەدھىيىلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئالاھىدە مىللىي خاسلىق ۋە مىللىي روھقا ئىگە تىپلار ئارقىلىق كەڭ ئاممىنى ۋە كەڭ ياشلارنى تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ.

قەشقەر تەۋەسىدىكى مەشھۇر داستانچىلار ھەققىدە رىۋايەت ـ ئەسلىمىلەردىن باشقا ئېنىق يازما خاتىرىلەر يوق، پەقەت يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن داستانچىلارنىڭ ئىسىملىكى تۆۋەندىكىچە:

1. تۇرسۇن سايىم ــ بۇ كىشى يەكەن ناھىيە قوشراپ يېزا 9 ـ كەنتىدىن، ئۇنىڭ ئەل ئارىسىدا خېلى داڭقى بار بولۇپ، 78 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

2. ئىسمايىل قارى ــ بۇ كىشى مەكىت ناھىيە، 1 ـ يېزا چامغۇرلۇق كەنتىدىن بولۇپ، ھازىر 51 ياشقا كىردى.

3. ئېلى قۇربان ــ بۇ كىشى مەكىت ناھىيە، قىزىل ئاۋات يېزا9 ـ كەنت، يەنى تاتار ئۆستەڭدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەل ئارىسىدا خېلى داڭقى بار. ئۇنى ئەل ـ جامائەت، ئىلەك داستان دەپ ئاتايدۇ. ئۇ، «يۈسۈپ ـ ئەھمەد» داستانىنى ناھايىتى ياخشى ئېيتىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ داستان ئېيتىشى ناھايىتى يېقىملىق ئىدى. بۇ داستاندا 78 ناخشا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 8 ناخشا ئۆزگىچە، بىر ـ بىرىگە زادى ئوخشىمايدۇ. قالغان ناخشىلار ھەربىر نەزمىدە تەكرار ئوقۇلىدۇ. ئېلى قۇربان ئۆزىنىڭ خاتىرىسىنىڭ ياخشىلىقى، ئوقۇغان ئاھاڭنىڭ يېقىملىق بولۇشى بىلەن قەشقەر دائىرىسىدە «يۈسۈپ ـ ئەھمەد» داستانىنى تولۇق ئوقۇيدىغان خەلق داستانچىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ، ئۆلۈپ كەتكەن.

4. ئەبەيدۇللا ھاجىم ــ يېڭىسار ناھىيە ئۇچار يېزا، بوزغوت13 ـ كەنتىدىن ھازىر 60 ياش ئەتراپىدا.

5. تۇرغۇن موللا ــ بۇ كىشى يېڭىسار ناھىيە، ئەگىز يېزا كامپا كەنتىدىن بولۇپ 73 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇ، داڭلىق داستانچى ھەم داڭلىق خەلق قوشاقچىسى نامى بىلەن 60 ـ 70 ـ يىللاردا نام قازانغان.

6. تۇرغۇن مۆمىن ــ يېڭىسار سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەيدۇ. 50 ياشلاردا بولۇپ، راۋاپ چېلىپ ھەم داستان ئوقۇيدۇ، ھەم قوشاق ئوقۇيدۇ. ئۇ، خەلق ئارىسىدىكى شائىر.

7. موللا ھەمزە ــ يېڭىسار ناھىيە، چولپان يېزا، 2 ـ كەنتىدىن بولۇپ، ھازىر 76 ياشتا.

8. ئۆمەر مامۇت ــ يەكەن ناھىيە، مىشا يېزا 4 ـ كەنتىدىن بولۇپ، 70 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

9. مەردان موللا ــــ مارالبېشى ناھىيە، ئاۋات يېزا ئاۋات كەنتىدىن بولۇپ 90 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ، ھايات ۋاقتىدا دولان قىل غېجەكنى چېلىشقا ئۇستا ئىدى.

10. ئابلىز قارى ــــ مارالبېشى ناھىيە، سېرىق بۇيا يېزا ئايلانما كەنتىدىن بولۇپ ئۇ، دۇتار بىلەن داستان ئوقۇيدۇ. دۇتار بىلەن تۆرلۈك ھېكمەتلەرنى ئوقۇيالايدۇ.

11. ھاتەم موللا ــــ مارالبېشى ناھىيە، ئالاغىر يېزا 4 ـ كەنتىدىن بولۇپ 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

12. قادىر مەخسۇت ــــ كونا شەھەر ناھىيە، سايۋاغ يېزا 5 ـ كەنتىدىن بولۇپ ھازىر 75 ياشتا.

13. مۇھەممەت توختى ــــ كونا شەھەر ناھىيە، پاختا زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى بولۇپ ھازىر 50 ياشتا.

14. ئاۋۇت راۋاب ــــ قەشقەر دائىرىسىدىكى مەشھۇر داستانچىلارنىڭ بىرى بولۇپ راۋاب چېلىشقا ماھىر. ئۇ، نۇرغۇن داستان ۋە خەلق قوشاقلىرىنى ئوقۇيتتى. ئاۋۇت راۋاب ھازىرقى سەھنىلەردىكى مەرھۇم داۋۇت راۋاپنىڭ دادىسى، ئاۋۇت راۋاب ھايات مەزگىللىرىدە ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئۆز ماھارەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئارىسىدىكى ئاكتىپ پائالىيەتچى ۋە تەشۋىقاتچى بولغان. ئۇ 1978 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 78 يېشىدا ۋاپات بولۇپ كەتكەن. يەنە قەشقەر شەھىرىدە راۋاب بىلەن داستان ئوقۇپ قوشاق ئېيتىدىغان يولدىشكام كوسا، ئۇ قارنى چوڭ بولغان بوم ئاۋازلىق راۋابى بىلەن «سېيىت نوچى» ، «ئابدۇراخمان غوجا» ناملىق خەلق داستانلىرىنى ئوقۇيتتى. ئۇ، يېڭىسارلىق سەنئەتكار ئىدى.

يەنە قەشقەر شەھىرىدە داستان ئېيتىپ ــــ قوشاق ئوقۇيدىغانلاردىن شاھ مۇھەممەد، بەشكېرەم سىرىقتىن تەۋەككۇل راۋاب، قەشقەر شەھىرىدىن توختى ئاخۇن راۋاب، يېڭىسارلىق ئاكا ـ ئۇكا قوشماق «ھەسەن ـ ھۈسەن» راۋابچىلارمۇ خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى مەشھۇر داستانچىلار ئىدى.

قەشقەر خەلق ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان « داستانلار» قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كونا شەھەر، يېڭىسار، مەكىت، مارالبېشى قاتارلىق ناھىيەلەرنىڭ كەڭ يېزا ـ بازارلىرىدا ساقلىنىپ كەلگەن. بۇ، يەرلەردىكى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى بۇ داستانلارنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ. بۇ داستانلارنى مەخسۇس سورۇن تۈزۈپ، ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ.

بۇ داستانلارنى ئوقۇيدىغان داستانچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئاتا مىراس داستانچىلار بولۇپ، ئۇلار بۇ داستانلارنى دادىلىرىدىن، ئۆزىنىڭ يۇرت ـ مەھەللىرىدىكى داستانچىلاردىن ئاڭلاپ ئۆگەنگەن. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرى 80 ياشتا بولسا، ئەڭ كىچىكلىرى 50 ياش ئەتراپىدا، بۇ داستانچىلارنىڭ ھەممىسى دېھقانلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سەنئەتكە بولغان قىزىقىشى، ھەۋەسلىرى مەشقلەردە مۇستەھكەملەنگەن. ئۇلار مۇنتىزىم ھالدا سەنئەت تەربىيىسى، سەنئەتنىڭ قائىدە ـ تۈزۈم تەربىيىسى ۋە تەشكىللەرنى كۆرمىگەن. داستان ئوقۇش ئۇلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى ھەۋەس قىزىقىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بولغان. سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى، مەدەنىيەتنىڭ ئومۇملىشىشى، تۈرلۈك مەكتەپلەردە ئوقۇپ بىلىم ئېلىش قاتارلىقلار تۈپەيلى خەلق ئارىسىدىكى داستانچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ داستانچىلىق كەسپىنى داۋام قىلدۇرۇشنى خالىمىدى. نەتىجىدە چوڭلار ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ياشلار بۇ ئىشقا قىزىقماي، بۇ ئەنئەنىۋى سەنئەت تۈرىدە ئاتىدىن بالىغا، ئۇستازدىن شاگىرتقا ئۆتۈپ دەۋردىن ـ دەۋرگە، زاماندىن ـ زامانغا داۋاملىشىپ كېلىشتەك تارقىلىش يولى تارىيىپ، ئاخىرى يېتىشىپ كەلمەسلىكتەك بىنورمال ئەھۋال پەيدا بولماقتا.

داستان ئېيتىش ئۇسۇلى ۋە شەكلى تۆۋەندىكىچە:

داستانچىلار داستان ئوقۇغان جەرياندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چالغۇ ـ ئەسۋابلىرىدىن دۇتار، تەمبۇر، راۋاب، ساتار، داپ قاتارلىق سازلىرىنى چېلىپ داستان ئېيتىپ كەلگەن. داستان ئوقۇشتا ئالدى بىلەن داستاندىكى ۋەقەلىكنى ھېكايە قىلىش ئۈچۈن بىر كىشى باش بولۇپ ھېكايە ئوقۇيدۇ. داستانىنىڭ نەزمى قىسمىغا كەلگەندە ياكى دۇتار، ياكى راۋاب بىلەن نەزمىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇيدۇ. بىر داستان تۈگىگىچە ھېكايە سۆزلەش، ناخشا ئېيتىش شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ. ھېكايە ئاخىرلىشىپ، بىر داستان تۈگىگەندە «ئاللاھۇ ئەكبەربى ساۋاپ» دەپ، سوزۇق ئاھاڭلىق ئوقۇش بىلەن سۆزلەش ئاخىرلىشىدۇ. ھەرقايسى جاي، ھەرقايسى سورۇنلاردا داستان ئوقۇپ، ھېكايە سۆزلىگەندە يۇقىرىقىدەك «ئاللاھۇ ئەكبەربى ساۋاپ» دەپ ئاھاڭلىق بىر كەلىمە سۆزنى قىلىش بىلەن داستاننى ئاخىرلاشتۇرۇش داستانچىلارنىڭ داستان ئوقۇشىدىكى مۇھىم بىر ئادەت بولۇپ قالغان.

داستاندىكى نەزملەر بەزىدە ئاھاڭلىق، بەزىدە ئاھاڭسىز ئوقۇلىدۇ. مۇنداق دۇتار، تەمبۇر، ساتار، داپ قاتارلىق چالغۇلار بىلەن ئوقۇلىدىغان داستانلار كۆپ ھاللاردا ئۆي ئىچىدە-مەشرەپ سورۇنلىرىدا، چايخانىلاردا، يەنە ئەمگەكچى دېھقانلار ئەمگەك قىلىپ ئارام ئالىدىغان چاغلىرىدىكى ئاممىۋى سورۇنلاردا، كەچ كۈزدىكى ئاخشاملاردا قوناق سويىدىغان ئەمگەك سورۇنلىرى قاتارلىقلاردا ئوقۇلىدۇ. ئارام ئالغۇچىلار، ھاردۇق چىقارغۇچىلار، قول مەشغۇلاتى بىلەن

مەشغۇل بولغۇچىلار بىر تەرەپتىن ھۇزۇرلىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەمگەك قىلىپ، جاپالىق ئەمگەك، ئۇزاق ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالىدۇ.

داستان ئوقۇشتا كەڭ سورۇن، چىرايلىق سەھنە، سەنئەت كىيىم ـ كېچەكلىرى، رەڭ ـ گىرىم قاتارلىقلار تەلەپ قىلىنمايدۇ. خەلق ئارىسىدىكى سەنئەتكارلارنىڭ تونۇش چىرايى، تونۇش كىيىم ـ كېچەكلىرى، تونۇش ئاھاڭ تەلەپپۇزلىرى خەلقنىڭ ئاغزىدا تالاي ـ تالاي، تەكرار ـ تەكرار سۆزلىنىپ تاۋلانغان. ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئۆتكۈر ۋە قىسقا بولغان گۈزەل تىلى ئارقىلىق كەڭ خەلق داستانلىرى كەڭ خەلقنىڭ روھىي دۇنياسىنى شادلىققا تولدۇرىدۇ. بۇ، داستاننىڭ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى كۈچ ـ قۇۋۋىتى.

## 2. قوشاقچىلىق

قەشقەر خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدىغان تارىخىي ئۇزۇن، ئەل ئىچىگە ئومۇملاشقان، ئەپچىل شەكىللىرىنىڭ بىرى ـ قوشاقچىلىق.

قوشاقچىلىق مۇزىكىلىق ۋە مۇزىكىسىز قوشاقتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. قەشقەر دائىرىسىدە «داستانچى» دەپ ئاتالغان، نۇرغۇن خەلق سەنئەتكارلىرى ئەسلىدە «قوشاقچى» لار بولۇپ، ئۇلار تەرەققىي قىلىپ، داستان ئېيتىش بىلەن مەشغۇل بولغان. قوشاقچىلار كۆپىنچە راۋاب بىلەن مەشغۇل بولغان. قوشاقچىلار كۆپىنچە راۋاب، دۇتار بىلەن قوشاق ئوقۇيدۇ. قوشاقچىلىق ھازىر جاۋاب، يەڭگىل بولۇپ، خەلق ئاممىسىنى كۈلدۈرۈش، شادلاندۇرۇش ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ شادلىقى، قايغۇسى، ھەرخىل پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلگەچكە قوشاقلارنى خەلق ئاممىسى بەك ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ. قوشاقچىلىقنىڭ مۇزىكىلىق تۈرى مۇزىكىسىنى ئاساس، سۆزىنى قوشۇمچە قىلسا، مۇزىكىسىز تۈرى سۆزىنى ئاساس، مۇزىكىسىنى قوشۇمچە قىلىدۇ.

## 3. ۋائىزلىق ـ مەدداھلىق سەنئىتى

ۋائىزلىق ـ مەدداھلىق خەلق ئارىسىدىكى سەنئەتكارلار تەرىپىدىن داستان ئېيتىش، ھېكايە سۆزلەش، مەلۇم بىر ۋەقەلىكنى تەسۋىرى بايان قىلىش ئارقىلىق مەلۇم مەزمۇننى تىل سەنئىتى ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان نۇتۇق سەنئىتى. ۋائىزلار ـ مەدداھلار خەلق ئارىسىدىكى ناتىقلار، ۋائىزلار ـ مەدداھلار داستان ئېيتىش، ھېكايە سۆزلەش، ۋەقەلىكنى تەسۋىرى بايان قىلىشتا تىلنى ئاساس، ناخشا ۋە ھەرىكەتنى قوشۇمچە قىلىدۇ. مەدداھلار ۋائىزلارنىڭ شاگىرتلىرى بولۇپ، ئۇلار ۋائىزلارغا ماسلىشىپ، ھەربىر بايان ئاخىرىسىدا، دوست تارتىشىپ كەيپىياتنى جانلاندۇرىدۇ. (بۇ ھەقتە ئايرىم ماقالە يېزىلغاچقا، بۇ يەردە توختالمايمىز).

## 4. كومېدىيىلىك سۆزلەش

كومېدىيىلىك سۆزلەش ـ ئىدىيىۋى مەزمۇننى تىل ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان سەنئەت بولۇپ، ئۇنىڭدا تىل ئاساس، ھەرىكەت قوشۇمچە بولىدۇ.

«كومېدىيە» كۈلكە دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، تۇرمۇشتىكى ھەرخىل ئىشلارنى كۈلكىلىك ئامىل، كۈلكىلىك تىل، كۈلكىلىك شەخسلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ، تەربىيىلەش مەقسىتىگە يېتىدۇ. كۈلكىلىك سۆزلەشتىن ئىبارەت بۇ ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ شەكلى ئاساسەن، ئىككى كىشىلىك بولۇپ، ئىككى ئارتىس ئورۇنلايدۇ.

كومېدىيىلىك سۆزلەش سەنئىتى مەزمۇن جەھەتتىن، (1) مەسخىرىلەش تۈرى، (2) مەدھىيىلەش تۈرى، (3) بىلىم ـ ساۋاق تۈرى، (4) شادلاندۇرۇش تۈرى دېگەندەك تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئەلنەغمە سەنئىتى ھازىرقى زامان شارائىتىدا تەرەققىي قىلىپ، بىر خىل «كۈلدۈرگە» شەكلىگە تەرەققىي قىلدى. خەلق ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان نۇرغۇن كۈلدۈرگە چولپانلىرى خەلق سەنئىتى ئىچىدە ئالاھىدە چېلىقىپ كەڭ ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشمەكتە.

## 5. ھەجۋىي كومېدىيە

ھەجۋىي كومېدىيە ـ كۈلدۈرگە سەنئىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ، كۈلكىلىك ئويۇن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ، بەزىدە «مۇبالىغىلەشتۈرۈش سەنئىتى» دەپمۇ ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدا مەلۇم بىر ۋەقەلىكنى ياكى مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئوبرازى ھەجۋىيلەشتۈرۈپ، مەسخىرە قىلىش، تەنقىد قىلىش، قامچىلاش شەكلى بىلەن جەمئىيەتتىكى يامان ئىش ـ يامان ھەرىكەتلەرنى، ناچار شەخس، ناچار ھەرىكەتلەرنى قامچىلاش ئارقىلىق كەڭ ئاممىنى تەربىيىلەش ۋە ئۆزگەرتىش مەقسەت قىلىنىدۇ. ھەجۋىي كومېدىيە ـ سەھنە كومېدىيىسى، كوچا كومېدىيىسى دەپ ئىككى تۈرگە، گىرىملىك كومېدىيە، گىرىمسىز كومېدىيە دەپ ئىككى خىل شەكىلگە ئايرىلىدۇ.

گىرىملىك كومېدىيە ـــ گىرىم ۋە غەيرىي كىيىملەر بىلەن مۇبالىغىلەشتۈرۈش ـــ ھەجۋىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق،

رەڭ ـ بىزەك بىلەن كۆلكە پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنى ئىبرەت ئېلىش، تەربىيە ئېلىشقا دەۋەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، گىرىمسىز شەكلى گىرىم قىلىنمىغان هالدا، كىيىم ـ كېچەكسىز شەكلى بىلەن يامان ئىش، يامان هەرىكەتلەرنى دوراپ، مەسخىرە قىلىش ئارقىلىق كۆلكە پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنى تەربىيىلەشتەك ئاساسىي مەقسەتكە يېتىدۇ. هەجۋىي كومېدىيە ئالاھىدە سەھنە، دائىرە بىلەن چەكلەنمەيدۇ.

## 6. ئېيتىشىش

ئېيتىشىش شەكلى ــ سۆزنى ئاساس، ئۇسۇلدىن ئىبارەت هەرىكەتنى قوشۇمچە قىلىدۇ. ئۇ، بىر ئەر، بىر ئايال ئارتىسنىڭ بىر ـ بىرىگە سوئال قويۇپ، جاۋاب بېرىش شەكلىنى ئاساس قىلغان بىر خىل سەنئەت شەكلى بولۇپ، كۆپىنچە «لەپەر» دېيىلىدۇ.

ئېيتىشىش ــ ئۆزىنىڭ مەزمۇنى، ئورۇنداش شەكلىگە قاراپ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، سۆز بىلەن سوئال قويۇپ، سۆز بىلەن جاۋاب بېرىش، يەنە بىرى ناخشا بىلەن سوئال قويۇپ، ناخشا بىلەن جاۋاب بېرىش شەكلى. ئۇ يەنە، ئەگىشىشكە تەرتىپكە قاراپ، ئىككى ئايال، ئىككى ئەر ئارتىس، بەزىدە تۆت جۈپ ئەر ـ ئايال ئارتىسلارنىڭ جۈپ ئويناش شەكلىنى ئاساس قىلىدۇ.

ئېيتىشىش قەدىمىي شەكىل بولۇپ قەشقەر دائىرىسىدە 40 ـ يىللاردىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتەك مەدەنىيەت هەرىكىتىدە كۆپ قوللىنىلغان، ئۇ چاغدا ئەرلەر ئاياللارنىڭ رولىنى كىيىم ـ گىرىم بىلەن ئويناپ چىققان.

## 7 . هېكايىلىك ناخشا (باللادا)

قەشقەر خەلق ئەلنەغمە سەنئىتى ئىچىدە هېكايىلىك ناخشا يەنى باللادا خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان، هازىرغىچە خەلق ئارىسىدا داۋاملىق ئوقۇلۇپ كېلىۋاتقان، ئاما چىن كۆڭلىدىن ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان بىر خىل ناخشىلار بولۇپ، ئۇلار هېكايە شەكلىنى ئالغان ناخشىلار. ئۇلاردا خېلى مۇكەممەل بولغان ۋەقەلىك، ياكى قىزىقارلىق هېكايە بار، ئۇلاردىن خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «خالىدەم»، «روزىلەم»، «قەمبەرنىسا»، «ئانام ـ ئانام»، «ئانا ئارزۇسى»، «مەرەمنىسا»، «داموللام» قاتارلىقلاردا ۋەقەلىك يەنى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان هېكايە سۇژىتى بار. شۇڭا ئۇلار خەلق ئاممىسى ئارىسىغا كەڭرى تارقالغان، خەلقنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن. شۇڭا هېكايىلىك ناخشىلار ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى هېسابلىنىدۇ. ئۇلار خەلق ئارىسىدىكى هەرخىل سورۇنلاردا هەتتا ئۆي ـ ئۆيلەردىكى ئولتۇرۇشلاردا ئوقۇلىدۇ. هېكايىلىك ناخشىلار قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان شەكىل بولۇپ، خەلق ئارىسىدىكى يامان ئات ھەققىدە هەجۋىي يەنى «نەزەرمۇپتىغا» يېزىلغان خەت كەبى ئەسەرلەرمۇ ئۆتكۈر هېكايىلىك ناخشىلارنىڭ سەرخىلى هېسابلىنىدۇ.

## 8. يەرلىك هەرخىل مەشرەپلەر

قەشقەر خەلق ئەلنەغمە سەنئىتى ئىچىدىكى مەشرەپ پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپلۈكى، مەزمۇنىنىڭ مولللۇقى، تەربىيەۋى ئەھمىيىتىنىڭ چوڭلۇقى بىلەن ئەلنەغمە سەنئىتى ئىچىدە مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. بۇ خىل سەنئەت شەكلى ئۆزىدىكى بىر قىسىم مۇكەممەل قائىدە ـ نىزاملىرى بىلەن «سەنئەت مەكتىپى» ياكى «ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىش مەيدانى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى قەدىم دەۋرلەردىن تارتىپ هەرخىل مەشرەپ سورۇنلىرىنى تۈزگەن بولۇپ، مەشرەپلەر ئۆزىنىڭ پائالىيەت مەزمۇنىغا ئاساسەن ( 1) هېيت ـ بايرام مەشرەپلىرى، ( 2) توي ـ تۆكۈن مەشرەپلىرى، ( 3) قاتار مەشرەپلىرى، ( 4) تەكلىپ مەشرەپلىرى، ( 5) ناماقۇللۇق مەشرىپى، ( 6) ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرىپى قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ.

خەلقنىڭ سەنئەت پائالىيەتلىرىنىڭ خىلمۇخىل بولۇشى، هازىرقى دەۋردىكى تەرەققىياتلىرىغا ئەگىشىپ، مەشرەپلەر سەھنە ياكى ئېكرانلىق مەشرەپلەرگە تەرەققىي قىلىپ زامانىۋى ئۇسكۇنىلەردىن پايدىلىنىپ تارقىتىلىۋاتىدۇ. مەشرەپ ئۇزاق زامانلارنىڭ مابەينىدە ئىزچىل داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان سەنئەت پائالىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭدا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ بىردەك ئىشتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن خېلى مۇكەممەل بولغان قائىدە ـ نىزاملار بار، يەنى مەشرەپنىڭ كۆپچىلىك ئىشتىراپ قىلغان بىر يىگىت بېشى بار. ئۇ، كۆپچىلىكنىڭ پىكرىگە ئاساسەن سورۇننى باشقۇرىدۇ. سورۇن ئەهلى ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. مەشرەپكە تەرتىپ ئىنتىزامنى باشقۇرىدىغان ئىجراچى، يەنى «مىرشاپ» دەپ ئاتىلىدىغان تەرتىپ ساقلىغۇچى بار. مەشرەپنىڭ قاتناشچىلىرى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇپ، مەشرەپ قائىدىلىرىگە هۆرمەت قىلىدۇ ۋە رىئايە قىلىدۇ. دېمەك، هەرىكەت بىر تۇتاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەشرەپتە مەشرەپ قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار ياكى سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچىلەرگە جازا بېرىلىدۇ. بۇ جازالار ـ ناماقۇللۇق جازاسى، سەۋەنلىك جازاسىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.

ناماقۇللۇق جازاسى ــ ئىقتىسادىي جەھەتتىن بېرىلىدىغان جازا بولۇپ، ئۇنىڭدا كەمچىلىك ئۆتكۈزگۈچە-

نىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى، ئىقتىسادى ئەھۋالىغا
قاراپ؛ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالدىكى ئىقتىسادىي سىلىق
سېلىنىدۇ. بۇنداق سېلىقلارنىڭ كۆپچىلىكى يېمەك -
ئىچمەك، ھەرخىل مېۋە - چېۋىلەر بولۇپ، ئۇلار كەڭ
مەشرەپ ئەھلى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ.

سەۋەنلىك جازاسى — سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچىنىڭ
سەۋەنلىكىنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ، ھەم كۈلكە، ھەم ئىبرەت
بولىدىغان جازالار بېرىلىدۇ. يۇقىرىلاردىن كۆپچىلىك ئالدىدا
ناخشا ئوقۇش، ياكى ئۇسسۇل ئويناش، بىرەر نەرسىلەرنى
دوراش، يەنى قۇشلارنىڭ سايرىشى، ھايۋاناتلارنىڭ
ھەرخىل ئاۋازلىرىنى دوراش، لەتىپە، تېپىشماق ئېيتىش ئار-
قىلىق كۆپچىلىكنى كۈلدۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ جازالار
مەشرەپ ئىچىدە ئادەت قىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، مەشرەپ
ئەھلىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش مەقسەت قىلىنىدۇ، بەزىلىرى
كومېدىيە خاراكتېرىنى ئېچىپ بەرگەن، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

«سامسا يېقىش»، «ئۆپكە قۇيۇش»، «جوۋازغا
تارتىش»، «مۈنەك تۇگۈش»، «سۇرىتىنى تامغا تارتىش»،
«ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش»، «بېشىنى سۇغا چۆمۈلدۈ-
رۈش» قاتارلىقلار. بۇلار يالغۇز جازالار بولۇپ قالماي،
بەلكى مەشرەپتىكى قىزىق ئويۇنلار ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ
كۆپ قىسمى خەلق تۇرمۇشىدىكى ئىشلاردىن ئېلىنغان
بولۇپ، ئۇلار پەقەت مەشرەپتە مەلۇم دەرىجىدە يۇقىرى
كۆتۈرۈلگەن ۋە بىر قەدەر سەھنىلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ. بۇ
خىل ئويۇنلار خەلقنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت،
ھۈنەر - ئادەت، ھۈنەر - كەسىپلىرىنى ئىپادىلىگەن
بولۇپ، بۇ خىل جازالار ئوينىلىش جەريانىدا، ئىجرا قىلىش
پەيتىدە ھەتتا كىچىك كومېدىيىلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.
مۇنداق جازاغا ئۇچرىغانلارمۇ، كەڭ مەشرەپ ئەھلىمۇ بۇ
ئىشلارنى ھەرگىز ئېغىر كۆرمەيدۇ، بەلكى كۈلكە پەيدا
بولۇپ، مەشرەپنىڭ سۈرۈن كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.
شۇڭا بۇ خىل جازا ۋە ئۇلارنى ئىجرا قىلىش بىر خىل
كۆڭۈل ئېچىش مەزمۇنى دەپ قارىلىدۇ. مۇنداق كومېدىيە-
لىك تۈس ئالغان، سەنئەتلەشتۈرۈلگەن ئويۇن شەكلى
قەشقەر خەلق ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ بىرخىل شەكلى بولۇپ
قالغان.

## ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

قەشقەر خەلق ئەلنەغمە سەنئىتى - ناخشا، مۇزىكا، تې-
ياتىر قاتارلىق سەنئەت تۈرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇ-
رىدۇ. ئۇ بىرىنچىدىن، يەڭگىل ۋە جانلىقلىقتا ئىكەن، ئۇنىڭ
مۇنداق ئالاھىدىلىكىنى ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ تىلىنى ئاساس
قىلىشتەك خۇسۇسىيىتى بەلگىلىگەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن سەھنە
تىياتىرلىرىدەك چىراغ، دېكوراتسىيە، ئالاھىدە كىيىم -
كېچەك، گىرىم، سەھنە سايمانلىرى كەتمەيدۇ. ئۇنىڭغا بىرەر
چالغۇ ئەسۋابى، بىرەر ئىككى ئورۇندۇق قاتارلىق ئاددىي
سايمانلار بولسىلا كۇپايە. ئارتىس ئورۇنلىغۇچىنىڭ تىلى ۋە
ھەرىكىتى پەقەت ناخشا بىلەنلا ئورۇندىلىدۇ. ئەلنەغمە
سەنئىتىنىڭ جانلىق بولۇشى — ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇشنى
تېز ھەمدە ئۇنۇملۇك ئەكس ئەتتۈرۈشىدە ئىپادىلىنىدۇ.
ئۇنىڭ شەكلى ئاددىي، ھازىر جاۋاب ئۇ، ۋاقىتنىڭ چەكلى-
مىسىگە ئۇچرىمىغانلىقى ئۈچۈن، تۇرمۇشتىكى بىرەر كۈلكى-
لىك مەسىلىنى يېشىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ۋەقەلىك
بولسىلا، ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ بىرەر تۈرى ئۈچۈن يېتەر-
لىك ماتېرىيال بولالايدۇ. ئۇ، مەيدان ۋە ئورۇننىڭ چەكلى-
مىسىگە ئۇچرىمايدۇ. تاماشىبىنلارنىڭ ئىنكاسى ئەلنەغمىچى-
لەرنىڭ ھېسسىياتى ۋە سەنئەت قىزغىنلىقى ھەمدە ئورۇن-
لاش ماھارىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ، سەنئەت-
نىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئوقۇغۇچىلار
قايسى جايلارغا بارمىسۇن شۇ جايلارغا بارغاندا، شۇ جايدى-
كى ھەرخىل تۇرمۇش ۋەقەلىرىنى ئاساس قىلىپ، يېڭى
مەزمۇنلارنى قوشۇپ، تۈرلۈك نومۇرلارنى ئورۇنلايدۇ بۇ
جەھەتتە ئۇلارغا چەكلىمە يوق.

ئىككىنچى، يۇمۇرلۇق — قىزىقارلىق ئالاھىدىلىككە
ئىگە. ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ قىزىقارلىق ۋە يۇمۇرلۇق بولۇش-
تەك ئالاھىدىلىكىنى ئۇنىڭ كومېدىيىلىك خاراكتېرى بەلگى-
لىگەن. دراماتىك توقۇنۇش، كۈلكە - مەسخىرىسى يوق
ئەلنەغمە تۈرلىرىنى كىشىلەر ياقتۇرمايدۇ. ئۇ، تاماشىبىنلارنى
ئىچ - ئىچىدىن كۈلدۈرۈشى، كىشىلەرنىڭ قەلبىگە
ئىشەنچ، ئۈمىد بەخش ئېتىش كېرەككى، ھەرگىز كىشىلەر-
نى قايغۇ - ھەسرەتكە سالماسلىقى لازىم.

ئۈچىنچىدىن، ئاممىباپ، چۈشىنىشلىك بولۇش،
ئاددىي بولۇش، خەلق ئاممىسىغا ماس كېلىش. چۈشىنىش-
لىك بولۇش، ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى
بولۇپ تىلنىڭ يەڭگىل، ئاددىي، خەلق تىلى، ئىخچام، چۈ-
شىنىشلىك، كومېدىيىلىك، قىزىقارلىق بولۇشى، ئەلنەغمە
سەنئىتىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى. بۇنىڭ ئى-
چىدە كومېدىيىلىك سۆزلەش - تىلنىڭ ئاممىباب بولۇشىنى
تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش-
تىكى تىلى ئاممىباب، يەڭگىل، قىزىقارلىق، كۈلكىلىك
بولۇپ، مۇنداق كومېدىيە تۈسىنى ئالغان سۆزلەر - ئەل-
نەغمە سەنئىتىنىڭ كىشىلەرنى كۈلدۈرۈشتەك ئالاھىدىلىكى

تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. كەڭ ئاما ئۆزىگە تونۇش بولغان، ئۆزى چۈشەنگەن تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە قاراپ تەبىئىي ھالدا كۈلۈپ ھوزۇرلىنىدۇ. كۈلكە ـ ھېسسىياتنىڭ ئىپادىسى بولغىنىدەك، ھېسسىياتمۇ ئوبيېكتىپ تۇرمۇشنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى، كۈلكە ئامىللىرى ـ تۇرمۇشتا ھەر قەدەمدە مەۋجۇت. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ رەڭدار ـ خىلمۇخىل شەكىلدىكى تۇرمۇشى ـ كۈلكە ئامىللىرىنىڭ بۇلىقى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ روھىغا، ئۇنىڭ شەكىللىنىش، ھەرخىل روھىي بېسىمدىن، قايغۇ ـ ھەسرەتتىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلىشتەك ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىگە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئۇ، خەلقنىڭ ئىچىدە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىچىدە، خەلق ئاممىسى بىلەن بىر جان، بىر تەن، ئۇ، خەلقتىن ئېلىپ، خەلققە بېرىدۇ، ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان ئېستېتىك زوقى، ئۆزگىچە ھۇزۇرنى ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىرلار ۋاكالىتەن ئۇستىگە ئالالمىغاندەك، خەلقنىڭ ئەلنەغمە سەنئىتى ئىپادىلەپ كېتەلىگەن تېما، مەزمۇنلارنى ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە تىياتىرلاردا ئىپادىلەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ياكى ئىپادىلەش قىيىن بولىدۇ. دېمەك، ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىرلاردا ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان تېما ۋە مەزمۇنلارنى ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ تۈرلىرىدە ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ ۋە سەنئەتنىڭ يېڭى ـ يېڭى ئەپچىل، ھازىر جاۋاب شەكىللىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلەيدۇ. شۇڭا ئەلنەغمە سەنئىتىنى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشقا ئۈندەش، دۆلەتنىڭ ئىرادىسىنى خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇشقا يېتەرلىك كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە ئىمكانىيىتى بار دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى

ئەلنەغمە سەنئىتى ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن خەلق ئىچىدە كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىدە كەڭ تارقالغان ۋە ئومۇملاشقان شۇنداقلا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ، دەۋر روھىنى تېز ئەكس ئەتتۈرۈشتەك ھازىر جاۋابلىقى بىلەن داڭ چىقارماقتا. قەشقەر ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا خەلق ئىچىدە ۋە كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىدە نۇرغۇن ماھىرلار يېتىشىپ چىقىپ، كېيىنكى چاغلاردا مەشھۇر سەنئەتكارلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇلار ئۆز ماھارىتى بىلەن خەلق ئەلنەغمە سەنئىتىگە چوڭ تۆھپە قوشتى. ئۇلاردىن: يولۋاسخان ئىمىن، كامال نامان، ئۆمەر ھۈسيىن، قاغىلىقتىن: روزى ھوشۇر. قەشقەردىن روزەك باشى، مەريەم يۈسۈپ، توختى قۇربان سابىت. مەكىتتىن: تۇرسۇن راۋاب، مۇھەممەت داۋۇت، نىياز قەييۇم. يەكەندىن: ھاشىم، جامال ئالىم، ئابلىز سىدىق، خەتتاپ ھاجىم، قەيسەر قاتارلىقلار يېتىشىپ چىقىپ، خەلق ئەلنەغمە سەنئىتى ساھەسىدىكى مەشھۇر سەنئەتكارلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇلار ئۆز ماھارىتى ۋە تالانتى بىلەن خەلق ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى.

خەلق ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئوينالغان ئېيتىشىش نومۇرلىرىدىن: «دوپپىڭىزنىڭ گۈلى مەن»، «چىمەندەگۈل»، «يارىگۈللا»، «شىنجاڭ ياخشى»، «گۈزەل ۋەتىنىم»، «باھار»، «ئالمىخان»، «خەلق گۈڭشىي ياخشى»، «نازىركوم»، «سوتسىيالىزم يولىدا ئالغا»، «3 دانە سامسا» قاتارلىقلار؛ كومېدىيە نومۇرلىرىدىن: «قىمارۋازلارغا زەربە»، «ۋايجان ئاللا ۋاي تووۋا»، «رەمچى ـ داخانلارغا تەنقىد»، «خىيانەتچىلىككە زەربە»، «تۆرەك نوچى»، «غوجالدىرۋاق»، «تەخسىكەش» قاتارلىقلار؛ راۋابلىق قوشاقلاردىن: «بېيجىڭغا كەتسەم كەلمەيمەن»، «13 مىللەت تۇۋى تارتتۇق»، «ئامېرىكا قاراقچىدۇر»، «ياپونىيە هاراقچىدۇر»، «يالۇجاڭدىن ئۆتتۇقمەن»، «مەيدەمنى يوغان ئاچتىم»، «گۈڭشىي ئالمىسى»، «ئاشپەزخانىدا ئولتۇرسام»، «بەشكە ـ ئۈچكە قارشى ھەرىكەت»، «مومىچى تاز»، «ماتىتەي ھەققىدە»، «ئايلىخان»، «مەن كۆيدۈم سىزگە»، «چىرايلىقىم ئاق سۆزۈك»، «ھوي بالا»، «تېخنىكومغا ئوقۇشقا»، «ئوغۇت توپلاش»، «خەنزۇ ـ ئۇيغۇر ئىتتىپاق»، «ياريار» قاتارلىقلار؛ ۋائىزلىق ـ مەدداھلىقتىن: «موللا تايىقاق ئاخۇنۇم»، «گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ»، «ئۇچار كېلەم»، «پولاخان تۆرەم»، «قىزىل لاچىن»، «سەبىيدىن ئەزىزى يازغان» قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك ئەلنەغمە سەنئەت نومۇرلىرى ئىجاد قىلىنىپ، ھەرخىل سورۇن سەھنىلەردە ئوينىلىپ، ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ سەۋىيىسىنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەك تەرەققىي قىلدۇردى. ئاتاقلىق ئەلنەغمە ئارتىسى يولۋاسخان ئىمىن، مەشھۇر راۋابچى روزەك باشى قاتارلىقلار 1953 - يىلى جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرىدىن ھال سوراش ئۈچۈن چاۋشيەن ئالدىنقى سېپىگە بارغاندا قەشقەر خەلق ئەلنەغمە سەنئەت نومۇرلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىجاد قىلغان «ئامېرىكا قاراقچىدۇر»، «ياپونىيە هاراقچىدۇر»، «يالۇجاڭدىن ئۆتتۇقمەن» قاتارلىق نومۇرلىرى قەشقەر خەلقىنىڭ ئەلنەغمە سەنئىتى، ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىپ، پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرى، چاۋشيەن خەلقى ۋە چاۋشيەن خەلق ئارمىيىسىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشلىرىغا سازاۋەر بولغان. بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن

خەلق سەنئىتى قاتارىدا ئەلنەغمە سەنئەت نومۇرلىرى ۋە ئار-
تىسلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، ئەلنەغمە ئەسەرلىرىنىڭ سە-
ۋىيىسى ئۆتكەنكى ئەلنەغمە ئەسەرلىرىنىڭ سەۋىيىسىدىن
كۆپ يۇقىرى بولۇپ، ئىپادىلىگەن تېمىسىنىڭ كەڭلىكى،
مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى، بە-
دىئىي ۋاسىتىلىرىنىڭ كۆپ ھەمدە رەڭدارلىقى جەھەتتىن
ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرماقتا. ئەلنەغمە ئارتىسلىرىمۇ
ئىجاد قىلغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىغا چوڭقۇر چۆكۈپ،
ئوبرازلارنى تەھلىل قىلىش، تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئەمەل
قىلىش، سەھنە قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئىشلەش قاتارلىق
نۇرغۇن ئىنچىكە، كەسپ ماھارەتلىرىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈ-
ۋېلىش يولىدا زور ئىجتىھات بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسە-
تىپ، ئورۇنلاش ماھارىتى جەھەتتە ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىنى
جارى قىلدۇردى.

مەسىلەن، ئېيتىشىش قاتارلىقلاردىن: «يايرىم دەيمەن
شۇ چاغدا»، «باي بولۇش يوللۇق»، «پوچتالىيون»،
«مۇلايىم چاققان»، «ئادىلجان چۈشەندى» قاتارلىقلار؛ كومې-
دىيىلىك سۆزلەشتىن: «بىخەتەرلىك بىرىنچى»، «پىلانلىق
تۇغۇت ياخشى»، «ئۈزۈلمەس كۆي»، «ئامانىسا قەبرەڭ قە-
يەردە»، «قالپاق زاۋۇتى»، «سالاملىشىش»، «توي شەرتى»
قاتارلىقلار؛ راۋابلىق قوشاقتىن: «گۈزەل قەشقەر»، «قەشقەر
ناۋاسى»، «ھېيتگاھ سەيلىگاھى» قاتارلىقلار؛ ھازىرقى زامان
مەدداھچىلىقىدىن: «ھەسەن كاناي»، «خۇشاللىقىم كۆپ»،
«ئۆزۈمنىڭ ياخشى»، «زۇمرەتنىساخان»، «مەن قانداق باي
بولدۇم» قاتارلىق دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يۇقىرى
سەۋىيىلىك نومۇرلار كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا
ئېرىشتى. 1978 ـ يىلدىن كېيىن زور بىر تۈركۈم ئەلنەغ-
مە ئارتىسلىرى يېتىشىپ چىقىپ، سەنئەت قوشۇنى پېشقە-
دەملەر، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلاردىن تەركىب تاپقان ھەم
ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە، ھەم نەزەرىيە سەۋىيىسى يۇقىرى،
مۇنتىزىم ئەلنەغمە قوشۇنىنىڭ ئۇلىنى قۇردى. ئۇلاردىن:
توختى قۇربان سايىت، مۇھەممەت نۇر، ئابدۇرېشىت
توختى، ئابلىز توختى، ئابدۇكېرىم تۇرسۇن، خەتتاپ
ھاجىم، قەيسەر قۇربان، جامال ئالىم، ئابلىز سىدىق، ئادا-
لەت ئالىم، ئانىقىز، ئامانگۈل، تۇرغۇن مۆمىن، سالامەت،
مېھرىگۈل ۋە تۇرسۇنگۈل قاتارلىقلار سەنئەت قوشۇنى ئىچە-
دىكى ئىستىقباللىق كەسپ ئەھلىلىرىدىن بولۇپ قالدى.
خۇلاسە قىلغاندا: قەشقەر ئەلنەغمە سەنئىتى ـ ئۇيغۇر
مىللىي مەدەنىيىتى، خەلق سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي
قىسمى، شۇنداقلا ئېسىل سەنئەت جەۋھەرلىرى. بۇ جەۋ-
ھەرلەر مىللىي مەدەنىيەت، خەلق سەنئىتىنىڭ تۇرمۇش پۇ-
رىقى قويۇق بولۇش، مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈ-
رۈشتەك خۇسۇسىيىتى بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ خاسلى-
قىنى، ئېسىل مىللىي روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. خەلق ئەل-
نەغمە سەنئىتى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئېسىل خەزىنىسى
بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى مىللىي مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنى را-
ۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى يېڭى سەۋىيە، يېڭى باسقۇچقا ئېرىشتۈ-
رۈشنىڭ تارىخىي مەنبەسى.

قەشقەر خەلق ئەلنەغمە سەنئىتى ـــ ئۇيغۇر خەلقى-
نىڭ ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ۋە مەركىزى
ھالقىسى، قەشقەر خەلق ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ تۈرلىرى
كۆپ، مەزمۇنى مول، تارىخىي ئۇزۇن. شۇڭا سەنئەت تەت-
قىقاتچىلىرى، ئىجادچىلىرى ھەمكارلىشىپ قەشقەر خەلق ئەل-
نەغمە سەنئىتىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، بۇ
ساھەدىكى كۆپ خىل ئەسەرلەرنى توپلاپ، رەتلەپ، ئۇنىڭ-
دىن ئىجادىي ھالدا پايدىلىنىپ، ئۆستۈرۈش ـ ئومۇملاش-
تۇرۇش، ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلەپ، تېخىمۇ جانلاندۇرۇ-
شى كېرەك. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئەلنەغمە سەنئىتى-
نى گۈزەل مىللىي شەكىل بىلەن، زامانىۋى مەزمۇن زىچ
بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى ئەلنەغمە سەنئىتى قىلىپ، ئەلنەغمە
سەنئىتىنىڭ بارلىق شەكىل ۋە تۈرلىرىدىن تولۇق پايدىلى-
نىپ، ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتلەردە ئىزدى-
نىش كېرەك، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭى سەۋىيىگە كۆ-
تۈرۈش ئۈنۈملۈك بولغاندا، شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوت-
سىيالىستىك يېڭى ئەلنەغمە سەنئىتىنى بەرپا قىلىشدىن ئىبا-
رەت ئۇلۇغۋار مەقسەتكە يېتەلەيمىز.

---

ئاپتورلار: سەپەر ھۇسىين ـ قەشقەر سەنئەت ئۆمى-
كىنىڭ سابىق باشلىقى.

مۇھەممەت تۇرسۇن ئىبراھىم ـ قەشقەر ئۇيغۇر
تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

تەھرىرلىگۈچى: مەرۇپ مەمتىمىن

# يىپەك يولى ۋە ئۇنىڭ شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا ئوينىغان رولى توغرىسىدا

مۇھەممەد زۇنۇن ئابدۇكېرىم

جۇڭگو قەدىمدە ئۆزى ئىشلەپچىقارغان يىپەك بۇيۇم، فارفور قاچا ـ قۇچا، چاي قاتارلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان. بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ يىپەك ئىشلەپچىقىرىش تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، شياڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان يىن خارابىسىدىن تېپىلغان چىغناق ـ تاغاق يېزىقىدا يىپەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان پىلە غوزىسى «蚕»، ئۈجمە «桑»، يىپەك «绢» قاتارلىق خەتلەر ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئېلىمىزدە پىلە غوزىسىدىن يىپەك چىقىرىش تېخنىكىسى شياڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە پىشىپ ـ يېتىلگەن.

بۈگۈنكى كۈندە بىز ئەگەر ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ غەربكە سەپەر قىلىپ، مەيلى غەربىي ئاسىيا، ھىندىستانغا بارايلى ياكى ياۋروپاغا بارايلى، كۆپ بولغاندا 20 سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت كېتىدۇ. ۋەھالەنكى، يىراق قەدىمكى دەۋردە كارۋانلار غەربكە سەپەر قىلغاندا، مەيلى قۇرۇقلۇق ياكى سۇ يولى بىلەن ماڭسۇن، قانچىلىك ۋاقىت سەپەر قىلىدىغانلىقىنى، قانچىلىك جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايدۇ. چەت ئەللەر بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى، ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن 2000 يىللار ئىلگىرىكى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرىدىغان قۇرۇقلۇق يولىنى ئاچقان بولۇپ، مانا بۇ مەشھۇر يىپەك يولىدىن ئىبارەت.

يىپەك يولى — قەدىمكى جۇڭگونى دۇنياغا يۈزلەندۈرگەن يول. يىپەك يولى يىراق قەدىمدىن بۇيان ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا قىتئەلىرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرىدىغان، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان قاتناش يولى. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن سودا يولى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرىدىغان يول، ئىنسانلار تارىخىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى. ئىنسانلار تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان مۇھىم ۋەقەلەر ئەنە شۇ يول ئۈستىدە ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا يۈز بەرگەن. بىر قانچە مىڭ يىلدىن بۇيان، يىپەك يولى ئىنسانلار تارىخىدا پارلاق سەھىپىلەرنى قالدۇردى، ھەم ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشى ھەم تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى ۋە ئاكتىپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ رول ئوينىدى. نۆۋەتتە «يىپەك يولى» دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر كۆز تىكىدىغان تەتقىقات تېمىسىغا ۋە قىزىق ساياھەت نۇقتىسىغا ئايلاندى.

## 1. «يىپەك يولى» توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە

«يىپەك يولى» تارىختا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىر پەن بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىگە تېخى ئۇزۇن بولمىدى. جۇڭگو تارىخىدىكى كۆپلىگەن تارىخىي ھۆججەت ۋە تارىخىي ئەسەرلەردە بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن نام جەھەتتىن «中国西域交通史» (جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرت قاتناش تارىخى) دېگەن نام بىلەن تىلغا ئېلىندى. ياپونىيە ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكىلەر بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ قىسىم ئەسەرلەردە «西域学» (غەربىي يۇرت ئىلمى) دېگەن نامنى قوللاندى. گېرمانىيىلىك داڭلىق جۇغراپىيە ئالىمى رېچچاد خوففېن 1877 ـ يىلى seidenstrassem (يىپەك دېگەن مەنىدە) ئاتالغۇسىنى ئىشلەتكەندىن كېيىن، گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس ئاربات ھورمان 1910 ـ يىلى «يىپەك يولى» دېگەن نامنى رەسمىي قوللىنىپ «جۇڭگو بىلەن سۈرىيە ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمكى يىپەك يولى» دېگەن تېمىدا ئەسەر يازدى. ئۇ ئۆز ئەسىرىدە يېڭىدىن بايقالغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يىپەك يولىنى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ غەربىي قىرغىقى ۋە كىچىك ئاسىيا رايونىغىچە سوزۇپ، يىپەك يولىنىڭ ئاساسىي دائىرىسىنى بېكىتىپ چىقتى. ئۇ جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىن جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا

ۋە ياۋروپا، شىمالىي ئافرىقىلارغىچە تۇتاشقان قۇرۇقلۇق
سودا يولى بولۇپ، كۆپ مىقداردىكى جۇڭگو يىپەكلىرى ۋە
يىپەك بۇيۇملىرى مۇشۇ يول ئارقىلىق غەربكە تارقالغان بول-
غاچقا «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان.

يىپەك يولى بىر خىل ئوبرازغا بېرىلگەن نام. دۇنيادا
جۇڭگو ئەڭ بۇرۇن ئۈجمە ئۆستۈرۈپ، پىلە بېقىپ، يىپەك
مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن داڭ چىقارغان
دۆلەت. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جاي-
لىرىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار شۇنى ئىسپات-
لىدىكى، شياڭ، جۇ سۇلالىسىدىن ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋ-
رىگىچە بولغان مەزگىللەردە جۇڭگونىڭ يىپەك ئىشلەپچىقى-
رىش تېخنىكىسى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەن
ئىدى. جۇڭگونىڭ يىپەك بۇيۇملىرى ھازىرمۇ جۇڭگونىڭ
دۇنيا خەلقىگە تەقدىم قىلغان ئەڭ مۇھىم مەھسۇلاتلىرىدىن
بىرى بولۇپ، ئۇ تارقىلىشىنىڭ كەڭلىكى بىلەن جۇڭگو
خەلقىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆرلۈك تۆھپىلىرى
قاتارىغا كىرىدۇ. شۇڭلاشقا كۆپ يىللاردىن بۇيان ئاز بولمى-
غان تەتقىقاتچىلار بۇ يولغا ئوخشاش بولمىغان باشقا ئىسىم-
لارنى قويۇشنى ئويلىشىپمۇ باقتى. مەسىلەن، «قاشتېشى
يولى»، «ئۈنچە ـ مەرۋايىت يولى»، «بۇددا دىنى يولى»،
«فارفور بۇيۇملار يولى» قاتارلىقلار. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممى-
سى يىپەك يولىنىڭ مەلۇم بىر قىسمەن بۆلىكىنىلا ئەكس
ئەتتۈرگەچكە، ئاخىرىدا باشقا ھېچقانداق نام «يىپەك يولى»
دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ ئورنىنى ئالالمىدى.

يىپەك يولىنىڭ ئاساسلىق يۆنىلىشى مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ
كەينىدىكى ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە شەكىللەنگەن.
ئۇنىڭ شەرقتىكى باشلىنىش نۇقتىسى غەربىي خەن سۇلالى-
سىنىڭ پايتەختى چاڭئەن (بۈگۈنكى شىئەن) ياكى شەرقىي
خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى لوياڭ بولۇپ، لوڭشى ياكى
گۇيۇەن ئارقىلىق غەربكە مېڭىپ، ئالتۇن بالىق (بۈگۈنكى
لەنجۇ) غا بارىدۇ، ئاندىن خېشى كارىدورىدىكى ۋۇۋېي،
جاڭيې، جيۇچۇەن، دۇنخۇاڭ قاتارلىق تۆت ئايماقتىن
ئۆتۈپ ئاندىن قاشتېشى قوۋۇقى ياكى كۆن چىقىش قوۋۇ-
قى ئارقىلىق ئاق ئەجدىھا تۆپىلىكىدىن ھالقىپ، لوپنۇر را-
يونىدىكى كىرورانغا بارىدۇ، خەن دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا
جەنۇب ـ شىمال ئىككى مۇھىم قاتناش لىنىيىسى (يول)
بولغان. بۇ ئىككى يولنىڭ ئايرىلىش نۇقتىسى كىروران
ئىدى. شىمالىي يولدىن غەربكە ماڭغاندا چى لى (كورلا)،
كۇسەن (كۇچا)، قۇم (ئاقسۇ) ئارقىلىق سۇلى (قەشقەر) گە
بارغىلى بولاتتى. جەنۇبىي يول پىشامشان (چارقىلىق) ئارقى-
لىق چۇرچان (چەرچەن)، نىيە، ئۇدۇن (خوتەن)، پاسئان
(گۇما)، ساكرائۇل (يەكەن) لەرنى بېسىپ ئۆتۈپ سۇلى
(قەشقەر) گە باراتتى. سۇلىدىن غەربكە يۈرۈپ، كۆكتارت
(پامىر) دىن ھالقىپ ئۆتۈپ پەرغانىگە باراتتى. بۇ يەردىن
غەربكە ماڭغاندا باكتېرىيە (بۈگۈنكى ئافغانىستاندا)، سوغدى
(بۈگۈنكى ئۆزبېكىستاندا)، ئارساك (بۈگۈنكى ئىران) قا بار-
غىلى، ئەڭ يىراق بولغاندا داكچىن (رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ
شەرقى) ھەم مىسىردىكى ئالېكساندىرىيە شەھىرىگە بارغىلى
بولاتتى. يەنە بىر يول گۇمىدىن غەربىي جەنۇبقا مېڭىپ،
پاكىستاندىكى دالئېر، ئافغانىستاندىكى كابۇل، شىستان قا-
تارلىق جايلارغا، ھەتتا پارس قولتۇقىغا يېتىپ بارغىلى
بولاتتى. ئەگەر كابۇلدىن جەنۇبقا مېڭىپ، ھىندى دەرياسى-
نىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىغا (بۈگۈنكى پاكىستاننىڭ كاراچى)
بېرىپ كېمىگە ئولتۇرسا، پارس قولتۇقى بىلەن رىم قاتار-
لىق جايلارغا بارغىلى بولاتتى. بۇ خەن ۋۇدى دەۋرىدە جاڭ
چيەن ئىككى قېتىم غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغاندىن
كېيىن شەكىللەنگەن يىپەك يولىنىڭ ئاساسىي غول لىنىيە-
سى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، تار مەنىدىكى يىپەك يولى
بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن مۇشۇ يولنى كۆرسىتىدۇ.

«يىپەك يولى» بىر قانچە ئاساسلىق لىنىيە ۋە كۆپلى-
گەن تارماق لىنىيىلەرگە بۆلۈنگەن، بىراق چوڭ جەھەتتىن
ئالغاندا مۇنداق تۆت چوڭ لىنىيىگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) يايلاق يىپەك يولى: ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇق-
لۇقىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقنى كېسىپ ئۆتىدىغان قاتناش
يولىنى كۆرسىتىدۇ. (2) بوستانلىق يىپەك يولى: (بەزىلەر
قۇملۇق يىپەك يولى، قۇرۇقلۇق يىپەك يولى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)
ئوتتۇرا ئاسىيا قۇملۇقلىرى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارنى
كېسىپ ئۆتىدىغان يول. (3) دېڭىز ئۈستى يىپەك يولى:
شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، ھىندىستان ئارقىلىق پارس قولتۇ-
قى، قىزىل دېڭىزغا بارىدىغان جەنۇبىي دېڭىز يولىنى كۆر-
سىتىدۇ. (4) غەربىي جەنۇب يىپەك يولى: سىچۇەن،
گۇيجۇ، يۈننەن، شىزاڭ، گۇاڭشى ئارقىلىق ھىندىستان،
شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ نېرىسىدىكى جايلارغا بارىدىغان
قاتناش يولىنى كۆرسىتىدۇ.

تارىختىكى يىپەك يولى شەكىللەنگەندىن كېيىن ئۆز-
گەرمىگەن ئەمەس، بەلكى جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ ئۆزگى-
رىشى ۋە سىياسىي، دىنىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگى-
شىپ ئۈزلۈكسىز يېڭى يوللار ئېچىلدى. بەزى يوللارنىڭ
يۆنىلىشىدە ئۆزگىرىش بولدى، ھەتتا تاشلىنىپ قالدى. مە-
سىلەن، دۇنخۇاڭ، لوپنۇر ئارىلىقىدىكى ئاق ئەجدىھا تۆپىلى-
كى يولۇچىلار داۋاملىق نىشاندىن ئېزىپ قالىدىغان، يەر
شەكلى ئەگرى ـ توقاي جاي ئىدى. شەرقىي خەن سۇلالى-

سىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىدىكى هونلار مەغلۇب بولۇپ، غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر ئۇۋرغول (بۈگۈنكى قۇمۇل) نى مۇستەھكەم ئىگىلىگەندىن كېيىن، دۇنخۇاڭنىڭ شىمالىدىكى ئېۋۇرغولدا «شىمالىي يېڭى يول» نى ئاچتى. بۇ يول ئېۋۇرغولدىن چىقىپ قوچۇ (تۇرپان)، كىنگىت (قارا شەھەر) ئارقىلىق كۇسەن (كۇچا) غا يېتىپ بېرىپ ئەسلىدىكى يىپەك يولىنىڭ شىمالىي يولى بىلەن تۇتىشاتتى. جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە جۇڭگونىڭ جەنۇب ـ شىمال قىسىملىرى تىركىشىش ھالىتىدە بولۇپ، شىمال تەرەپتىكى شەرقىي قىسىم ۋە غەربىي قىسىممۇ گاھ پارچىلىنىپ، گاھ بىرلىشىپ تۇراتتى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا جەنۇبىي سۇلالىلەردىن بولغان سۇڭ، چى، لياڭ، چىندىن ئىبارەت تۆت خانلىق غەربىي يۇرت بىلەن ئالاقە قىلىشتا ھەممىسى دىڭگۇدەك چاڭجياڭنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى بويلاپ يىجۇ (بۈگۈنكى چېڭدۇ) غا بېرىپ، ئاندىن شىمالدىكى لوڭگۇ (بۈگۈنكى سوڭفەن) دىن چىڭخەي كۆلى بويىدىكى تويغۇتلار پايتەختى ئارقىلىق، غەربتە سەيدام ئويمانلىقىدىن ئۆتۈپ، دۇنخۇاڭغا كېلىپ، يىپەك يولىنىڭ غول لىنىيىسى بىلەن تۇتىشاتتى ياكى تېخىمۇ غەربكە قاراپ مېڭىپ، ئالتۇن تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، غەربىي يۇرتتىكى پىشامشان رايونىغا كىرىپ، يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسى بىلەن تۇتىشاتتى، بۇ يول «تويغۇت يولى» ياكى «خېنەن يولى» دەپ ئاتالغان، ھازىر كىشىلەر «چىڭخەي» يولى دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىي ياكى خېشى كارىدورىنىڭ شىمالىدىن موڭغۇل ئېگىزلىكىگە بېرىپ، يەنىمۇ غەربكە يۈرۈپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئارقىلىق ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، سۇياپ (بۈگۈنكى توقماق شەھىرى ئەتراپىدا) قا بېرىپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كىرەتتى. بۇ يول كېيىن «شىمالىي يول» دەپمۇ ئاتالدى. بۇ يول موڭغۇل خانلىقى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئەڭ گۈللەنگەن.

ئادەتتە كىشىلەر ئېيتىپ كېلىۋاتقان «يىپەك يولى» ئاساسلىقى بوستانلىق يىپەك يولىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يول چاڭئەندىن باشلىنىپ خېشى كارىدورى ئارقىلىق شىنجاڭغا بارىدىغان، ئاندىن شىمالىي يول، ئوتتۇرا يول، جەنۇبىي يول قاتارلىق ئۈچ تارماق يولغا بۆلۈنۈپ غەربكە بارىدىغان يول.

ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىي قىسمى شەرقتە چوڭ ھىنگان تېغىدىن غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە، شىمالدا سىبىرىيىدىكى ئېپتىدائىي ئورمانلىقتىن جەنۇبتا كۇئېنلۇن، ھىمالايا تاغ تىزمىلىرىغىچە بولغان كەڭ، بىپايان يايلاق بەلۋېغىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يايلاقنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمى موڭغۇل ئېگىزلىكىدۇر. موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمى بولسا جۇڭگونىڭ شىمالىي يايلاق بەلۋېغى بولۇپ، بۇ يايلاق شەرقتە ھىنگان تېغىدىن غەربتە پامىر ئېگىزلىكىگىچە، شىمالىي جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرىسىدىن جەنۇبىي مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سەددىچىن سېپىلىگىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۈگۈنكى مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تەخمىنەن ئىچكى موڭغۇل، نىڭشيا، چىڭخەي، گەنسۇ، شىنجاڭ، شىزاڭ، شۇنداقلا شۇ ئەتراپتىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا بۇ رايون دائىم ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى يايلاقتۇر. بۇ كەڭ يايلاقنى يىپەك يولىنىڭ غول لىنىيىلىرىدىن بىرى بولغان «بوستانلىق يىپەك يولى» كېسىپ ئۆتەتتى.

بىز دېمەكچى بولغان «بوستانلىق يىپەك يولى» غەربىي خەن سۇلالىسىدىن تاكى تاڭ سۇلالىسىگە قەدەر بولغان ھەرقايسى مەركىزىي خاندانلىقلار پايتەخت قىلغان، ئەينى ۋاقىتتا «خەلقئارالىق كاتتا شەھەر» دەپ ئاتالغان چاڭئەندىن باشلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كەڭ يايلاقنى كېسىپ ئۆتۈپ، كاسپىي دېڭىز بويلىرىدىكى ئەللەرگە يېتىپ بارىدىغان، ئومۇمىي مۇساپىسى 7000 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان، تۆگە كارۋانلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان شىمالدىكى سودا كارۋان يولىنى كۆرسىتىدۇ.

ئېلىمىز مەدەنىيىتىنىڭ كېلىش مەنبەيى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىككى مەنبەيى بولغان. بىرى خەنزۇلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە جەنۇبتىكى (چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى) دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەر ياراتقان تېرىقچىلىق (دېھقانچىلىق) مەدەنىيىتى؛ يەنە بىرى شىمالدىكى يايلاق مىللەتلىرى (چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان) ياراتقان يايلاق مەدەنىيىتى. مانا بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۇچرىشىشى، ئالمىشىشى، بىرىكىشى ئارقىلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان مەدەنىيىتى ۋۇجۇدقا كەلدى. ئەگەر بۇ ئىككى مەنبەنىڭ بىرى كەمچىل بولسا، بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

قەدىمدىن بۇيان، ئېلىمىز بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. جۇڭگونىڭ شىمالدىكى يايلاق رايونى مەملىكىتىمىز زېمىنىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ زېمىن ئې-

لىمىز قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولغان جايلىرىنىڭ بىرى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇا شيا مەدەنىيىتى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، پەقەت شىمالدىكى يايلاق مەدەنىيىتى قوشۇلغاندىلا، ئاندىن مۇكەممەل جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

جۇڭگونىڭ شىمالىي يايلىقى — جۇڭخۇا قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولغان جايلىرىدىن بىرى، ئېلىمىزنىڭ شىمالى تارىختا ھەرقايسى چارۋىچى مىللەتلەر پەيدا بولغان، تەرەققىي قىلغان، ھەرخىل تۈزۈمدىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنى قۇرۇپ چىققان زېمىندۇر. تارىختىن بۇيان جۇڭگونىڭ شىمالىدا ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن چارۋىچى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيەت ـ سەنئەتلىرى ئارقىلىق كېيىنكىلەر ئۈچۈن قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى يايلاق مەدەنىيىتى، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ياشاش ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان (ئىجاد قىلىنغان) بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى. ھەربىر مەدەنىيەتنىڭ مۇۋاپىق ھالدىكى مەۋجۇت بولۇش ئىجتىمائىي ئاساسى بار، بەلكى بۇ خىل ئاساس دەل ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقىدا ئەكس ئېتىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشى كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك قارىشىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ قىممىتىدىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ياشاش شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ، بەزى كونا مەدەنىيەتلەر يوقىلىپ يېڭى مەدەنىيەتلەر بارلىققا كېلىپ، يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

يايلاق ئىپتىدائىي مەدەنىيىتى ئىجاد بولغان دەۋر بارغانسېرى بىزدىن يىراقلاشماقتا، تارىخ قالدۇرۇپ كەتكەن، كىشى كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان قىممەتلىك مەدەنىيەت بۇيۇملىرى بارغانسېرى ئاز قالماقتا. ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، بۈگۈنكىچە ساقلىنىپ قالغان قىممەتلىك بۇيۇملارنى خاتىرىلەش ۋە ئۇنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ بېرىش ھەم ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئالدىمىزغا قويۇلغان بىر تۈرلۈك شەرەپلىك ھەم قىيىن ۋەزىپە.

## 2. يىپەك يولىدىكى شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسى

قۇرۇقلۇق يىپەك يولى (بوستانلىق يىپەك يولى) بېسىپ ئۆتىدىغان ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئاساسلىقى جۇڭگو ۋە ياۋروپا ئارىسىدىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق — ئاسىيا رايونىدىن ئىبارەت. بوستانلىقلارنى تۇتاشتۇرىدىغان بۇ كارۋان يولى ئەسلى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىشى جەريانىدا شەكىللەنگەن. بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى: كىلىماتى ئىنتايىن قۇرغاق، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاز. يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا بەلۋېغىدا، پامىر ئېگىزلىكىنى مەركەز قىلىپ تۆت ئەتراپقا سوزۇلغان ھىمالايا تېغى، كوئېنلۇن تېغى، قاراقۇرۇم تېغى، تەڭرىتېغى، ئالتاي تېغى، ھىندىقۇش تېغى قاتارلىق تاغ تىزمىلىرى، مۇزلۇق چوققىلار، چوڭقۇر جىلغىلار بار بولۇپ، سەپەر قىلىش قىيىن. بۇ يەردە داۋاملىق كۆزگە چېلىقىدىغان يەنە بىر خىل ئالاھىدە مەنزىرە قۇملۇق بىلەن چۆللۈك بولۇپ، ئەگەر شىنجاڭدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى قاراقۇم قۇملۇقى، ئىراندىكى كاۋىر قۇملۇقى قاتارلىقلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كەلسە تېخىمۇ قىيىن. لېكىن قۇملۇق ئەتراپىدىكى كۆپلىگەن قارلىق تاغلاردىن ئېقىپ چۈشكەن دەريا سۈيى قۇملۇق ئارىسىدىكى پارچە ـ پارچە بوستانلىقلارنى سۇغىرىپ، كۆچمە قۇم دۇنياسىدىكى «جانلىقلار بوشلۇقى» نى، شۇنداقلا شەرق ـ غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە بېكەتلەرنى سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەجدادلىرىمىز پايدىسىز جۇغراپىيىلىك شارائىت تۈپەيلىدىن يەككە ـ يېگانە ھالەتتە تۇرۇش ۋەزىيىتىگە چۈشۈپ قالماستىن، بەلكى ئۇلار ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجى تۈپەيلى ناھايىتى بۇرۇنلا سىرتقى دۇنيانى ئىزدەشكە (سىرتقى دۇنيا بىلەن تونۇشۇشقا) باشلىغان.

بوستانلىق (قۇرۇقلۇق) يىپەك يولى 15 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى ئاسىيا ـ ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى چوڭ كارۋان يولى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر قانچە مىڭ يىل جەريانىدا توختاپ قالماي ئۈزلۈكسىز شەرق ـ غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، يىپەك يولىنىڭ تارىختىكى رولىنى تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، يىپەك يولى شەرق ـ غەرب ماددىي مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى.

يىپەك يولى ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاق، بوستانلىق مەدەنىيىتى، ھىندىستان مەدەنىيىتى، ئەرەب، مىسىر مەدەنىيىتى ۋە خرىستىئان مەدەنىيىتى قاتارلىق دۇنيادىكى چوڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىنى كېسىپ ئۆتكەن. قەدىمدە يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە قوغدىلىشى جۇڭگو ـ غەرب ماددىي ۋە مەنىۋى

مەدەنىيەت ئالاقىسى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان. يىپەك يولىدا يەنە شەرق ـ غەربنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ئالاقىسىگە ئائىت نۇرغۇنلىغان ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرمۇ تارقالغان. ئۇزاق يىللاردىن بېرى نۇرغۇنلىغان سودا كارۋانلىرى، سەيياھلار، جامائەت ئەربابلىرى ۋە ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمەت خادىملىرى شەرق ـ غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت كۆۋرۈكى بولغان يىپەك يولى ئارقىلىق ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش قىلىپ تۇرغان ھەمدە ھەرخىل ماددىي بۇيۇملارنى ئالماشتۇرۇپ كەلگەن.

يىپەك يولى توغرىسىدا گەپ بولغاندا، كىشىلەر تەبىئىيلا ئالدى بىلەن جۇڭگو يىپەكلىرىنىڭ غەربكە تارقىلىشىنى ئەسكە ئالىدۇ. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولنى ئېچىشتىن خېلى بۇرۇنلا، يىپەك ئاللىقاچان كۆپ مىقداردا غەرب دۇنياسىغا تارقىلىپ بولغانىدى. قەدىمكى رىمدا يىپەكتىن تىكىلگەن كىيىملەر ئەينى ۋاقىتتىكى ئاقسۆڭەكلەر ئەڭ ياقتۇرىدىغان مودا كىيىملەر ئىدى. چۈنكى يىپەك يىراق بولغان شەرقىي ئەلدىن ئېلىپ كېلىنگەچكە، باھاسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا رىم يىپەك ئىمپورت قىلىش ئۈچۈن كۆپ مىقداردا ئالتۇن سەرپ قىلاتتى. بىز بۈگۈنكى كۈندە ئافىنا شەھىرى باتىنون ئىلاھى ئىبادەتخانىسىدىكى ئايال ئىلاھ، ئىتالىيە نابىلۇس مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان باككېس ئايال كاھى ئوبرازلىرىدىن يۇنان، رىم دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ يىپەك كىيىملەرنى كىيگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ شۇنچىلىك نەپىس ئىكەنلىكىنى، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان نازۇك بەدەنلىرىنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. يىپەكتىن تىكىلگەن كىيىملەرنى قوغلىشىش تۈپەيلى ئىسراپچىلىق، ئۆرپ ـ ئادەت بۇزۇلۇش خەۋپى تۇغۇلغاندا رىم سىناتى كۆپ قېتىم بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، يىپەكتىن كىيىم تىكىشنى چەكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئانچە چوڭ رولى بولمىغان.

رىم كلاسسىك يازغۇچىلىرى يىپەك ئىشلەپچىقارغان دۆلەتنى «سېرىس» دۆلىتى دەپ ئاتىغان. مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىكى مۇزېيشۇناس ئالىم گەيىس پىلىنىي (مىلادىيە 23 ـ يىلدىن مىلادىيە 79 ـ يىلغىچە ياشىغان) ئۆزىنىڭ «مۇزېيلار تەزكىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە: «سېرىس ئورمانلىقتىن چىقىدىغان يىپەك، داڭقى ئالەمگە مەشھۇر. يىپەك دەرەخ يوپۇرمىقىدا ئۆسىدۇ (ئۈجمە دەرىخىنى دېمەكچى)، ئېلىشتا ئاۋۋال سۇغا چىلاپ تالالىرى ئايرىۋېلىنىدۇ، ئاندىن ئېگىرىپ يىپەك چىقىرىلغاندىن كېيىن رىمغا توشۇلىدۇ. باي، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ خانىملىرى كىيىم تىكىپ كىيىشىدۇ، ياراشقانلىقىدىن كۆزنى قاماشتۇرىدۇ» دەپ يازغان. سېرىس دەل جۇڭگو بولۇپ، بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى يىپەكنىڭ رىمغا توشۇلۇپ سېتىلغانلىقىنىڭ ھەقىقىي ئىسپاتى.

گەيىس پىلىنىي ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى غەرب ئالىملىرى يىپەكنىڭ قانداق ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ كەتمەيتتى. جۇڭگونىڭ پىلە بېقىش ۋە ئۇنىڭدىن يىپەك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى غەربكە ناھايىتى كېيىن تارقالغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە غەربكە بۇددا نومى ئېلىپ كېلىشكە بارغان راھىب شۈەن زاڭ قايتىش يولىدا خوتەنگە كەلگەندە بىر رىۋايەتنى ئاڭلىغان بولۇپ، بۇ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن خوتەن بۇددىزم تارىخىغا ئائىت نوم ۋە ۋەسىقىلەردە ئوخشىمىغان ھەجىمدە خاتىرىلەنگەن. بۇ رىۋايەتتىكى مۇھىم ۋەقەلىك: ئۇدۇن خانى شەرق (جۇڭگو) مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەندە، ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن ھالدا پىلە قۇرتى ئېلىپ كېلىشنى تەلەپ قىلغان. يېڭى كېلىن يولغا چىقىدىغان چاغدا پىلە قۇرتى تۇخۇمىنى ئۇغرىلىقچە چاچ تۈگۈنچىكىگە تۈگۈپ قوۋۇقتىن ئۆتۈپ پىلە بېقىش، يىپەك ئىشلەش تېخنىكىسىنى خوتەنگە تارقاتقان (بۇنىڭدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئەللەر گەرچە سىرت بىلەن بولغان سودىدا يىپەك سودىسىنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن پىلە غوزىسى، شۇنداقلا ئۇنى بېقىش تېخنىكىسىنى سىرتقا چىقىرىشنى قاتتىق چەكلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ). شۇنىڭدىن كېيىن خوتەندە ئۈجمە دەرىخى ئۆستۈرۈلۈپ، ئۆزى يىپەك ئىشلەپچىقىرىدىغان بولغان. يېقىنقى يىللاردا ئارخېئولوگلار خوتەننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان دەندەن ئۇيلۇغ خارابىسىدىن 8 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ بولغان بىر ياغاچ تاختىغا ئويۇلغان رەسىمنى تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەلىكىسىنىڭ چوڭ باش كىيىمنى كىيگەنلىكى، بىر نەپەر كېنىزەكنىڭ ئۇنى يۆلەپ تۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، رەسىمدىكىسى دەل ھېلىقى پىلە بېقىپ يىپەك ئىشلەش تېخنىكىسىنى تارقاتقان مەلىكە ئىكەن. ئازادلىقتىن كېيىن ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قەدىمىي قەبرىلەردىن زور تۈركۈمدە ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى (502 ـ 640 ـ يىللار) خەنزۇچە ھۆججەتلەرنى تاپقان بولۇپ، بۇ ھۆججەتلەر تارىم ئويمانلىقىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى بوستانلىق ئەللىرىدە يىپەك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ھەتتا يىراق غەرب دۇنياسىغا ئەڭ كېچىككەندىمۇ 6 ـ ئەسىردىكى شەرقىي رىمنىڭ گوستىئان دەۋرىدە (483 ـ 565 ـ يىللار) ھىندىلار (يەنە بىر قاراشلاردا پارسلار) تارىم ۋادىسىدىكى غەربىي يۇرت ئەللىرىـ

دىن پىلە تۇخۇمنى ياغاچ ھاسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ ئېلىپ بارغان.

ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى قوش يۆنىلىشلىك بولدۇ. جۇڭگو غەرب دۇنياسىغا نەپىس ئىشلەنگەن يىپەك مەھسۇلاتلارنى سوۋغا قىلسا، ياۋرو ـ ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىمۇ ئوخشاشلا جۇڭگوغا جۇڭگو ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان مەھسۇلاتلار بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى.

بىز بۈگۈنكى كۈندە دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىسىلا جۇڭگونىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى ئەمەس، جۇڭگونىڭ قەدىمكى ۋەسىقىلىرىدە خاتىرىلەنگەن ئالدىغا خۇ (胡) خېتى قوشۇپ ئېيتىلىدىغان ئۆسۈملۈكلەر، مەسىلەن، غوز شاپتۇلى (胡桃)، غوز قوغۇنى (胡瓜)، غوز پىيىزى (胡葱)، غوز سەۋزىسى (胡罗卜) قاتارلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى غەربتىن ئېلىپ كېلىنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى ۋەسىقىلەردە بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جۇڭگوغا كۆچۈرۈپ كېلىنىشتىكى تۆھپىسىنى تۇنجى بولۇپ جۇڭگو ـ غەرب ئالاقىسىنى ئاچقان ئەلچى جاڭ چيەنگە مەنسۇپ قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھازىر جاڭ چيەن ئېلىپ كەلگەن ئۆسۈملۈكلەردىن بېدە بىلەن ئۈزۈمنىلا كۆرسىتىش مۇمكىن. ئالدىنقىلىرى ئەسلى ئىران ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مىدىيەنىڭ مەھسۇلاتلىرى، كېيىنكىلىرى غەربىي ئاسىيا ۋە مىسىردا ئەڭ ئاۋۋال ئىنسانلار تەرىپىدىن تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن بىر خىل ئۆسۈملۈك ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان ئەڭ داڭلىق مېۋە ئانار بولۇپ، ئانار بۇخارا ۋە تاشكەنتلەردىن كەلتۈرۈلگەن. ئانارنىڭ سىرتى قىپقىزىل ئوتقاشتەك بولغاچقا، ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ ھۇزۇرلانغان ۋە ئىچىدىكى ئۇرۇقچىسىنى يېگەن. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە ئائىت تارىخىي ئەسەرلەردە: «خەن لىڭدى (167 ـ 189 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان) غوز كىيىمى، غوز چېدىرى، غوز كارىۋىتى، غوز ئورۇندۇقى، غوز تامىقى، غوزچە كۇتۇنۇش، غوز نېنى، غوز ئۇسسۇلىنى بەكلا ياقتۇراتتى. جىڭدۇدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھەممىسىمۇ دىگۈدەك شۇنداق ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن (خەننامىنىڭ داۋامى بەش ئەل تەزكىرىسى).

خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن باشلاپ غەربتىن يالغۇز ئۆسۈملۈكلەرلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ قالماستىن، يەنە رىمنىڭ ئەينەك بۇيۇملىرى، غەربىي يۇرتنىڭ، جۈملىدىن خوتەننىڭ قاشتېشى خەن سۇلالىسى خان جەمەتى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مۆھۈر ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى قىلىنغان. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، جاڭ چيەن بىرىنچى قېتىم غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ خەن ۋۇدىغا غەربىي يۇرت ئاتلىرىنىڭ ناھايىتى داڭلىق ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھونلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ئاتنىڭ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى دوكلات قىلغان. خەن ۋۇدى بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، بۇ ئاتلارغا بالدۇراق ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغان. دەل جاڭ چيەن ئىككىنچى قېتىم غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىپ، ئۇيسۇنلار ئېلىدىن قايتىشىدا ئۇيسۇن كۈن بېگى خەن سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىگە قوشۇپ، بىر قانچە ئون ئاتنى خەن ۋۇدىغا سوۋغا سۈپىتىدە ئەۋەتكەن. خەن ۋۇدى بۇ ئاتلارنىڭ قامەتلىك، چېپىش سۈرئىتىنىڭ تېز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولغان، شۇنىڭدىن باشلاپ غەربىي يۇرت بىلەن بولغان يىپەك سودىسىدا يىپەكنى ئاتقا تېگىشىش ئاساس قىلىنغان ھەمدە ئات بېقىشتا بېدىنىڭ ئاساسلىق يەم ـ خەشەك قىلىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، بېدىنى كەڭ كۆلەمدە تېرىپ ئۆستۈرگەن. يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان ئۈزۈم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقىنىڭ ئىنتايىن تېز قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن، ئاق سۆڭەكلەر ئۈزۈم سۈيىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان بولغان.

قىسقىسى، جۇڭگونىڭ يىپەكلىرى، تۆمۈردىن ياسالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى، غەربىي يۇرتنىڭ مېۋە ـ چېۋە، ئاتلىرى، داكچىننىڭ مەرۋايىتلىرى، پارس قولتۇقىنىڭ خورما، گۆھەرلىرى، بابىلنىڭ گىلەملىرى، مىسىرنىڭ توقۇلما بۇيۇملىرى، ھىندىستاننىڭ خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى، دورا ـ دەرمەكلىرى مانا مۇشۇ يىپەك يولىنى بويلاپ شەرق ۋە غەربكە تارقالغانىدى.

ئىككىنچى، يىپەك يولى ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تومۇرى بولۇش سۈپىتى بىلەن شەرق ـ غەرب مەنىۋى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ تۈگۈنى بولدى.

يىپەك يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، شەرق ـ غەرب ماددىي مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇنىڭغا ماس ھالدا مەنىۋى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىمۇ زور دەرىجىدە ئالغا سۈرۈلدى. خەن دەۋرىدە ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ ھەيكىلىنى ئويۇش، بولۇپمۇ ئاساسلىق شىرنىڭ ھەيكىلىنى ئويۇش ئومۇملىشىشقا باشلىدى. شىر ئەسلى پارس قولتۇقىدىكى ئەللەردە كۆپ ئۇچرايتتى، ھەيكەل ئويۇش بولسا دەسلەپ گېرتسىيىدە بارلىققا كەلگە-

نىدى. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، ھايۋانلارنىڭ ھەيكىلىنى
ئويۇش غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان
دېيىش مۇمكىن. ئەڭ دەسلەپ غەربىي يۇرتتا بارلىققا
كەلگەن نەي خەن ۋۇدى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تار-
قالغان بولۇپ، ئەسلى قوي، كالا سۆڭىكىدىن ياسىلىدىغان
نەي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەندىن كېيىن تېخىمۇ نەپىس
قىلىپ بامبۇك (قومۇش) بىلەن ياسىلىدىغان بولغان. ۋېي،
جىن دەۋرىدىن سۇي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە قەدەر ئىران
مەدەنىيەت سىستېمىسىغا تەۋە بولغان سوغدىلارنىڭ كۆپلەپ
جۇڭگوغا كېلىشى بىلەن غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ
مۇزىكا، ئۇسسۇل، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ
جۇڭگوغا كۆپلەپ تارقالدى. سوغدىلار مەدەنىيەت جەھەتتە
ئەڭ بۇرۇن پارس ـ ئىران مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل
قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كېلىشى تاڭ سۇلالىسى شەھەرلى-
رىدە بىرخىل غۇز قىزغىنلىقىنى پەيدا قىلدى. بىز تاڭ سۇلا-
لىسى ئەڭ گۈللەنگەن كەيىۋەن ـ تيەنباۋ يىللىرىدىكى مۇنا-
سىۋەتلىك خاتىرىلەرگە قارايدىغان بولساق، بۇ دەۋر ئېقىمى-
نى ھېس قىلالايمىز. لى بەي «مەي بىلەن ئۇزىتىش» دېگەن
شېئىرىدا: «غۇزلارنىڭ قىزلىرى گۈلدەك چىرايلىق، كۈلسە
گويا باھارغا ئوخشار» دەپ يازغان بولۇپ، بۇ مىسرادا ئەينى
زاماندا چاڭئەندىكى غۇزلار ئاچقان مەيخانىدا مېھمان كۈتۈ-
ۋاتقان ئەھۋالنى تەسۋىرلىگەن. چىن سېن «جيۇ چۈەندە ھا-
كىمنىڭ ھۇزۇرىدا مەيدىن كېيىن يازغان» دېگەن شېئىرىدا:
«باربىت بىلەن نەي خويمۇ ماسلاشقان، چاڭلار بىلەن غۇز-
لارنىڭ ناخشا ساداسى كىشىنى مەپتۇن قىلار» دېگەن مىسرا-
لىرىدا جيۇ چۈەندىكى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ زىياپى-
تىدە غۇزلارنىڭ ناخشا ئېيتىۋاتقان ھالىتى ئىپادىلەنگەن. بۇ
ھەقتە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفې-
سورى شاڭ دا ئەپەندىنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە
غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىغا مۇراجىئەت
قىلساق، بۇ ئەسەردىن تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەننىڭ رەڭگا ـ
رەڭ غۇزلىشىش مەنزىرىسىنى كۆرۈۋالالايمىز.

دىن مەنىۋى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ بىرخىل ئىپا-
دىسى بولۇش شەكلى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا كىشلەرنى ئۆزى-
گە جەلپ قىلىشقا باشلىغان. دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىننىڭ
بىرى بولغان بۇددا دىنى ئەڭ بۇرۇن غەربىي خەن سۇلا-
لىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە شىنجاڭغا تارقالغان. ۋېي،
جىن، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئۇرۇشلارنىڭ
كۆپلەپ يۈز بېرىشى، بۇددا دىنىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىنتايىن
ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. سۇي، تاڭ سۇلالىسى
دەۋرىگە كەلگەندە بۇددا دىنى كىشلەر قەلبىدىن چوڭقۇر

ئورۇن ئالدى ھەمدە جۇڭگونىڭ داڭلىق راھىبلىرى جۇڭ-
گوچە دىنىي مەزھەپنى بارلىققا كەلتۈردى. بۈگۈنكى كۈندە
بۇددا دىنى قەدىمكى دەۋردىكىدەك ئۇنداق گۈللىنىپ كەت-
مىدى، ئامما كىشلەرنىڭ كاللىسىدىكى سەۋەب ـ نەتىجە
چۈشەنچىسى، شۇنداقلا تىلدا دائىم ئىشلىتىلىپ كېلىۋات-
قان بەزى سۆزلەر، مەسىلەن، «كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە»
(刹那)، «تەسىر كۆرسەتمەك» (影响)، «سۇ بىلەن
سۈتنى ئارىلاشتۇرماق» (水乳交融) قاتارلىقلار ھەممىلا
جايدىكى ئىبادەتخانا، تاشكېمىرلەردە كۆزگە چېلىقىدۇ ھەم
رومانلاردىكى مۇشائىرەلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇلار بۇددا دىنى-
نىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك قالدۇقلىرىنىڭ تەسىرىدىن
ئىبارەت. بولۇپمۇ يىپەك يولىنى بويلاپ ساقلىنىپ كېلىۋات-
قان بۇددا تاشكېمىرلىرى، داڭلىقلىرىدىن كۇچادىكى قىزىل
مىڭئۆيى، تۇرپاندىكى بېزەكلىك مىڭئۆيى، دۇنخۇاڭدىكى
موگاۋ غارى، ئەنشىدىكى يۈلىن غارى، ۋۇ ۋېيدىكى تيەندى-
شەن تاغ غارى، يوڭجىڭ بىڭ لىن ئىبادەتخانىسى، تيەنى-
شۈيدىكى مەيجى تاغ غارى، داتۇڭدىكى يۈنگاڭ غارى، لو-
ياڭدىكى لوڭمېن غارى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ
تاشكېمىرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى شەرق ـ غەرب
سەنئەت ئۇسلۇبىنى بىرلەشتۈرگەن، ئۇلار يىپەك يولىدىكى
شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ ئىسپاتى. ئۇلار بىر
تىزىق مەرۋايىتتەك يىپەك يولىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت مە-
راسلىرىغا ئايلانغان.

ۋېي، جىن سۇلالىسىدىن سۇي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرى-
گىچە بولغان ئارىلىقتا غەربىي ئاسىيادىكى زوروئاستېر دىنى،
مانى دىنى، نىستورىئان دىنى، ئىسلام دىنىمۇ ئىلگىرى ـ
ئاخىر جۇڭگوغا تارقىلىپ، مۇئەييەن تەسىرلەرنى پەيدا
قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مانى دىنى ئەسلى قەدىمكى پارس
ئېلى (بۈگۈنكى ئىران) دا بارلىققا كەلگەن بىرخىل دىن
بولۇپ، بۇ دەل پارسلار ئېزىلىشكە ئۇچراپ يوقلىش گىر-
دابىغا بېرىپ قالغان مەزگىل ئىدى. ئەمما جۇڭگودا، بولۇپ-
مۇ غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ،
ھەتتا 9 ـ ئەسىردە تۇرپاندا قۇرۇلغان غەربىي ئايماق
ئۇيغۇر خانلىقىدا دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەنىدى.
دۇنخۇاڭ، تۇرپاندىن تېپىلغان خەنزۇچە ۋە ھەرخىل
پارسچە، ئۇيغۇرچە مانى ھۆججەتلىرى، مىسىردىن تېپىلغان
كوفىت يېزىقىدىكى مانى ھۆججەتلىرى بىلەن بىرگە، بۈ-
گۈنكى كۈندە بىزنىڭ قەدىمكى دۇنيادىكى مانى دىنىنى
چۈشىنىشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدىغان قىممە-
تلىك ماتېرىياللار بولۇپ قالدى. تاڭ سۇلالىسى غەرب مە-
دەنىيىتىگە يول قويىدى، چاڭئەندە زوروئاستېر دىنى ئىبادەت-

خانىسى، ئىسلام دىنى مەسچىتلىرىنى سېلىشقا يول قويىدى، ھەتتا يىپەك يولى ئارقىلىق ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چاڭئەنگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان غەربلىك كىشىلەرنى تاللاپ ئوردىدا خىزمەتكە قويىدى.

يۇقىرىدىكىلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرىدىن ئىلگىرى جۇڭگو ئىدىيىسىنىڭ غەربكە تارقىلىش كۆلىمى ۋە ھەجمى جەھەتتە، جۇڭگو غەربتىن قوبۇل قىلغان نەرسىلەر تولىمۇ ئاز، لېكىن جۇڭگونىڭ ماددىي مەھسۇلاتلىرى ۋە تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشى بىر قەدەر كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، ستاتىستىكا قىلىش قىيىن. قەغەزچىلىك، مەتبەئە، مىلتىق دورىسى، كومپاس، سىرلانغان ئەسۋاب، فارفور بۇيۇملارنىڭ غەربكە تارقىلىشى دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە غايەت زور تۆھپە قوشقانلىق ھېسابلىنىدۇ. تاكى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا خرىستىئان دىنى دىن تارقاتقۇچىلىرى (مىسسىئونېرلار) نىڭ جۇڭگوغا كېلىشى بىلەن، جۇڭگونىڭ ئىدىيە ـ مەدەنىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە غەربكە تونۇشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەرب يېقىنقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭگوغا كىرىش دەۋرىنىمۇ ئاچتى. جۈملىدىن يىپەك يولى باغرىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئۆچرىششى ئارقىلىق تۈرلۈك شەكىلدىكى مەدەنىيەتلەر دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ مولىشىشىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىگە ئايلاندى. يىپەك يولىمۇ شەرق ـ غەرب خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىكى كۆۋرۈككە ئايلاندى.

يىپەك يولىنىڭ مۇساپىسى ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان بولۇپ، قەدىمدە ئۇ دوستلۇق ئۇرۇقىنى چاچىدىغان يول، شۇنداقلا ئورۇش ئوتلىرى قاپلىغان يول. بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر ئۆتمۈشتىكى يىپەك يولى باغرىدا يۈز بەرگەن ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى، جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى ئۇنتۇپ، يىپەك يولىنى شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىنى تۇتاشتۇرىدىغان تۈگۈن دەپ قارىماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەشكىللىگەن «يىپەك يولى» تەتقىقات پىلانى يىپەك يولىنى «سۆھبەت يولى» دەپ ئاتاپ، شەرق ـ غەربنىڭ سۆھبىتى ۋە ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈردى. جۇڭگو خەلقىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۈگۈنكى يىپەك يولى ئېچىۋېتىلگەن يول، ئالغا ئىلگىرىلەش يولى، 21 ـ ئەسىرگە يۈزلەنگەن پارلاق يول. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خەلقئارانىڭ تىنچلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىدا ئۆزىنىڭ كۆۋرۈكلۈك ۋە ھەل قىلغۇچ بەلۋاغلىق (تۈگۈنلۈك) رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرغۇسى.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. كىلىمكېيت: «قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

2. مۇھەممەتتۇرسۇن يالغۇزەك، پەرھاد سالى: «يىپەك يولى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1987 ـ يىلى 4 ـ سان.

3. چاڭ زى، خې جۈن: «يىپەك يولى ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1988 ـ يىلى (خەنزۇچە) 3 ـ سان.

4. پېتىر خوپرىك: «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبى ئالۋاستىلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

5. نىياز كېرىمى: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

6. «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر»، 1997 ـ يىلى 1 ـ سان «يىپەك يولى دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا».

7. «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى 1992 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى.

8. «يىپەك يولىدىكى ئەجەبش خاتىرىلەر»، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى بىلەن قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسىي ـ تارىخ فاكۇلتېتى بىرلىكتە 2001 ـ يىلى باستۇرغان ئىچكى ماتېرىيال.

9. خۇڭ شىنياڭ: «يىپەك يولى مەدەنىيىتى»، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

10. گەي شەنلىن: «يىپەك يولى يايلاق مىللەتلىرى مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

11. «جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخى» (ئالىي مەكتەپ ئىجتىمائىي پەن دەرسلىكى) شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى 1998 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى.

**تەھرىرلىگۈچى: ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى**

# ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە قىلىش ئادىتىدىكى ئۆملۈك روھى

مۇتەللىپ ئىقبال

تارىختىن بۇيان، ئۇيغۇرلار ئۇيۇشۇشچانلىق روھىغا ئىگە بىر مەدەنىيەتلىك مىللەت بولۇپ ياشاپ كەلگەن. بىز تارىخنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆملۈك ۋە بىرلىشىشنىڭ يۈكسەك سەلتەنەتلىرىنى رويابقا چىقارغانلىقىنى، تۇرمۇش ئادەتلىرىدە بۇ روھنى جارى قىلدۇرۇپ، گۈزەل ئەنئەنىلەرنى ئىجاد قىلغانلىقىنى بايقايمىز. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە كوللېكتىپ روھ ناھايىتى كۈچلۈك. جۈملىدىن ئۆلۈم - يېتىم، دەپنە - مۇراسىم ئىشلىرىدىمۇ كۈچلۈك ئۆملۈك روھىنى ئىپادىلىگەن. جامائەت ئەخلاقى كۈنسېرى يىكلەۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە خەلقىمىزدە ئۆملۈك روھىنى ئويغىتىش ناھايىتى مۇھىم.

ئادەم ئۈچۈن تۇغۇلۇش ھاياتنىڭ باشلىنىشى بولسا، ئۆلۈش يوقلۇق سەپىرىگە ئاتلىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، تۇغۇلۇش، ياشاش ئەتىۋارلىق بولغىنىدەك، ئۆلۈممۇ ئىنسان ئۈچۈن مۇھىم ھادىسىلەرنىڭ بىرى. بىز مىللەتلەرنىڭ دەپنە - مۇراسىم ئىشلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئادەمنىڭ قىممىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئىنساننىڭ ياشاش جەريانى مەنىلىك بىر سەپەر. شۇنداق بولغانىكەن، ئۆلۈممۇ ئوخشاش دەرىجىدە ئۇلۇغلىنىشى كېرەك. بىز بۇ ئارقىلىق ئىنساننىڭ قىممەت دەرىجىسىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرەلەيمىز.

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئۆلۈمگە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئېتىبار بەرگەن، دەپنە - مۇراسىملارنى داغدۇغىلىق، ئۆملۈك روھى ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. ئۆلگۈچىگە بولغان تەزىيەسى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. ئۆلۈمنى قىممەتلىك بىر ھادىسە سۈپىتىدە كۆرگەن. دەپنە - مۇراسىملاردا كوللېكتىپ ھالدا ئۆلۈكنى يۇيۇش، كېپەنلەش، يەرلىككە قويۇش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىش، ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا يار - يۆلەكتە بولۇش قاتارلىق ئېسىل ئەخلاقىي - پەزىلەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. تارىخىي پاكىتلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەپنە - مۇراسىم ئىشلىرىدىكى كوللېكتىپ ۋە ئۆملۈك روھنى جارى قىلدۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ئۆلۈكنى دەپنە قىلىشتا نۇرغۇنلىغان ئۆزگىچە ئادەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇلار ئۆلۈكنى دەپنە قىلىشتا ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا قەدىرلەپ ئىشلەتكەن نەرسىلىرىنى بىللە كۆمگەن. بىز بۇ يەردە پەقەت دەپنە قىلىش ئادىتىدىكى ئۆملۈك شەكىللىرى ھەققىدە توختىلىمىز.

ئەجدادلىرىمىز ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن قىيالماسلىق ھېسسىياتىنى ھەرخىل شەكىل ۋە پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ كەلگەن. بۇنىڭدا ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىلا ئەمەس، قەبىلە - ئۇرۇق ئەزالىرى، توپ ياكى مەلۇم بىر ھاكىمىيەت بايرىقى ئاستىدىكى كىشىلەر ئۆلگۈچىگە يۈكسەك دەرىجىدە ھۆرمەتتە بولغان. مەسىلەن، قەدىمدىن تارتىپلا بىر كىشى ئۆلسە يىغا زار قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق بايانلار بار:

«ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ،
ئەرسىز ئاژۇن قالدىمۇ.
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.»①

(خاقان ئافراسىياپ ئۆلدىمۇ؟ بىۋاپا دۇنيا ئۇنىڭدىن قۇتۇلدىمۇ؟ پەلەك ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالدىمۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ زامانىغا نەپرەتلىنىپ يۈرەكلەر پارە - پارە بولماقتا.)

«بەگلەر ئاتىن ئادغۇرۇپ،
تازغۇ ئانى تۇرغۇزۇپ.
مەڭزى يۈزى سارغىيىپ،
كۆركۈم ئاڭا تۇرتىلۇر.»②

(ئافراسىياپنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ بەگلەر ئاتلىرىنى ھارغۇزۇپ چېپىپ كېلىشتى. ئۇلار قايغۇلىرىنى بېسىۋالدى، ئۇلارنىڭ يۈزى زەپىراندەك سارغايدى.)

«ئۇلىشىپ تەرەن بۆرلەيۈ،
يىرتىپ ياق ئۆرلەيۈ.
سىقرىپ ئۈنى يۈنلەيۈ،
سىفتاپ كۆزى ئۆرتىلۇر.»③

(ئادەملەر ئافراسىياپنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ بۆرىلەردەك ھوۋلاشتى، ئاھ ئۇرۇپ ياقا يىرتىشتى. بەزىدە مۈڭلۈق نەغمىدەك ئۈن سېلىپ پەرياد چېكىشتى. كۆپ يىغلاپ كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ كەتتى.)

دېمەك، ئەجدادلىرىمىز ئۆلگۈچىگە بولغان قايغۇرۇش ھېسسىياتىنى ھەرخىل پائالىيەت ۋە شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادى-

لەپ كەلگەن. بەزىلەر ياقىلىرىنى يىرتىشقان، بەزىلەر يۈزلىرىنى تىلغان، بەزىلەر تولا يىغلاپ كۆرمەس بولۇپ قالغان... بۇنداق ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆلگۈچىگە بولغان كوللېكتىپ ھالدىكى تەزىيە ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. «قاغان ئۆلسە خاتۇنى بىلەن دەپنە قىلىناتتى. ئۇيغۇرلار مۇسىبەت بولغاندا ئات ـ كالا ئۆلتۈرۈپ، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزەتتى. ئۆلۈك ياتقان چېدىرنى يەتتە ئايلىناتتى ۋە پىچاق بىلەن چېكىسىنى تىلىپ قان چىقىرىپ، قان ـ ياش ئاققۇزۇپ ھازا قىلىشاتتى.»④ بۇخىل دەپنە ئادىتىدىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆملۈك روھى يارقىن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

كىشى ئۆلگەندىن كېيىن يىغا ـ زارە ۋە باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ئەتراپتىكى كىشىلەرگە خەۋەر بەرگەن. دەپنە مۇراسىمىغا شۇ يۇرتتىكى، شۇ قوۋمدىكى ۋە باشقا يۇرتلاردىكى كىشىلەر ھەتتا باشقا پادىشاھلىقلاردىنمۇ كىشى قاتنىشىپ، ماتەم مۇراسىمىنىڭ كوللېكتىپ ۋە ئۆملۈك تۈسى رۇشەن دەرىجىدە ئاشقان، دەپنە مۇراسىمى كوللېكتىپ شەكىلدىكى پائالىيەتكە ئايلانغان. مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدە پادىشاھنىڭ دۈشمەن بېسىپ كەلگەندە، ئۇرۇش مەيدانىدىن ئايرىلىپ خانىشنى دەپنە قىلغىلى كەتكەنلىكىدەك ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن. «تۈركەش خانى يولغا چىقىپ بوپتۇ، ئون ئوق خەلقى پۈتۈنلەي قوزغىلىپ بوپتۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە تابغاچ ئەسكەرلىرىمۇ بار ئىكەن. بۇ گەپلەرنى ئىشىتىپ خاقانىم: ‹مەن ئۆيگە بېرىپ كېلەي، خوتۇنۇم قازا قىلىپتۇ. ئۇنى دەپنە قىلىۋېتەي، سىلەر قوشۇننى باشلاپ ئىلگىرىلەۋېرىڭلار، ئالتاي تېغىغا ئورۇنلىشىڭلار، ئىنەل قاغان بىلەن تاردۇش شادلەشكەر بېشى بولۇپ ئىلگىرىلىسۇن› ⑤دېدى. «مۇشۇنچىۋالا غەلىبىلەرنى قازىنىپ ئاتام خاقان ئىت يىلى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قازا تاپتى. چوشقا يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدۈم. تۇتۇق ئاتىسى لىسۇن دېگەن چوڭ سەنگۈن 500 ئەرنى باشلاپ كەلدى... ئالتۇن ـ كۈمۈشلەردىن ناھايىتى نۇرغۇن كەلتۈرۈلدى. دەپنە مۇراسىمى ئۈچۈن ئىسرىقدان ۋە ئىپارلارنىڭ ھەممىسىنى ئورنىتىپ بەردى...»⑥ «تەزىيە بىلدۈرۈش، ماتەم تۇتۇش ئۈچۈن قىتان ۋە تابغاچ خەلقىگە ۋەكالىتەن ئۇدار سانغۇن كەلدى، تابغاچ خاقانىدىن ئىسىي سىكەك كەلدى. ئۇ بىر تۈمەن ئېسىل سوۋغات، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى كەلتۈردى. تۈبۈت خاقانىدىن بۆلۈن كەلدى، غەربتىن كۈنپېتىش تەرەپتىكى سوغدى، بەرچەكەر، بۇقاراق ئەللىرىدىكى خەلقلەردىن نەڭ سانغۇن ۋە ئوغۇل تارقان كەلدى. ئون ئوق خەلقى تۈركەش خاقانىدىن ماقراچ تامغىچى، ئوغۇز بىلگە تامغىچى كەلدى. قىرغىز خاقانىدىن تاردۇن ئىنانچى چۇر كەلدى. ئىمارەت ياسايدىغان ئۇستىلار، نەققاشلار، پۈتۈك تاش ياسايدىغان ئۇستىلارنى باشلاپ تابغاچ خاقانىنىڭ جىيەنى چاڭ سانغۇن كەلدى.»⑦

دېمەك، ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەپنە مۇراسىمى ناھايىتى داغدۇغىلىق، كەڭ كۆلەملىك ئۆتكۈزۈلگەن، ھەرخىل خەلقلەردىن ئادەم قاتناشقان، خەت ـ خەۋەرلەر ئارقىلىق شۇ يۇرتقىلا ئەمەس، باشقا ئەللەرگىمۇ خەۋەر قىلىنغان.

ئۆلگۈچى دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن ھەرخىل پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى خاتىرىلىگەن، مەڭگۈ تاشلارنى ئورناتقان، مەرسىيەنامىلەرنى يازغان، قەبرە ئەتراپىنى ئايلىنىپ ھازا قىلىشقان. ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن تۇپراق بېشىدا ئۈچ كۈن، يەتتە كۈن، ھەتتا 40 كۈنگىچە قۇرئان تىلاۋەت قىلغان. مەرھۇمنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئەسلىگەن، ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋە ساۋاب تىلىگەن. «ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن خېلى بۇرۇنقى تارىخىي خاتىرىلەردە ئومۇمەن كىشى ئۆلسە يەرگە دەپنە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا كۆپلىگەن تارىخىي پاكىتلار بار. بۇنى قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن قېزىۋېلىنغان كۆپلىگەن جەسەتلەر تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇلار ئۆلۈككە يېڭى كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ، گۆر كولاپ، گۆر ئىچىدە چىرايلىق سۇپا تەييارلاپ ئۇنىڭغا قومۇشتىن توقۇلغان يېڭى بورا سېلىپ، بورا ئۈستىگە جەسەتنى قويغان. مېيىتنى دەپنە قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇرۇق ۋە قەبىلە بويىچە داغدۇغىلىق دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. ھايات ۋاقتىدىكى ئىش ـ ئىزلىرىنى بايان قىلىدىغان قەسىدە، مەرسىيەنامىلەرنى ئويۇپ خاتىرە تاش ئورناتقان»⑧. «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى» ناملىق كىتابتا: «ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنى ۋە دۈشمەن بىلەن بولغان جەڭدە ۋاپات بولغان قەھرىمانلارنى بەك ھۆرمەت قىلاتتى» دەپ يېزىلغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ ئۆلگۈچىنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا مەرسىيەنامىلەر ئارقىلىق مەرھۇمغا سېغىنىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ جۇدالىق ھەسرەتلىرىنى بايان قىلىش ئادىتى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. «مەرسىيەنامىلەر بەزى رايونلاردا پەقەت مەرھۇمنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى تەرىپىدىن ئېيتىلسا، بەزى جايلاردا پۈتۈن يۇرت ـ مەھەللە جامائىتى تەرىپىدىن ئورتاق ئېيتىلىدۇ.»⑨ دېمەك، ئەجدادلىرىمىز ئۆلگۈچىنى دەپنە قىلىش ۋە دەپنىدىن كېيىنكى ۋاقىتدىمۇ ئۆملۈك روھىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

ئۆلۈم ـ يېتىم بولغان ئائىلىگە ھەرقايسى ئىشلاردا ياردەم بەرگەن، ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلغان، ئېغىرىنى يە-

ىشكىلەتكەن. «ئەگەر ئۆلگۈچى مۇساپىر، ئىگە ـ چاقىسىز بولغان بولسا شۇ جايدىكى مەسچىت جامائىتى ئۇنىڭ جەسەتىنى سۇغا ئېلىش، كېپەنلەش، نامىزىنى چۈشۈرۈش رەسىمىيەتلىرىنى ئورۇنداپ خالىسانە دەپنە قىلىپ قويىدۇ»⑩. بۇ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەپنە ئەخلاقىمىزدىكى گۈزەل ئادەت بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئۆلگۈچىنىڭ ئورۇق ـ تۇغقانلىرىغا يار ـ يۆلەكتە بولۇپ ئۆيىدە تۇرۇش، تەسەللىي بېرىش، يوقلاپ تۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار پەزىلەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان. «ئۇيغۇرلار مۇسىبەت بولغان ئائىلىگە ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئەنئەنىگە ئىگە. مەلۇم بىر ئائىلىدە مۇسىبەت بولغان ھامان، يۇرت ـ مەھەللە جامائىتى ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ تەزىيە بىلدۈرۈپ تەسەللى بېرىدۇ. بولۇپمۇ قولۇم ـ قوشنىلار كېچە ـ كۈندۈز بولۇشدىن قەتئىينەزەر، ھازىدارغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېتەشەلمىگەن ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەمدە بولىدۇ. قويۇق ـ سۇيۇق غىزا قىلىپ ئەكىرىپ ئۇلارغا ئىسسىق ئىچۈرىدۇ.»⑪

ئىسلامىيەت ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى ۋە دۇنيا قارىشىغا خېلى زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، تۇرمۇشنىڭ ئەخلاق ۋە مىزانلىرى كۆپەيدى. جۈملىدىن دەپنە ـ مۇراسىم ئىشلىرىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپلىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى. دەپنە مۇراسىملاردىكى ئۆلمۈلۈك روھى تېخىمۇ كۈچەيدى. ساۋاب ۋە ياخشىلىق تېپىشنى ئەقىدە قىلغان ھايات قارىشى ئۆزگىچە ۋە نەمۇنىلىك ئۆلمۈلۈك، كوللېكتىپچانلىق روھىنى ۋە شەكلىنى بەرپا قىلدى. ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ نامىزىغا قاتنىشىپ ساۋابقا ئېرىشىشنى، شۇنداقلا ئۆلگۈچىنىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى بىر تۈرلۈك شەرت ۋە بۇرچ دەپ قارايدۇ. ئىسلام دىنىدا بىر كىشى ئۆلگەندىن كېيىن باشقىلارغا خەۋەر بېرىش، ئۇنىڭ نامىزىغا داخىل بولۇش، جامائەت شەكلىدە مېيىت نامىزىنى ئوقۇش، جامائەت مېيىتنىڭ تاۋۇتىغا ئەگىشىش، ھەممەيلەن تۇپراق بېشىدا ئولتۇرۇپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ئۇنىڭ ئۈچ، يەتتە، قىرىق، يىل نەزىرلىرىگە قاتنىشىش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئېسىل ئەخلاقى ـ پەزىلەتلەرنى ئىجاد قىلغان. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى دەپنە ـ مۇراسىملىرىنى دادىل ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنى ئۇيغۇرچە تەپەككۇر ۋە مەدەنىيەت پورىقىغا ئىگە ئادەت شەكلىگە ئايلاندۇرغان.

دېمەك، ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەپنە ـ مۇراسىم ئىشلىرى تارىختىن بۇيان ئۆلمۈلۈك، ئۇيۇشقاقلىق روھى ئۇستىگە قۇرۇلغان. ئەجدادلىرىمىز ئەزەلدىن ئىنسانىي ۋە ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۇلۇغلىغان. شەخسنىڭ دەپنە ـ مۇراسىم ئىشلىرىنىڭ ئۆلمۈلۈك شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىشى ئەلۋەتتە شەخسنىڭ قىممىتىگە بولغان كۆزقاراش ۋە ھەرىكەتنىڭ يۇقىرى چەكتە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز تارىختىكى پاكىتلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىنسانىي ئۇلۇغلاش پائالىيىتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى ئۇچرىتىمىز. بۈگۈنكى زاماندا يەرلىكتە بىر كىشى ئۆلسە، تونۇمايدىغان كىشىلەرمۇ نامىزىغا داخىل بولىدىغان ئادەت ھېلىھەم مەۋجۇت. بۇ بىر كىشى ئۆلسە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىلا ئاپىرىپ كۆمۈپ قويىدىغان ئادەتتىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق.

دەپنە ـ مۇراسىم ئىشلىرىغا كۆپ كىشىلەرنىڭ قاتنىشىشى جامائەت ئەخلاقىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جامائەت ئەخلاقى سۇسلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، خەلقىمىز روھىدىكى ئۆلمۈلۈك ۋە ئۇيۇشقاقلىق كۈچى ھەقىقەتەن تىلغا ئېلىشقا ۋە تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىدىيىۋى مەنبەدىن ئىبارەت.

---

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**

①②③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 59 ـ، 254 ـ، 633 ـ بەتلەر.
④ «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى»، 247 ـ جىلد.
⑤ تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى
⑥ «كونا تاگنامە» 194 ـ جىلد. ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «يادىكارلىقلىرىمىزدىن مەدەنىيىتىمىزگە نەزەر» ناملىق كىتابى 863 ـ بەتتىكى نەقىل
⑦ كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشىدىن
⑧⑨ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورىدىن بايان» 391 بەت.
⑩⑪ ئابدۇرېھىم ھەببۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى 325 ـ، 327 ـ بەتلەر.

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كۆيا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە.

تەھرىرلىگۈچى: تۇرسۇنئاي ئابلەت

# شەرم ـ هايا ۋە نومۇس توغرىسىدا

مۇختار ياقۇپ

ئۇيغۇر مىللىتى شەرم ـ هايالىق مىللەت. مىللىتىمىز ئەزەلدىن شەرم ـ هايانى ئۆز ئېتىقادى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ھەياتىنىڭ، تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە چوڭقۇر سىڭدۇرگەن. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىزگە: «ئىمان ـ ئېتىقاد 60 نەچچە شاخچىدىن تەركىب تاپىدۇ» دېگەندە، هايانى ئۇنىڭ بىر شاخچىسى دەپ كەلگەن. ھەمدە ھەقىقىي رەۋىشتە هايا قىلىش ئۈچۈن بەدەندىكى ھەممە ئەزالارنى گۇناھتىن ساقلاش، ئۆلۈمنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى چىرىشنى ياد ئېتىشنى تەشەببۇس قىلىپ: «ئادەم باللىرىنىڭ تېنىدە تۆت جەۋھەر (گۆھەر) بار. بۇلار 1 ـ ئەقىل، 2 ـ ۋىجدان، 3 ـ هايا، 4 ـ ياخشى ئەمەل. بۇ تۆت جەۋھەرنى يوقىتىدىغان تۆت نەرسە بار. بۇلار: 1. غەزەپ، بۇ ئەقىلنى يوق قىلىدۇ. 2. ھەسەتخورلۇق، بۇ ۋىجداننى يوق قىلىدۇ. 3. تەمەخورلۇق، بۇ هايانى يوق قىلىدۇ. 4. غەيۋەت، بۇ ياخشى ئەمەلنى يوق قىلىدۇ» دەپ تەلىم بەرگەن.

شەرم ـ هايا ـــ سەت ئىشلاردىن ساقلىنىشقا، ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان بىرخىل گۈزەل ئەخلاق، ئۇ ئېتىقادنىڭ باشقا مەزمۇنلىرىنى ئورۇنلاشقا سەۋەب بولىدۇ. هايا كىشىدە «دۇنيا، ئاخىرەتتە رەسۋا بولۇپ قالارمەنمۇ» دېگەن غەم ـ ئەندىشە، قورقۇنچنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان ناچار ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ، ياخشى ئىشلارنى ئىشلەيدۇ.

شەرم ـ هايا ئىنسان ئۈچۈن بەك مۇھىم بولغاچقا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىزگە: «هاياسىزدا ئىمان يوق» دېگەن مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنى قالدۇرغان.

شەرم ـ هايا ھەم نومۇسچانلىق ئېسىل گۈزەللىك. ئۇ ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۇل تېمى؛ ئېتىقادنىڭ پوستى شەرم ـ هايا ھەم نومۇسچانلىقتۇر؛ قوۋزىقى (تاشقى پوستى) سويۇۋېتىلگەن دەل ـ دەرەخ قۇرۇپ كەتكەندەك، هايا، نومۇس تۇيغۇسىنى يوقاتقان ئىنسانمۇ ئېتىقادىدىن ئاجراپ هالاك بولىدۇ؛ ئېتىقاد ۋە ۋىجدان ـــ ئىنساننىڭ ئىچكى نومۇسى؛ هايا ۋە نومۇسچانلىق بۇ ئىككىسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدۇر.

نومۇس ۋە هايا ئېڭى ـــ ئىنساننى جازا ھەققىدىكى ھەرقانداق ۋەز ـ نەسىھەت، كىتابلاردىنمۇ بەكرەك توغرا يولغا سالىدۇ. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز بىزگە «ھەقتىن قورقۇش، ئىنساندىن هايا قىلىش» دېگەن نەسىھەتنى قالدۇرغان. ئەمەلىيەتتىمۇ قانۇن تەقىپ قىلالمىغان نەرسىلەرنى كۆپ ھاللاردا ئىنساننىڭ هايا ۋە نومۇسى تەقىپ قىلالايدۇ.

شەرم ـ هايا ھەم نومۇسچانلىق ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان بۈيۈك نېمەت بولۇپ، شۇڭا ئىنسان ئۆزىنىڭ كەمچىلىك مۇكەممەلسىزلىكلىرىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئاشۇ كەمچىلىك، مۇكەممەلسىزلىكلىرىدىن، ئاجىزلىقلىرىدىن ئۇيۇلىدۇ.

ھەرقانداق هايۋان ھەتتا ئەڭ ئەقىللىق ھېسابلىنىدىغان شىمپەنزە مايمۇنمۇ نومۇس قىلىشنى مۇتلەق بىلمەيدۇ.

شەرم ـ هايا ۋە نومۇسچانلىق زېمىندىكى مەخلۇقاتلار ئىچىدە پەقەت ئىنسانغىلا ئاتا قىلىنغان ئۇلۇغ نېمەت بولۇپ، نومۇس، هايا ئېڭى يېتىلمىگەن «ئىنسانلار» ماھىيەت جەھەتتە هايۋان بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، ياكى هايۋاننىڭ ئەڭ ناچىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئۆزىدە هايا، نومۇس تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرمىگەن.

پەرزەنتلەرگە كىچىكىدىن باشلاپ هايا، نومۇس تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى، ئەخلاقىنى ياخشى ئاساسقا ئىگە قىلىش لازىم.

پەرزەنت بىر ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ. ئۇ گويا بىر مۇنبەت تۇپراق. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار قىز، ئوغۇل پەرزەنتلىرىگە كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزىنى قەدىرلەپ تولۇق، مۇكەممەل كىيىنىشنى، ئەۋرەت ھېسابلىنىدىغان بارلىق ئەزالىرىنى تولۇق يۆگەشنى، يوشۇرۇشنى ئۆگىتىش لازىم. بۇ شەرم ـ هايا نومۇسچانلىقنىڭ شۇنداقلا باللاردىكى ئۆگلۈك ئېڭىنىڭ ھۇل تېمى.

ئىنسان ئۆزىدىن خۇددى باشقا ئادەملەردىن هايا قىلغاندەك، ئۇيالغاندەك ئۇيىلىشى ۋە يالغۇز ئۆزىلا بىلىپ تۇرسىمۇ، (باشقىلار بىلسۇن، بىلمىسۇن بۇنىڭدىن قەتئىينەزەر) جەزمەن يامان ئىشتىن ئۆزىنى تارتىشى كېرەك. بىر ئادەمنىڭ مەنىۋى كامالىتىنىڭ قايسى پەللىگە كۆتۈرۈلگىنىنى ئۇنىڭ نېمىدىن نومۇس قىلىش ۋە نومۇس قىلماسلىقى ئەڭ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەنىۋى كامالەتكە پەقەت ھەقىقىي ئېتىقادلىق، تىلى بىلەن دىلى بىر، نەپسىگە قۇل بولمىغان باتۇر ئادەملەرلا يېتەلەيدۇ. ئەدەپ ـ ئەخلاقنى نومۇستىن، نومۇسنى بولسا ئەدەپ ـ ئەخلاقتىن ئاجراتقىلى بولمايدۇ. ئەگەردە ھەر ئىككىسى يىمىرىلسە بارلىق كۆركەم بىنا يىقىلىدۇ، قەدىرسىز بولىدۇ ۋە نەپرەتكە تېگىشلىك بولىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز: «ئادەم بولسا هايا بولغۇسى ئەلۋەت، بىهايا ۋۇجۇدقا ياغسۇن مىڭ لەنەت» دېگەن ھېكمەتنى قالدۇرغان.

شەرم ـ ھايا بىلەن مېھىر ـ مۇھەببەت بىر ۋاراق قەغەزنىڭ ئىككى يۈزىگە ئوخشايدۇ. پەقەت بىرلا يۈزى بار قەغەزنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغىنىدەك، شەرم ـ ھايادىن ئايرىلغان مۇھەببەت ۋە ۋاپادارلىقنى، مۇھەببەت ھەم ۋاپادارلىقتىن ئايرىلغان شەرم ـ ھايانى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. مۇھەببەت ھەم ۋاپادارلىقنىڭ مېۋىسى پەقەت شەرم ـ ھايا دەرىخىدىلا چۈشىدۇ، ۋاپادارلىقنى، مۇھەببەتنى پەقەت، شەرم ـ ھايالىق كىشىلەردىنلا كۈتۈش مۇمكىن. پەقەت شەرم ـ ھايالىق كىشىلەرلا ۋاپادار، مېھىر ـ مۇھەببەتلىك كېلىدۇ. شۇڭا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋايى: «ھاياسىزدا ۋاپا يوق، ۋاپاسىزدا ھايا يوق» دېگەن ئۇلۇغ ھېكمەتنى قالدۇرغان. ھايا ـ ۋاپادارلىقنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ، ۋاپاسىز ئىنسان ئىگىسىنى ئالدىغان قۇش ياكى زەھەرلىك يىلاندۇر. ئەمەلىيەت نومۇسسىز ئادەملەرنىڭ ئەڭ پەسكەش بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان ھەم ئىسپاتلاۋاتىدۇ. قورقۇنچاق، ھاياسىنى يوقاتقان ئادەم ھەرقانداق پەسكەشلىككىمۇ رازى بولىدۇ. شۇڭا، قورقۇنچاق ھاياسىز كىشىلەرگە نەپرەتلىنىش لازىم.

ئىنساننىڭ بىر كەتكەن ئۈيات ـ نومۇسى قايتىپ كەلمەيدۇ. شەرم ـ ھايا ھەم نومۇس تۇيغۇسى ئەر ـ ئايال، ھەرقانداق ئىنسان ئۈچۈن ھاياتلىق دېمەكتۇر، ھەتتا ھاياتتىنمۇ قىممەتلىكتۇر. دىيارىمىزدىكى ئېتىقادلىق قەھرىمان قىز نۇزۇگۇم، ھەم «يەتتە قىزلىرىم» بىزگە شەرم ـ ھايا ھەم نومۇسنىڭ ئىنسان ئۈچۈن نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى ئىسسىق قېنى بىلەن ئىسپاتلاپ بەرگەن. ئەرلەر ئۈچۈن ئۇنىڭ شەرم ـ ھايا ھەم نومۇسى — ئۇنىڭ ئۆز ۋەتەن، خەلقى ئۈچۈن ئەڭ جىددىي ۋەزىيەتتە كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، ئۆزىنى قۇربان قىلىشىدا نامايان بولىدۇ. بۇلارنىڭ كۆرۈنىشى خۇددى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىق شېھىتلار ئىسپاتلىغاندەك بولىدۇ.

مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەنىۋى دۇنياسى بۇلغانغان، ئېتىقاد، ۋىجدان، شەرم ـ ھايا، نومۇس تۇيغۇسى يوقىتىلغان خەلق ـ پەسكەشلىككە رازى بولۇپ ئۇلۇغۋار ئىرادىدىن ئايرىلىپ قۇل بولۇپ ياشايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ يۈرىكىنى غىدىقلاپ، ئۇنى ئالىي غايە ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيدىغان ئېنېرگىيە مەنبەسى يوقىتىلغان.

ئۇيغۇر مىللىتى ھايالىق، نومۇسچان، ئارىدا پەيدىشەپ ساقلايدىغان ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە خەلق.

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تارىختىن بۇيان چېھرىدىن نومۇس تۇيغۇسى چىقىپ تۇرغان ئەر ـ ئاياللارنى ئىزچىل ھۆرمەتلەپ كەلگەن. بىزدىكى «يۈزى قىزاردى»، «قولىنىڭ ئۇچىغىچە قىزىرىپ كەتتى» دېگەن سۆزلەر ئادەمنىڭ نومۇس تۇيغۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. نومۇستىن قىزارغان يۈز ئايالنىڭ يۈزى بولۇپلا قالماي يەنە ئىمانلىق، ۋىجدانلىق، ھايالىق ئەرنىڭمۇ يۈزىدۇر. قەدىمدىن بۇيان ئۇيغۇر قىزلىرى تىرناقلىرىغا خېنە يېقىپ كەلگەن. بۇ ئۇلارنىڭ گۈزەللىكنى سۆيۈش ئالاھىدىلىكىنى ساقلاش ۋە نومۇس تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشتە تېگىشلىك ئورۇن ئېلىپ كەلگەن.

مۇھەببەت ـ ئېتىقاد، شەرم ـ ھايا مەۋجۇت جايدىلا ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان گۈل. ئەپسۇسكى مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان نەپسانىيەتچىلەر، ھاياسىز مەخلۇقلار مۇھەببەت داۋرىڭى قىلىپ يۈرمەكتە، باشقىلارنى ئازدۇرماقتا.

نومۇسچانلىق — مۇھەببەتنىڭ جۇلاسى. بىر ئەدىب: قىزنىڭ قىزىرىشى يېرىم نومۇستىن دېرەك بېرىدۇ. قىزنىڭ يۈزىدىكى قىزىللىق كەڭ كەتكەن گۈلزارلىقنى ئەسلىتىدۇ» دېگەن ئىدى.

نومۇسچانلىق گۈزەلگە، لېكىن ئۇنىڭ سېھرىي كۈچى چەكسىز؛ بىر مەشھۇر شەخس: «نومۇسچانلىق تەبىئەتنىڭ بىرخىل مەخپىيىتى، ئۇ ياۋايى ئارزۇ ـ ئىستەكلەرنى كونترول قىلىدۇ. نومۇسچانلىق مەڭگۈ ئاق كۆڭۈللۈك، ئەخلاقلىق دېگەندەك ھەرىكەتلەر بىلەن بىردەك بولىدۇ.» دەپ دەل توغرا ئېيتقان.

شەرم ـ ھايا ھەم نومۇسچانلىق خۇددى ئېتىقادلىق ئەر ـ ئاياللارنىڭ يۈزىگە چېچىلغان نۇرغا ئوخشايدۇ، ئۇ ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى بېيىتىپ، ھۆرمىتىنى زىيادە قىلىدۇ.

شەرم ـ ھايا — يوشۇرۇنغان گۈزەللىك، شۇنداقلا گۈزەللىكنىڭ يوشۇرۇنۇشى. ئۇ بىر يوشۇرۇن يېقىملىقلىق، شۇنداقلا يېقىملىقلىقنىڭ يوشۇرۇنۇشى. شۇڭا شائىر تاگور: «گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى رەڭدار بولىدۇ» دېگەن ئىدى.

ئادەم خىجىللىق ھېس قىلغاندا، ھايا قىلغاندا، نومۇس قىلغاندا ۋىجدانى ئازابلىنىپ يۈزى قىزىرىدۇ. مانا مۇشۇ چاغدىكى قىزارغان، ئوت ئالغان يۈزنىڭ رەڭگى ئەڭ گۈزەلدۇر. نومۇسچانلىقنى بىلدۈرىدىغان رەڭ — ئەڭ گۈزەل، ئەڭ رەڭداردۇر.

يۈزى قىزارمايدىغان، نومۇسنى بىلمەيدىغان ئادەمگە قەتئىي ئىشەنمەسلىكنى ھەم نەپرەتلىنىشنى ئۆتكەنكى ئۇلۇغلار ئىزچىل تەكىتلىگەن. بىز بۇ دۇنيادا ئىنساندەك ياشايمەن دەيدىكەنمىز، جەزمەن شەرم ـ ھايا ھەم نومۇسچانلىق بىلەن ياشىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ھەم ئەۋلادلىرىمىزنىڭ قەلبىگە ئېتىقاد ـ نومۇسنىڭ دەرىخىنى تىكىلىشىمىز لازىم.

---

ئاپتور: قاغىلىق تاشيول باش ئوچاستكا ئورگىنىدىن.

**تەھرىرلىگۈچى تۇرسۇنئاي ئابلەت**

# بىز خەتەردىكى تىللار ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلالايمىز؟

جوۋبىن①

*ئىلاۋە: بىر تىلنىڭ يوقىلىشى — بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ ئاجىزلىشىشىنى، كۆپ خىل تىلنىڭ يوقىلىشى — مەدەنىيەت كۆپ خىللىقىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، كىشىلەر تىلنىڭ يوقىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن خەتەردىكى تىللارنى قۇتقۇزۇشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئەمىسە بىز قانداق قىلغاندا مەلۇم بىر خىل تىل ۋە شۇ تىل ئۇچۇرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەدەنىيەتلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىق ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا مەلۇم بىر خەتەردىكى تىل ۋە مەدەنىيەتنى ساقلاپ قالالايمىز؟ مەزكۇر ماقالىدە خەتەردىكى تىللارنى قۇتقۇزۇش جەريانىدا قۇتقۇزۇش خىزمىتىنىڭ خەتەر ئىچىدىكى تىل ۋە مەدەنىيەتكە بولغان سەلبىي تەسىرى ۋە قۇتقۇزۇش تاكتىكىلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدى.*

## بىرىنچى، خەتەردىكى تىل، مەدەنىيەت كۆپ خىللىقى، تىلنىڭ يوقىلىشىنى تېزلەتكۈچى ئامىللار

مۇئەللىپنىڭ ھازىرغىچە كۆرگەن ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ئىلىم ساھەسىنىڭ خەتەردىكى تىللار ھەققىدىكى ئېنىقلىمىسى بىردەك ئەمەس. ئامېرىكا بۇكنىل (Bucknell) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تورلۇغىتى « Your Dictionary » دە: «خەتەردىكى تىل — بىرخىل يوقاپ كەتكىلىۋاتقان تىل» دەپ تەبىر بېرىلگەن. ئالىم دەيچىڭشيانىڭ ئېنىقلىمىسى بويىچە، «خەتەردىكى تىل — ئەمەلىيەتتە ئالاقە جەريانىدا ئىشلىتىلىش ئىقتىدارى ياكى ھاياتىي كۈچى ئاجىزلىشىشقا يۈزلەنگەن ھەمدە يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان تىللار» نى كۆرسىتىدۇ. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى تەتقىقاتچى پۇ جوڭلياڭنىڭ قارىشىچە، «خەتەردىكى تىل ـ ئادەتتە ئىشلىتىدىغان نوپۇسى نىسبەتەن ئاز، جەمئىيەتتىكى ئىشلىتىلىش ئىقتىدارى تەدرىجىي تارىيىۋاتقان تىللار» دىن ئىبارەتتۇر. مۇئەللىپنىڭ ئويىچە، خەتەردىكى تىل ئەنە ئاشۇ ئىشلەتكۈچىلىرى بارغانسېرى ئازلاۋاتقان، ياشقا چوڭ ئىشلەتكۈچىلىرىنىڭ ئۆلۈمگە ئەگىشىپ ئېغىزدىلا ئىشلىتىلىدىغان، ئەڭ ئاخىرىدا يوقايدىغان تىللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئېنىقلىمىدا مۇنداق ئىككى نۇقتا ئالاھىدە تەكىتلەشكە ئەرزىيدۇ: بىرى، ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ يېشى. يەنە بىرى ئېغىز تىلى. چۈنكى ھەرقانداق بىر تىل يوقىلىشقا يۈزلەنگەن ھامان، ئەڭ مۇھىم ئامىل ئۇنى ئىشلىتىۋاتقانلارنىڭ يېشى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش سۆزلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى بولۇپ قالىدۇ. كىتابىي تىلنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەرگىزمۇ مەزكۇر تىلنىڭ تىرىكلىكىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ (مەسىلەن، تىلشۇناسلار ھەرگىزمۇ ھازىر مەلۇم ساھەلەردە ئىشلىتىلىۋاتقان لاتىن تىلىنى تىرىك تىل دەپ قارىمايدۇ).

دۆلىتىمىزدىكى تىل خادىملىرىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، نۆۋەتتە ئېلىمىزدە تەخمىنەن 120 خىل تىل خەتەر ئىچىدە ئىكەن. تىل خادىملىرىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، بۇنىڭ ئىچىدىكى تەخمىنەن 80 خىلى كەلگۈسى 20 يىل ئىچىدە يوقاپ كېتىدىكەن. بۇنداق ئەھۋال دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونىدا ئەڭ گەۋدىلىك بولۇپ، سوغۇق قانلىق بىلەن ئېيتىلغان مۆلچەر بويىچە 10 يىلدىن 20 يىلغىچە ۋاقىت ئىچىدە ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قوللىنىلىۋاتقان خېجى تىلى، مانجۇ تىلى، ئېلۇنچۇن تىلى، ئېۋېنكى تىلى قاتارلىق تىللار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يوقاپ كېتىدىكەن.

تىلشۇناسلارنىڭ مۆلچەرىچە، پۈتۈن يەر شارىدىكى 6800 خىل تىلنىڭ يېرىمى كەلگۈسى 100 يىل ئىچىدە غايىب بولىدىكەن. ئامېرىكا تىلشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى خەتەردىكى تىللار كومىتېتىنىڭ رەئىسى كلارخېستىنىڭ قارىشىچە، ئاز ساندىكى بىر قىسىم تىللار ھازىر ھەيران قالغۇدەك سۈرئەتتە يوقالماقتا ئىكەن. تىلشۇناسلارنىڭ ئىلگىرىكى پەرىزىدە، ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر خىل تىل غايىب بولىدىكەن. بىراق ئۇنىڭچە بولغاندا، يوقىلىش سۈرئىتى بۇنىڭدىن كۆپ تېز بولۇۋېتىپتۇ.

ئۆزلۈكسىز گۈللىنىپ تەرەققىي قىلالايدىغان بىر تىل چوقۇم يېتەرلىك مەدەنىيەت توپى ئارقىلىقلا كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ. ب د ت مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ كۆرسىتىشىچە، مەلۇم بىر تىلنىڭ ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد تارقىلىشىدىكى زۆرۈر شەرت ئاز دېگەندىمۇ 100 مىڭ ئادەم

① جوۋبىن: ئايال، 1959 ـ يىلى تۇغۇلغان، خېيلوڭجياڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇش بۆلۈمىنىڭ دوتسېنتى، ئاساسلىقى ئىنگلىز تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تىل مائارىپى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

مۇشۇ تىلدا سۆزلەيدىغان بولۇشى كېرەك. مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالدىكى مانجۇلارنىڭ سانى 100 مىڭدىن ئاشسىمۇ، بىراق مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي تىل قوللانغۇچىلارنىڭ تىلى ئىقتىدارىنىڭ چېكىنىشى ئالدىبۇرۇن مەزكۇر تىلنى ساقلاپ قېلىش شەرتىنى قانائەتلەندۈرەلمەس بولۇپ قالغان. مانجۇ تىلىدىن باشقا، شەرقىي شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەت تىللىرى ئىچىدە بىرەرسىمۇ يېتەرلىك نوپۇسقا ئىگە ئەمەس.

تىل بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا تىل ۋە مەدەنىيەت كۆپ خىللىقىنىڭ دۇنيا كۆپ خىللىقىغا بولغان تەسىرىنى نەزەرگە ئالغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر خەتەر ئىچىدىكى تىللارنى قۇتقۇزۇۋېلىش كېرەك دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقىمۇ كۆپلىگەن تىلشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەتشۇناسلىق خادىملىرى ئاللىبۇرۇن خەتەر ئىچىدىكى تىللارنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشىپ كەتتى. مەسىلەن، ئەنگلىيىلىك لىزبىت راۋۋزىڭ (Lisbet Rausing) يېقىندا 20 مىليون فوندستېرلىڭ ئىئانە قىلىپ، بۇنى مەخسۇس پۈتۈن دۇنيادىكى خەتەردە قالغان تىللارنى خاتىرىگە ئېلىش تەتقىقات تۈرىگە بېغىشلىدى.

يەنە بىر قىسىم خەلقئارا ئىنتېرنېت تور پونكىتلىرى مەخسۇس خەتەردىكى تىللارنى تونۇشتۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. مەسىلەن، www. terralingua. org (Terralingua ـ بولسا تىل ۋە جانلىقلار كۆپ خىللىقىنى تەتقىق قىلىدىغان، تەربىيىلەيدىغان خەلقئارا تەشكىلات) نۇرغۇنلىغان تىل تور پونكىتلىرىنى ئۇلاپ بېرىدۇ، شۇنداقلا تىل بىلەن جانلىقلار كۆپ خىللىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى دىئاگراممىلىق چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇلار يەنە Langscape (تىللارغا نەزەر دېگەن مەنىدە) ناملىق بىر پەسىللىك ژۇرنال تارقىتىدۇ. ئورېگون ئۇنىۋېرسىتېتى Yamada تىل مەركىزىنىڭ تور پونكىتىدىن پايدىلىنىش تولىمۇ قولاي بولۇپ، ئۇ دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ خەتەر ئىچىدە قالغان تىللارنىڭ ئىندېكسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، خەتەر ئىچىدىكى تىللارغا ئائىت 115 خىل ئۇچۇر ۋە ئۆگىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

خەتەردىكى تىللارغا مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن تور پونكىتلىرى ئاساسلىقى تىلغا دائىر ئىلمىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. بىراق، يەنە بەزىلىرى بولسا ئاشۇ تىللارنىڭ تاۋۇش ئەۋرىشكىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. www. ohwejagehka. com/index. html ۋە www. smo. uhi. ac. uk/gaelg/goo دەل مۇشۇنداق تور پونكىتىدۇر. ئالدىنقىسىدا ئىروۋدو (ئىندىئانلارنىڭ بىر قەبىلىسى) لارنىڭ ئالتە خىل شېۋىدە سۆزلەشكەن ئۇنئالغۇ خاتىرىسى، كېيىنكىسىدە مائېن ئارىلىدىكىلەرنىڭ يەرلىك تىلى ئېلىنغان پارچىلار بار.

«سۆزلەر ۋە سۈرەتلەر» تور پونكىتىدا ئېل شېرمان ئىسىملىك بىر سەنئەتكار ۋە شائىر ئۆز شېئىرلىرىنى 80 خىل تىلغا تەرجىمە قىلدۇرغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى خىل تىل نۇسخىسىنى توردا بىۋاسىتە قويۇپ ئاڭلىغىلى بولىدۇ. بىرى شىمالىي سىكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدىكى سامى تىلى؛ يەنە بىرى پاراگۋايلىقلار ۋە برازىلىيىنىڭ ئاز بىر قىسىم ئاھالىسى سۆزلىشىدىغان گارانى تىلى.

ملبورن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن «ئاۋستىرالىيىدىكى يەرلىك تىللار» تور پونكىتىدا ئاۋستىرالىيە چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ تىلىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان مەنبە ۋە ئۇچۇرلار بار. يەرلىك تىلدا سۆزلەشكۈچىلەر ئاللىقاچان ساناقلىقلا قالغان بولۇپ، مەزكۇر تور پونكىتى تەمىنلىگەن بىر ئاۋازلىق ئۇلانما گاۋرۇي تىلىغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر تور پونكىتىغا تۇتىشىدۇ. گاۋرۇي تىلى ئاۋستىرالىيىنىڭ يەرلىك ئاھالىسى ئىشلىتىدىغان بىر خىل تىل. گاۋرۇي تىلىنى ئانا تىل قىلغان ئەڭ ئاخىرقى ئادەم جېك باتلېر 1986 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. گاۋرۇي تور پونكىتىدىكى «ھېكايىلەر» سەھىپىسىنى چەكسىڭىز، سىز جېك باتلېرنىڭ گاۋرۇي تىلىدا ئوقۇغان ئۈچ پارچە ھېكايىسىنى ئاڭلىيالايسىز. بۇنىڭ بىرىنچىسى ئەپسانە؛ ئىككىنچىسى ئوۋچىلارنىڭ قانداق قىلىپ بىر چۆمۈلخورنى ئوۋلىغانلىقىغا دائىر بايان؛ ئۈچىنچىسى قېرى تاغىسى ھەققىدىكى ئەسلىمىدىن ئىبارەت.

رېگان ھۆكۈمىتى 1975 ـ يىلى ئىندىئانلارنى قوغداش رايونى تەسىس قىلىپ، بۇنى ھۆكۈمەت مالىيىسى ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈشنى تەستىقلىدى. بۇنداق بولغاندا، قوغداش رايونى ئىچىدىكى ئىندىئانلارنىڭ تىلى ساقلىنىپ قالاتتى، مەدەنىيىتىمۇ ئۈزۈلمەي داۋاملىشالايتتى.

تىلنىڭ ئادەتتىكى يوقىلىش قانۇنىيىتى بويىچە ئېيتقاندا، بۇنىڭدا تۆۋەندىكى بىر قانچە سەۋەبلەر بولىدۇ: يات مىللەتنىڭ تاجاۋۇزى، مىللىي قوشۇلۇش، ئۇرۇش، تەبىئىي ئاپەت، يۇقۇملۇق كېسەل تارقاش، ئىرقىي كەمسىتىش، دۆلەت سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى. لېكىن، بۈگۈنكى يەر شارىلىشىش چوڭ ئاتموسفېراسىنىڭ تەسىرىدە، تىلنىڭ يوقىلىشى ئاساسلىقى ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتى، پەن ـ تېخنىكىسى، مەدەنىيىتى ۋە تىلىنىڭ زەربىسىدىن بولۇۋاتىدۇ. بۇ خىل زەربىنىڭ تەسىرى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ناھايىتىمۇ گەۋدىلىك. مەسىلەن، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر ياشايدىغان جايلاردا ئورمانلىقنىڭ بارغانسېرى ئازلاپ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئاللىبۇرۇن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلىگە ئايلاندى. ئەسلىدىكى بۇ ئوۋچى مىللەت ئوۋ قورallىرى ۋە ئوۋ مۇھىتىدىن ئايرىلىپلا قالماستىن، يەنە باشقا دېھقان مىللەتلەرنىڭ تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىسىنىڭ تەسىرى ۋە ئاسسىمىلياتسىيىسىگە

ئۆچۈردى. شۇڭىمۇ ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە
تىلى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي هالاكەت-
كە يۈزلەندى.

ئاممىباب ماتارىياللارنىڭ ئومۇملىشىشىمۇ ئاز سانلىق مىل-
لەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ يوقىلىشىدا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.
يەنە شۇ ئېلىنچۈن مىللىتىنى مىسالغا ئالساق، ئۇلارنىڭ ئو-
قۇغۇچىلىرى يېزا - قىشلاقلاردىن شەھەرگە ئوقۇشقا
كەلگەن هامان نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، ئوقۇش پۈتتۈر-
گەندىن كېيىن ئاساسەن يۇرتىغا قايتمايدۇ. مانا مۇشۇنداق
كىچىكىدىن تارتىپ ئانا تىلدا سۆزلەيدىغان تۈپنىڭ يوقىلى-
شىغا ئەگىشىپ مىللىي تىل ۋە مەدەنىيەت بارا - بارا ئاجىز-
لايدۇ. بۇنداق مىساللارنى يەنە شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىن-
دىئانلار، ئىنئۇئىتلار، شۇنداقلا روسىيىنىڭ سىبىرىيە رايونى-
دىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن.

## ئىككىنچى، خەتەردىكى تىللارنى قۇتقۇزۇش خىزمىتى ئېلىپ كەلگەن سەلبىي تەسىر ۋە بىزنىڭ تەدبىرىمىز

ئىنسانلار هايۋاناتلار دۇنياسى ئۈستىدە ئىزدەنگىنىدە،
تۇنجى قەدەمنى ئۇلارنى چۈشىنىشتىن باشلايدۇ. بۇنىڭ
ئۈچۈن ئالىملار كۆپ مىقداردىكى نەق مەيدان تەكشۈرۈشى
ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار سىن ئېلىش، خاتىرىلەش قاتارلىق ۋا-
سىتىلەردىن پايدىلىنىپ هايۋاناتلارنىڭ ئادىتى بىلەن تونۇ-
شىدۇ؛ سانىنى، تارقىلىش ئەهۋالىنى هەمدە ئىنسانلار پائالى-
يىتىنىڭ ئۇلارغا بولغان تەسىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئې-
نىقلايدۇ.

هەممىمىزگە ئايانكى، نەسلى قۇرۇش ئالدىدىكى بىر
خىل هايۋان يەنە بىر خىل هايۋان تەرىپىدىن ئوۋلانغىنىدا،
ئالىملار هەرگىزمۇ ئوۋلانغۇچىنى مۇداپىئەگە ئېلىش شەكلى
بىلەن قوغدىماستىن، بەلكى سۈنئىي ئۇسۇلدا بېقىپ كۆپەي-
تىپ ئاندىن تەبىئەتكە قويۇۋېتىش شەكلى ئارقىلىق قوغداي-
دۇ. چۈنكى ئۇلار شۇنى ئېنىق چۈشىنىدۇكى، ئوزۇقلۇق
زەنجىرىنى ئادەم ئارقىلىق ئۈزۈۋېتىش مۇمكىن ئەمەس.

ناۋادا مەلۇم بىر قەبىلىنىڭ ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈر
بولغان ئوزۇقلۇق زەنجىرى نەسلى قۇرۇۋاتقان هايۋاناتلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالسا، ئۇنداقتا باشقا كىشىلەر چوقۇم ئوخشىمى-
غان تەرەپلەردىن بۇنى توسايدۇ، ئۇلار هەرگىزمۇ پەقەت
ياشاش ئۈچۈنلا مۇشۇ هايۋانلارنى ئوۋلاۋاتقان بۇ مىللەت
بىلەن ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق زەنجىرىنى تەڭ ئويلاپ ئولتۇرماي-
دۇ. چۈنكى، ئىنسانلار نەسلى قۇرۇش ئالدىدىكى هايۋانلارغا
زىيان يەتكۈزمەيمۇ ئوخشاشلا هايات كەچۈرەلەيدۇ
(گەرچە بەزى مىللەتلەر بىزنىڭ ئارزۇ قىلغىنىمىزدىكىدەك
بولمىسىمۇ). ئۇنداقتا، مۇنداق بىر خىل باراۋەرسىز زىددى-
يەت كېلىپ چىقىدۇ، ئادەم بىلەن هايۋانات ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتتە بىز زادى هايۋاناتلارنى قۇتقۇزامدۇق ياكى ئا-
دەملەرنىمۇ؟ ئەگەر مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت-
تىن ئېلىپ ئېيتساق، سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ تۈرتكىسى
بىلەن ئۆز تىل مەدەنىيىتىمىزنى قۇتقۇزامدۇق ياكى مىللەت-
نىڭ تەرەققىياتى بىلەن قىلچە هېسابلاشماي، ئۇنى ئەسلىدى-
كى تۇرمۇش هالىتىدە تاشلاپ قويامدۇق؟ شۇڭىمۇ خەتەر
ئىچىدىكى تىللارنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئويلاشقىنىمىزدا چوقۇم
ئۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەلبىي تەسىرلەرنىمۇ تولۇق نە-
زەرگە ئېلىشىمىز كېرەك.

### 1. تىلنى قۇتقۇزۇشنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي تىلغا ئېلىپ كېلىدىغان سەلبىي تەسىرلىرى

قۇتقۇزۇشنىڭ ئەكسىچە بولغان نۇقتىئىنەزەر ئارىلاش-
ماسلىق ئىدىيىسىدىن ئىبارەت. يەنى، هەرقانداق مىللەتنى
ئۆز تەرەققىياتىغا قويۇۋېتىش قارىشىدۇر. مەسىلەن، ئامېرىكا
هۆكۈمىتى ئىلگىرى مۇشۇ خىل سىياسەتنى قوللانغان. بە-
زىلەر بۇنداق ئىدىيىنى ماهىيەتتە ئامېرىكا هۆكۈمىتىنىڭ
ئىندىئانلارنى هالاك قىلىشىدىكى بىر باهانە دەپ قارىسا،
يەنە بەزىلەر بۇ بىر خىل مەدەنىيەت ۋە تىلنى قوغداپ قې-
لىشتىكى ئەڭ ياخشى چارە، مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى هايۋا-
ناتلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى تەرەققىياتى بىلەن
ئوخشاش ئورۇنغا قويۇش كېرەك دەپ قارايدۇ. ئەمما نۆۋەت-
تىكى خەلقئارا ۋەزىيەتتە بۇنداق نۇقتىئىنەزەرنىڭ مەۋجۇت
بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. چۈنكى، ماددىي مەدەنىيەتكە
ئوخشاش، گۇمانىتار مەدەنىيەتنىڭمۇ يۇقىرى - تۆۋەن دەرى-
جىسى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىپتىدائىيسى قالاقلىققا، زامانىۋىسى
ئىلغارلىققا باراۋەردۇر. ئىنسانلار 21 - ئەسىردە ئىلغار مەدە-
نىيەتنى قالاق مەدەنىيەتكە باشلاپ كىرىپ، ئۇنى ئۆزگەرتى-
شى، ئىنسانىيەتتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىدە ئورتاق ئالغا
ئىلگىرىلىشى كېرەك. شۇڭا قۇتقۇزۇش مۇقەررەر يۈزلىنىش-
تۇر. لېكىن ئۇ ئېلىپ كېلىدىغان سەلبىي تەسىرنى ئويلىشى-
دىغانلار تولىمۇ ئاز.

تىلنى قۇتقۇزۇش هەرىكىتىنى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقان-
دا، هايۋانلار ئوزۇقلۇققا ئېرىشىدىغان ئوزۇقلۇق زەنجىرىنى
قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە سېلىشتۇرۇش مۇمكىن. ناۋادا كىشى-
لەر پەقەت تىلنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈنلا هەرىكەت ئېلىپ
بارسا، ئۇنداقتا پۈتكۈل هەرىكەت مۇقەررەركى تار مەنپەئەت-
چىلىك تۈسىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم رايون-
لارنىڭ تىلنى قۇتقۇزۇشتىكى مەقسىتى تېخىمۇ كۆپ ئىقتى-
سادىي كىرىمگە ئىگە بولۇش ئۈچۈندۇر. بۇنىڭ كونكرېت
ئىپادىسى كىشىلەرنىڭ قەدىمكى ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى ۋە
ئۆرپ - ئادەتلەرنى رەتلىشى، شۇنداقلا ئۇسسۇل ئويناش،
هېكايە سۆزلەش ۋاسىتىلىرى بىلەن ساياهەتچىلەرنى جەلپ
قىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئېنىقكى، ئوبيېكتىپ شەكىلدىكى
تىل ۋە مەدەنىيەت قۇتقۇزۇش هەرىكىتىدۇر. لېكىن، نۇرغۇن

مىللەتلەرنىڭ ئۇسۇلى ئاللىقاچان ئەسلىدىكى شەكلىدىن تامامەن يىراقلاپ كەتتى، ھېكايە سۆزلىنىۋاتقان تىلمۇ يەرلىكنىڭ مىللىي تىلى ئەمەس، بەلكى ساياھەتچىلەرنىڭ چۈشىنىشى ئۈچۈن تەرجىمە قىلىنغان باشقا مىللەت تىللىرىدۇر. بۇنداق بولغاندا، قۇتقۇزۇشنىڭ سەلبىي تەسىرى مانا مەن دەپ كۆزگە چېلىقىدۇ. بىزنىڭ قۇتقۇزغىنىمىز ھەرگىزمۇ تىل بولماستىن، ئەكسىچە پۇل، يەنى تىل ۋە مەدەنىيەتنى رەتلەش ئارقىلىق ئېرىشكەن پايدا بولۇپ چىقىدۇ. بۇنداق مەقسەت ئەڭ ئاخىرىدا خەتەر ئىچىدىكى تىل ۋە مەدەنىيەتنى رەتلەش ئارقىلىق ئېرىشكەن پايدا بولۇپ چىقىدۇ. بۇنداق مەقسەت ئەڭ ئاخىرىدا خەتەر ئىچىدىكى تىل ۋە مەدەنىيەتنى ھالاك قىلىدۇ. چۈنكى بىز رەتلەپ چىققان مەزمۇنلار كۆپىنچە ھاللاردا قۇتقۇزۇلغۇچى مىللەتنى ئۆزىگە كېرەكلىك چىن تۇرمۇش تەسىراتىغا ئىگە قىلالمايدۇ. شۇڭا ھەقىقىي مەنىدىكى تىل ۋە مەدەنىيەت يوقايدۇ ياكى «بېزەك تىل ۋە بېزەك مەدەنىيەت» كە ئايلىنىپ ھاياتىي كۈچىدىن قالىدۇ. بۇ ھەتتا ساختا تىل ۋە ساختا مەدەنىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بىز پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن مۇشۇنداق تار مەنپەئەتچىلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەتلەرنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن، ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارنىڭ چىنوكى قوغداش رايونىدا، گەرچە فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى نۇرغۇن سىياسەتلەرنى بېكىتىپ ئىندىئانلارنىڭ فولكلور ۋە مەدەنىيىتىنى قوغدىغان، كۆپلىگەن تىلشۇناسلار ۋە مەدەنىيەتشۇناسلار بۇ يەرگە بەس ـ بەستە كېلىپ تىل ۋە مەدەنىيەت رەتلەش خىزمىتى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما قوغداش رايونىدىكى ھەممە ئىش ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى مەقسەت قىلغانلىقتىن، بۇ يەردىكى چىنوكلار كىرىم يارىتىش ئۈچۈن، دۆلەت ۋە بىر قانچە شتاتلىق ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ئېرىشكەن ھەممە مىللەتلەر مۇزېيى قۇرۇپ تۇرلۇك مەدەنىيەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتكەن: ئۆرپ ـ ئادەت، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايان قىلغان؛ ھەتتا مىللىي تىل ئۆگىتىدىغان مەكتەپلەرنى قۇرغان، لېكىن ئۇلار يەنە مەزكۇر مىللەت ياشاۋاتقان چوڭ مۇھىتنى نەزەرگە ئېلىشقا مەجبۇر بولغان، يەنى كىشىلەر بۇنداق بېكىنمە ھالەتتىكى قوغداش رايونىدا مەڭگۈ تۇرۇۋەرمىگەن؛ ئۇلارنىڭمۇ سىرتتىكى رەڭگا ـ رەڭ دۇنيانى كۆرۈپ باققۇسى كەلگەن. نەتىجىدە رېئال تۇرمۇشتا ئۆز ئانا تىلىنى ئىشلىتىدىغانلار تولىمۇ ئاز بولۇپ، نۇرغۇنلىرى ئىنگلىز تىلىنى قوللانغان. شۇنىڭدەك، ئۇلار يەنە ئۆز مەدەنىيىتىنى قالاق دەپ قارىغاچقا، قۇدۇق، گۈلخان، ھارۋا قاتارلىقلارنى ئىشلىتىشنى خالىماي، ئۇلارنىڭ ئورنىغا تۇرۇبا، گاز، توك، ماشىنا قاتارلىقلارنى ئىشلەتكەن. ئۇلارنىڭ دۇكانلىرىدىكى تاۋارلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا ئۆزلىرى تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى بولسا ئامېرىكىنىڭ باشقا ماگىزىنلىرى ۋە تاللا بازارلىرىدىكى مەھسۇلاتلار بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش بولغان.

ئاۋستىرالىيىدە ماۋرىلارنىڭ تىل ۋە مەدەنىيىتى يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىنگلىز تىلىدىكى مەكتەپلەرگە كىرگەن بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى نەزەردە تۇتقان.

كانادادىكى ئىنۇئىتلارنىڭ تىلىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ئەڭ ياخشى بولسىمۇ، ئەمما ھازىر ئۇنىڭدا ياتلىشىش مەسىلىسى كۈنسېرى گەۋدىلىك بولماقتا. ئوۋچىلىق قۇراللىرىنىڭ يېڭىلىنىشى ئېلىپ كەلگەن مول ئىقتىسادىي كىرىم ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى ئوۋچىلىقنى ئاللىقاچان تۈپتىن شاللاپ چىقاردى. ئىنۇئىت باللىرى قوبۇل قىلغان مائارىپ ئىنگلىز تىل مەدەنىيەت مائارىپى بولۇپ قالدى. گەرچە نۇناۋۇت ئىنۇئىت ئالاھىدە رايونى قۇرۇلۇپ ئۆزلىرىنىڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيىسى ۋە نەشرىياتىغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى يەنىلا ئۈزلۈكسىز يوقىماقتا. مەسىلەن، ئىنۇئىتلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچىكى قىسمەن سورۇن ۋە سەھنىلەردىن سىرت، ئاساسەن كىيىلمەيدىغان بولدى. خام گۆش يەيدىغان ئۆرپ ـ ئادىتىمۇ يوقاپ، كۆپىنچە دوخۇپكا ۋە مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق ئارقىلىق يېمەكلىك پىشۇرىدىغان بولدى. ئىنۇئىتلارنىڭ تىلىدىمۇ ئىنگلىز تىلى مەدەنىيىتىگە بېقىندىغان ھالەت بارلىققا كەلدى. ئەنئەنە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىنۇئىتلار ئۆزئارا كۆرۈشكەندە ئەسلىدە ھېچقانداق سالام ـ سائەت قىلىشماستىن پەقەت ئۈن ـ تىنسىز كۆز بېقىشىپلا قوياتتى، شۇڭلاشقىمۇ ئىنۇئىت تىلىدا «ياخشىمۇ سىز» مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئىنگلىز تىلى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ھازىرقى ئىنۇئىتلار «ياخشىمۇ سىز» دەپ ھال سورىشىدىغان بولدى. دۆلىتىمىزدىمۇ ئەھۋال شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى ناشىزۇ مىللىتى (ھازىرقى دوڭبالار) نىڭ ئۇسۇلى گەرچە ناشىزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇل شەجەرىسىدىن ئۇدۇملىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ھازىرقى دوڭبا ئۇسسۇلى ئومۇمەن ئويۇن قويۇش تۈسىنى ئالغان، ئىشلەتكەن يېزىقلىرىنىمۇ ئاللىبۇرۇن دوڭبا مىللىتى ئارىسىدا (ئايرىم كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا) تونۇيدىغان ئادەم قالمىغان بولۇپ، بۇ يەردە ساياھەت قىلغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىنگلىزچە ياكى خەنزۇچە سۆزلەيدىغان بولغان. مىللىي تىل لۇغىتىدىمۇ تەسۋىرىي يېزىقنىڭ تەلەپپۇزى ۋە گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسىغا قارىتا ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن.

ئېلۇنچۇن مىللىتىنىڭ گۈلخان ئۇسسۇلى ئەسلى شەكلىنى ئۆزگەرتكەن بولۇپ، يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىمۇ

ئۇۋچىلىق پائالىيىتىنىڭ چەكلىنىشكە ئەگىشىپ ئۆز خاسلىقىنى يوقاتقان. دىنىي ئېتىقادىدىمۇ ئۆزگىرىش بولغان بولۇپ، شامان دىنى ئاللىبۇرۇن مەۋجۇتلۇقىدىن قالغان، ئوت ۋە تاغ ئىلاھلىرىنىڭ ھەيكەللىرىنى ئانتروپولوگلاردىن باشقا ھېچكىم كۆرەلمەيدىغان ھالەتكە يەتكەن. ئات مىنىش پەقەت ئويۇنغا ئايلانغان بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولۇشتىن قالغان. تىلىمۇ يات مىللەتلەرنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىسى تۈپەيلىدىن ئاستا ـ ئاستا يوقالغان.

## 2. بىزنىڭ تەدبىرىمىز

ئەگەر بىز مەدەنىيەت كۆپ خىللىقىنى قۇتقۇزۇش نۇقتىسىدىن خەتەردىكى تىللارنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنساق، پۈتكۈل قۇتقۇزۇش خىزمىتىنىڭ مەقسەتچانلىقى ناھايىتى ئالىي ئەقلىي ھەرىكەت سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. ناۋادا بىز خەتەردىكى تىللارنى قۇتقۇزۇۋېلىۋاتقان چېغىمىزدا ئۇنىڭ ئاقىۋىتى تىل ۋە مەدەنىيەتنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانلىكىنى ئويلىساق، ئۇنداقتا تىل ۋە مەدەنىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئىچكى ئامىللارنىمۇ نەزەرگە ئېلىشىمىز كېرەك. قانداق قىلغاندا تىلنى قۇتقۇزۇش ئېلىپ كەلگەن سەلبىي تەسىرلەرنى تۈگىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي تىلنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي ئىشلىگىلى بولىدۇ؟ مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە، نۆۋەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك تەكلىپلەردىن سىرت، يەنە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

### 1.2 ئىنسانىيەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈش مەسىلىسى

مەدەنىيەت ۋە مەئىشەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر تەبىئەتنى قوغداشقا بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى. بىراق، «بىزنىڭ جانلىقلار ۋە تەبىئەت دۇنياسىغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىزنىڭ دائىرىسى، چوڭقۇرلۇقى زادى قانچىلىك بولۇشى كېرەك؟» دېگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا چىقتى. خەتەردىكى تىللارغا مۇئامىلە قىلىشتىمۇ، بىز ئوخشاش پوزىتسىيىدە بولۇشىمىز كېرەك، يەنى ئۆز ئانا تىلىنىڭ يوقىلىۋاتقانلىقىنى بايقىيالمايۋاتقان مىللەت ۋە كىشىلەرنىڭ بۇنىڭغا قارىتا دىققىتىنى قوزغىشىمىز كېرەك.

ئامېرىكىلىق ئانتروپولوگ جىم مەررىمەن دوكتور ئۆزىنىڭ «ئانتروپولوگىيە ۋە قەبىلە مىللەت تەتقىقاتى: ئۆتمۈشتىكى تەجرىبە ۋە كەلگۈسىدىكى ئەندىزە» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «نۆۋەتتە دۇنيادا 3500 دىن 5000 خىلغىچە تىل بار (بۇنىڭ ئىچىدە ئافرىقىدىكى تىللا 1000 خىلنى ئىگىلەيدۇ)، ئەڭ كۆپ ساندىكى يېزىقسىز تىللار نىسبەتەن كىچىك مىللەتلەر توپىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، مەزكۇر مىللەتلەرنىڭ تەگدىن تولىسى ئۇۋچىلىق ۋە تېرىمچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. گەرچە بۇگۈنكى دەۋر ناھايىتى زور تەرەققىياتلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ مىللەتلەر يەنىلا يەر شارىنىڭ ئەڭ چەت رايونلىرىدا دۇنيادىن مۇستەسنا ھالەتتە ياشىماقتا. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋە مۇھىتى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىماقتا. نۇرغۇن كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانىيەتنىڭ كۆپلىگەن تەجرىبىلىرىمۇ يوقالماقتا. ئاددىيلا ئېيتقاندا، بىز جانلىقلار كۆپ خىللىقىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقىنىمىزدا يەنە كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىگە ماسلىشىش ئىقتىدارىنىمۇ قۇربان قىلىۋەتكەن بولىمىز. باشقا تۈرلەرگە زىيانكەشلىك قىلىۋاتقىنىمىزدا، ئەمەلىيەتتە ئۆز ھالاكىتىمىزنىمۇ جاكارلاۋاتقان بولىمىز. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، كۆپ خىللىقنىڭ ئۆزى ھاياتىي كۈچتۇر.» «قەبىلە مىللەتلىرى تەتقىقاتى ئادەم بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىزگە ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىمىزنى ئېيتىپ بېرىپلا قالماي، يەنە قانداق قىلغاندا كەلگۈسىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ماسلىشالايدىغانلىقىمىز ھەققىدىمۇ ئۇچۇر بەردى.»

مەررىمەن دوكتورنىڭ قاراشلىرى ھازىرقى كۆپلىگەن ئانتروپولوگلارنىڭ ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغان بولۇپ، خەتەردىكى تىل ۋە مەدەنىيەتلەرنى قۇتقۇزۇش بىزنىڭ ئاگاھ قىلىشىمىزغا تېگىشلىك مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا بىز خەتەردىكى تىل ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا قوشىدىغان تۆھپىسىنى كەڭ كۆلەمدە ئوچۇق ـ ئاشكارا تەشۋىق قىلىشىمىز، مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە تونۇتۇشىمىز، بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشنى كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتۈرۈشىمىز لازىم. ئاۋامغا بىر توپ كىشىلەر ۋە ئۇلار قوللانغان تىلنىڭ يوقىلىشى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ نۇرغۇن تەجرىبىسىنىڭمۇ يوقىلىدىغانلىقىنى، يالغۇز تەبىئىي مۇھىت ۋە جانلىقلار دۇنياسىنىڭلا تۇرمۇشىمىز ۋە كەلگۈسىمىز بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپلا قالماي، ئىنسانىيەتنىڭ تىل ۋە مەدەنىيەت كۆپ خىللىقىنىڭمۇ ئوخشاشلا مۇھىملىقىنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

### 2.2 تىل ئېكولوگىيىسى مەسىلىسى

تىلنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى دېگەن ئاتالغۇ تەبىئەت ئېكولوگىيىسى ئىلمىدىن كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى تىلغىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇتلۇق مۇھىتى زۆرۈر. يەنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇققا ئوخشاش، تىلنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىمۇ چوقۇم مۇۋاپىق مۇھىت بولۇشى كېرەك، دېگەندەك ئىبارەت.

تىلنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى تىلنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرتلەرنى مەسىلەن، مىللەتنىڭ نو-

پۇسى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ سىرتقى مەدەنىيەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىدە تۇتقان ئورنى، مىللەتنىڭ تەربىيىلىنىش ساپاسى، مىللىي نوپۇس ياشاۋاتقان رايوننىڭ بېكىنمىلىكى، مىللىي رايون تىلى ۋە مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىش شەكلى، مىللىي نوپۇسنىڭ ئۆز تىلى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا قارىتا ۋارىسلىق قىلىش پوزىتسىيىسى، دۆلەتنىڭ مىللەت ۋە مىللىي تىلغا قاراتقان سىياسىتى، مىللىي رايونلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى، مىللىي دىن، مىللىي ئەدەبىيات، مىللىي خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. ھەرقانداق بىر تىل ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىدا يۇقىرىقىلاردىن مەلۇم بىر ئامىلنىڭ ئۆزگىرىشى مىللىي تىلنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە داۋاملىشىشىغا ئازدۇر ـ كۆپتۇر تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ.

تىلنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئامىللىرى ئىچىدە مەدەنىيەتنىڭ ساقلىنىشى ئەڭ مۇھىم ھالقىدۇر. ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىقى، تىل چوقۇم مەدەنىيەت ئارقىلىق تارقىلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. تىلشۇناسلار تىلنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى ئۇنىڭ «مەدەنىيەت ئۆتۈشۈشچانلىقى» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىلا مەشھۇر ئانتروپولوگ مالىنوۋىسكىي ئىنسانلاردىكى پەرق ۋە تىللار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈستىدە توختالغاندا: «تىلدىكى مەلۇم بىر خەتنىڭ مەنىسى سىرلىق ھالدا نوقۇل ئاشۇ خەتنىڭ ئۆزىگە يوشۇرۇنغان بولماستىن، بەلكى شۇ خىل مۇھىت ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تىلنىڭ مەنىسى ۋە مەۋجۇتلۇقى ئومۇمەن مەدەنىيەتكە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. ناۋادا مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇق مۇھىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، ئۇنداقتا تىلنىڭ ساقلىنىش ياكى ھالاك بولۇش مەسىلىسى بىۋاسىتە ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. خەتەردىكى تىللارغا نىسبەتەن، تىل ئېكولوگىيىسى تولىمۇ مۇھىم مەسىلە، چۈنكى تىل مەۋجۇتلۇقى تايىنىدىغان مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى ياكى ھالاك بولۇشى مۇقەررەركى تىلغا ناھايىتى زور تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ. نۆۋەتتە سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ بۆسۈپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، «تاجاۋۇزچىلىق»قا ئۇچرىغان مىللەت چوقۇم يات مەدەنىيەت ۋە يات تىلنىڭ قوش قاتلام تەسىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ. مىللىي ئىقتىسادى ئاجىز، نوپۇسى ئاز بولغان شارائىتتا ھەرقانداق بىر مىللەت توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان تەرەققىيات دولقۇنىنىڭ سىرتىدا قېلىشنى خالىمايدۇ. شۇڭا، دەۋر قەدىمىگە يېتىشىۋېلىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلار ئەمەلىيەتتە ئۆز مىللىتىنىڭ ئېكولوگىيىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش بىلەن باراۋەردۇر.

### 3.2 تىل قانۇنىيەتلىرى ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش كېرەك.

دۆلىتىمىزدە تىلشۇناسلار ۋە ئانتروپولوگلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىغا قارىتا تەتقىقاتى يەنىلا تەسۋىرلەش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، قانداق قىلىپ بىر خىل مىللىي تىلنى ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئانالىز قىلىش كېرەكلىكىنى نەزەرىيە جەھەتتىن چوڭقۇر شەرھلەش سەۋىيىسىگە تېخى يەتمىدى. شۇڭا نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا ئائىت ئەسەرلەردە ئۆزئارا زىت تەسۋىرلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنداق تەسۋىرلەرنىڭ مىللىي تىلنى قۇتقۇزۇشتا ھەرگىزمۇ رولى بولمايدۇ.

ئامېرىكىلىق ئىجتىمائىي تىلشۇناس ج. فىشمەن ئۆزى باش بولۇپ تۈزگەن «خەتەردىكى تىللارنى قۇتقۇزغىلى بولامدۇ؟» ناملىق كىتابتا تىل قانۇنىيەتلىرىگە قارىتا ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ، خەتەردىكى تىللارنى قۇتقۇزۇش مۇمكىن، دېگەن يەكۈننى چىقارغان. فىشمەن تىلنى ئەكسىگە ئايلاندۇرۇش (Reversing Languaga Shift) يەنى RLS تىن ئىبارەت يېڭى بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلغان، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئالىملار تەتقىق قىلىۋاتقان «ئاجىز تىللار»، كىلتۇر تىلى قاتارلىق يېڭىدىن تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان تىل ئېكولوگىيىسى ۋە ئېكولوگىيە تىلشۇناسلىقىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئىككىسىنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشىدە مەلۇم پەرقلەر بار. لېكىن تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھەر ئىككىلىسى سۈنئىي ئامىللار ئارقىلىق مەلۇم بىر خىل تىلنىڭ توختاۋسىز يوقىلىپ كېتىشىنى توسۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. فىشمەن ئوتتۇرىغا قويغان مەزكۇر نەزەرىيىنىڭ ماھىيىتى ۋە مەقسىتى گەرچە تىلنىڭ كۆپ خىللىقىنى ساقلاشقا پايدىلىق بولسىمۇ، ئەمما يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىكى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى، ھەرگىزمۇ ئاددىي ھالدىكى مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇشلا ئەمەس.

فىشمەن «خەتەردىكى تىللارنى قۇتقۇزۇش نېمىشقا شۇنچە تەس؟» ناملىق يەنە بىر ماقالىسىدە، نۇرغۇن تەرەپلەردىن خەتەردىكى تىللارنى قۇتقۇزۇشنىڭ قىيىنچىلىقىنى مۇھاكىمە قىلىپ مۇنداق دەپ قارىغان: «ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن ئالاقىسى زىچ بولغان مەلۇم بىر خىل تىلنىڭ يوقىلىشى كۆپىنچە ھاللاردا مۇشۇ تىلنىڭ ئۇزۇن مەزگىل ئۆزى تەۋە بولغان مەدەنىيەتتىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىدىن قارشىلىق قىلىدىغان كۈچلەرنى ئاستا ـ ئاستا شەكىللەندۈرىدۇ؛ ئاجىز تىللارنى قوغداش پائالىيەتلىرى ئادەتتە مۇتەئەسسىپلىك، تار مەنپەئەتچىلىك ھەمدە ئېقىمغا قارشى ھەرىكەت دەپ قارىلىۋاتىدۇ. مەلۇم بىر خەتەردىكى تىلنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بەزى روللىرى ئۆزىنىڭ كۈچلۈك رەقىبىدىن پەرقلىنىشى، شۇنداقلا يەنە ئۇنىڭ بىلەن ئورتاق بەھرىلىنەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. بۇ بىر يەتمەك تەس، ساقلىماق تېخىمۇ تەس بولغان ھالەتتۇر. خەتەردىكى تىلنىڭ قايتا ئېرىشكەن ھەرقانداق فۇنكسىيە-

سىنى چوقۇم بىرلا ۋاقىتتا «يۇقىرى»، «تۆۋەن» ئىككى تەرەپتىن قاتتىق كۈچەيتىش لازىم. RLS نىڭ قارشىلىق كۈچى يالغۇز دۆلەت ئىچىدىكى ھۆكۈمران تىلدىنلا ئەمەس، يەنە خەلقئارادىنمۇ كېلىدۇ. پەقەت ئۇسۇل ۋە تەشكىللەش مۇۋاپىق بولغاندىلا، تىلنىڭ RLS نى بىر باشقا ئېلىپ چىققىلى بولىدۇ.»

فىشمەن تىل قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ھەممە ئېتىراپ قىلغۇدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولۇپ، بەزى ئىدىيىلىرى ئاللىبۇرۇن ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ تەتقىقات جەھەتتىكى پىكىر يولى دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت تىلشۇناسلىرىنىڭ ئۆرنەك قىلىشىغا ئەرزىيدۇ.

## 4.2 ئۇنىۋېرسال ھەرىكەتكە كېلىش لازىم

خەتەردىكى تىللارنى قۇتقۇزۇش ھەرگىزمۇ بىر قانچە مۇتەخەسسىسنىڭلا قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. شۇڭا، دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئاپپاراتلىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇنىۋېرسال قۇتقۇزۇش ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. تىلشۇناسلىق، مۇزىكشۇناسلىق، ئۇسسۇلشۇناسلىق، ئانتروپولوگىيە، دىنشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە، سىياسىي، ئىقتىسادشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق، تېببىي ئىلىم قاتارلىق ساھەلەردىكى مۇتەخەسسىسلەر ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، بىر تۇتاش پىلانلاش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يوقاشقا يۈزلەنگەن مىللىي مەدەنىيەت ۋە تىلنى ھەر تەرەپلىمە رەتلەپ چىقىشى كېرەك.

فىشمەن ئېيتقاندەك، خەتەردىكى تىللارنى قۇتقۇزۇۋالغىلى بولىدۇ، ئەمما ئۇ كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەشكە تېگىشلىك بىر تۈرلۈك جەمئىيەت قۇرۇلۇشى. جانلىقلار دۇنياسىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇناسىۋەتكە ئوخشاش، ناۋادا دۇنيادىكى بارلىق جانلىقلار تۈرىنىڭ نەسلى قۇرىسا، ئۇنداقتا ئىنسانىيەتمۇ بىردىنبىر ھاياتلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن داۋاملىق مەۋجۇت بولالمايدۇ. تىلمۇ دەل شۇنداق. ھەرقانداق بىر كىشى پەقەت بىرلا خىل مەدەنىيەت ۋە بىرلا خىل تىل بولغان دۇنيانى قوبۇل قىلالمايدۇ.

تىل مەسىلىسى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، پسىخىك، مەدەنىيەت ۋە سىياسىي ئامىللارغا چېتىلىدىغان بولغانلىقتىن، RLS تىلشۇناسلارنىڭ بىر خىل نەزەرىيىسى بولۇشى سۈپىتى بىلەن، ئۇنى رەسمىي ئىشقا سېلىش ئۈچۈن يەنە چوقۇم سىياسىيونلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا توغرا كېلىدۇ، بولمىسا ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرمەك تەس.

## 5.2 يۈزەكىلىكتىن ساقلىنىش كېرەك

ئىنسانلار مەسىلىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئېغىرلىقىنى ھەقىقىي يوسۇندا تونۇشى، بىراق يەنە تىلنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەسلىكى كېرەك. چۈنكى تىلنىڭ يوقىلىش خەۋپى مەۋجۇت بولمىغاندىمۇ، ھەرقانداق بىر تىلدا تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. ئۆزگىرىش فونېتىكا، لېكسىكا، مەنە، جۈملە شەكلى، تىل ئىشلىتىش ۋە يەنە كىشىلەر پسىخىكىسىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مىللىي ئاڭنى ئەۋج ئالدۇرۇش ۋە ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. لېكىن، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن قورقماسلىق كېرەك. چۈنكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشمۇ تەبىئىي يۈز بېرىدىغان ئوبيېكتىپ ھادىسە.

خەتەردىكى تىللارنى قۇتقۇزۇۋاتقىنىمىزدا، تىل ۋە مەدەنىيەتكە قارىتا غەيرىي ئوبيېكتىپ ياكى سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇرلەشلەرگە قارىتا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. نۇرغۇن كىشىلەر مەلۇم مۇددەتتا بىلەن قولىنىڭ ئۈچىدىلا مەلۇم بىر خىل مەدەنىيەت ۋە مەلۇم بىر خىل تىلنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىگە ئائىت ماتېرىياللارنى يىغىۋېلىپ ئاندىن ئۆزىنىڭ چۈشەنگىنى بويىچىلا مەزكۇر مىللەتنىڭ ئەمەلىيىتىگە قىلچە ماس كەلمەيدىغان يۈزەكى باھالارنى بېرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى دېمىسەكمۇ ئۆزلۈكىدىن مەلۇم. بىز چوقۇم ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشىمىز، ساپىر (ئۇ ئامېرىكىدىكى ئىندىئان قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىدا 23 يىل تۇرۇپ ئۇزۇلدۇرمەي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان)، جىم مەررىمەن (ئۇ ئافرىقىغا بېرىپ سومالىدىكى ئاز سانلىق مىللەت قەبىلىلىرىنى 18 يىل تەتقىق قىلغان) لەردىن ئۈلگە ئېلىشىمىز، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەتقىق قىلىۋاتقان قەبىلە ۋە مەدەنىيەتكە قارىتا بىر قەدەر سىستېمىلىق، ئوبيېكتىپ چۈشەنچە بېرىشىمىز كېرەك. بىز يەنە ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىشىمىز، قوش تىللىق باشقۇرغۇچى خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، ئانا تىل ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ بىلىم ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆز تىل مەدەنىيىتىنى ئۆزى تەتقىق قىلىشىغا يول قويۇشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلىش مىللىي تىل مەدەنىيەتنى ھەقىقىي تەتقىق قىلىشقا پايدىلىقتۇر.

---

(«مانجۇ تىلى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەييارلىق بۆلۈمىدىن مۇ- **ھەممەت ھوشۇر تەرجىمىسى**

# ئۇيغۇر تىلىدىكى ئون يىلدىن بۇيانقى يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەر ئۈستىدە تەتقىقات

ئۆمەر داۋۇت

بىر تىلنىڭ لېكسىكا تەرەققىياتى كونا سۆزلەرنىڭ يوقۇلۇشى، يېڭى سۆزلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «يېڭى سۆز ـ ئىبارە يېڭىدىن پەيدا بولغان سۆز ـ ئىبارىلەرنى كۆرسىتىدۇ.»① ئادەتتە، يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەر «ئانا تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا سۆز ياساش، چەت تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش، قەدىمكى سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەش يوللىرى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ.»② لېكسىكىنىڭ تەرەققىياتى جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئەڭ بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئېلىمىزدە ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، بولۇپمۇ يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بېرى خەلقئارالىق مۇناسىۋەت دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى، ئىلىم ـ پەن ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىز بىلەن باشقا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈزلۈكسىز قويۇقلىشىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدا نۇرغۇن يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەر بارلىققا كەلدى. ئۇلار سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ قاتارلىق تۈرلۈك ساھەلەردە پەيدا بولغان يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى، يوللىرى، ئالاھىدىلىكى، ئۇلارنىڭ قېلىپلىشىشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش — ئۇيغۇر تىلشۇناسلىق ساھەسىدە ئەھمىيەتلىك تېمىلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ تېمىنى يورۇتۇپ بېرىش — ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ توغرا، ئىلمىي يوللار بىلەن ياسىلىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى، خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىنى سېلىشتۇرۇش، تەرجىمە ۋە لۇغەتچىلىك جەھەتلەردىمۇ مەلۇم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۆۋەندە تەسۋىرىي تىلشۇناسلىق ۋە جەمئىيەت تىلشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يېقىنقى 10 يىل مابەينىدە بارلىققا كەلگەن سۆزلەرنىڭ تۈرى، ئالاھىدىلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر تۈرگە ئايرىلىپ شەرھلىنىدۇ.

## 1. يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى

تىل تەرەققىياتى جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، يەنى تىل جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. جۈملىدىن بىر تىلنىڭ لېكسىكىسىمۇ ئوخشاشلا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ روشەن ھالدا لېكسىكىلىق قۇرۇلمىدا يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. كونا سۆزلەر مۇناسىپ ھالدا ئىستېمالدىن قالىدۇ. يېڭى سۆزلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئانا تىل ماتېرىيالى ئاساسىدا سۆز ياساش، سۆز قوبۇل قىلىش، كونا سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەپ ئىشلىتىش ئاساسلىق يوللار ھېسابلىنىدۇ. جەمئىيەت تىلشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بىر تىلنىڭ قۇرۇلمىسىدا يېڭى لېكسىكىلىق تەركىبنىڭ پەيدا بولۇشى، جۈملىدىن يېڭى سۆز قوبۇل قىلىش تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى، بولۇپمۇ تىل تەسىرىنىڭ نەتىجىسى. «سۆز قوبۇل قىلىشنىڭ قاتلىمىدىن قارىغاندا، كۆپىنچە تىللار ئۆز لېكسىكىلىق سىستېمىسىدا كەم بولغان سۆزلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يېڭى ئۇقۇم، يېڭى ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ـ ئاتالغۇلاردىن ئىبارەت.»③ مەلۇم بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇشىدا مەيلى ئۆزىدە پەيدا بولغان يېڭى ئۇقۇم ـ چۈشەنچە بولسۇن ياكى شەيئى بولسۇن، ئۇلارنى ۋاقتىدا ئىپادىلەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. ئەنە شۇ ئۇقۇم ـ چۈشەنچە ۋە شەيئىلەرنى بەزىدە سۆز ياساپ ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ؛ يەنە بەزىدە سۆز قوبۇل قىلىپ ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ. مانا مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، مەلۇم تىلدا يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبىنى جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە تىل تەسىرى نۇقتىسىدىن كۆزىتىش مۇمكىن.

يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان، ئېلىمىزدە ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشى، تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ كۈچىيىشى ئارقىسىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلى قاتارلىق تىللار بىلەن ئۇچرىشىشى قويۇقلىشىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى ئۇقۇم - چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەيدىغان يېڭى سۆز - ئىبارىلەر ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلدى. ئالايلۇق، ئۇيغۇر تىلىدىكى «قويىمچى»، «ئاق تاماكا» دېگەن يېڭى سۆزلەر جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر تىلىدا بىۋاسىتە بارلىققا كەلگەن يېڭى سۆزلەردۇر. «چاقىرغۇ»، «تىزگىنەك»، «يانفون»، «كومپيۇتېر» دېگەن يېڭى سۆزلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى سەۋەبنى جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە باشقا تىللارنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

## 2. يېڭى سۆز - ئىبارىلەرنىڭ تۈرلىرى

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە پەيدا بولغان سۆز - ئىبارىلەر ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە كۆرۈلىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى لۇغەتتە، بەزىلىرى كۈندىلىك تىل ئالاقىسىدە، يەنە بەزىلىرى رادىئو - تېلېۋىزوردا كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بۇ ماقالىنى يېزىش جەريانىدا ئەنە شۇ مەنبەلەردىن مىسال توپلاش بىلەن بىرگە، يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش - بېكىتىش كومىتېتىنىڭ 2004 - يىلى ۋە 2005 - يىلى ئېلان قىلغان ۋە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە مۇناسىۋەتلىك سانلىرىدا بېسىلغان «قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتىلگەن ئاتالغۇلار» ئاساس قىلىندى.④

ئۇيغۇر تىلىدىكى يېڭى سۆز - ئىبارىلەرنى مۇنداق بىر قانچە تۈرگە ئايرىش مۇمكىن.

1) ئېلېكترون - ئۇچۇر تۈرىدىكىلەر: ئىنتېرنېت، خېكېر (黑客)، تورخانا، يۇمشاق دېتال، قاتتىق دېتال، ئىچكى ساقلىغۇچ (内存)، تورغا چىقىش، تورداش، تور بېكىتى، قېتىۋېلىش (死机) قاتارلىقلار.

2) شەيئىلەرنىڭ ئادەتتىكى ناملىرى: مىكروبۇس (迷你汽车)، MP3، MP4، ئۇچقۇ، تورمەستانىسى، رەقەملىك فوتو ئاپپارات قاتارلىقلار.

3) سودا - مۇلازىمەت تۈرىدىكىلەر: قۇلاي ماگزىن، مۇقىم باھا، ئىتتىك بازار (旺市)، بازاردىن چېكىنىش (退市)، ئەخلەت پايچېكى، تەتۈر باھا (逆价)، تاللا بازار قاتارلىقلار.

4) تەنتەربىيە تۈرىدىكىلەر: يېشىل ئولمپىك، تەنتەربىيە لاتارېيىسى (体彩)، خەلقچىل ئولمپىك (人文奥运)، قارساق توپ، ياي توپ (香蕉球) قاتارلىقلار.

5) كۆڭۈل ئېچىش، مەدەنىيەت پائالىيىتى تۈرىدىكىلىرى: كۈلدۈرگە چولپىنى، دېسكوخانا، DVD، كوچا ئۇسسۇلى، ئارامگاھ، ئايرىمخانا، VCD پىلاستىنكىسى قاتارلىقلار.

6) يېمەك - ئىچمەك تۈرىدىكىلەر: خام پىۋا، يۈرۈشلۈك تائام، تاللا تاماق، پىسا قاتلىمىسى، ھامبۇرگ بولكىسى، ساندۋىچ، خوتدوگ، سۇ ئۇرۇلغان گۆش (注水肉)، ئورگانىك يېمەكلىك، يېشىل يېمەكلىك قاتارلىقلار.

7) بىئولوگىيە ساھەسىدىكىلەر: كلون ئادىمى، شۇڭك، نامى (纳米)، بىئو تېخنىكا قاتارلىقلار.

8) مېدىتسىنا ۋە كېسەللىك تۈرلىرى: سارىس، قۇش زۇكىمى، ئەيدىز، ئائىلە بالىسى (家庭病房)، ئورۇقلىتىش چېيى قاتارلىقلار.

9) مائارىپ ساھەسىدىكىلىرى: ساپا مائارىپى، ئىمتىھان مائارىپى، نومۇر سىزىقى، يىراقتىن ئوقۇتۇش، يۇقىرى ئوقۇش تارىخى، دوكتور ئاشتى، HSK، يۈرۈشلۈك دەرسلىك قاتارلىقلار.

10) سىياسىي ساھەدىكىلەر: ئىناق جەمئىيەت، ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش، باش مەمۇر (特首)، تېجەشچان جەمئىيەت (节约型社会)، ئەتراپ دىپلوماتىيىسى (周边外交) قاتارلىقلار.

## 3. يېڭى سۆز - ئىبارىلەرنىڭ پەيدا بولۇش يوللىرى

يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا پەيدا بولغان يېڭى سۆز - ئىبارىلەر كۆپ مەنبەلىك ۋە كۆپ قاتلاملىق. ئۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك يوللار بىلەن پەيدا بولغان:

### 1) ئۇيغۇر تىلى ماتېرىيالى ئاساسىدا سۆز ياساش

(1) قوشۇمچە قوشۇش: بۇ ئۇسۇل بويىچە تۈپ سۆزلەرگە تۈرلۈك ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق يېڭى سۆزلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن، تورخانا، كىرخانا، دېسكوخانا، ئۇچقۇ، لاتارېيچى، روھلاندۇرغۇچ قاتارلىق سۆزلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا «تور، كىر»، «دېسكو» دېگەن

سۆزلەرگە «خانا» دېگەن ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇلۇش بىلەن؛ «ئۇچ-» سۆزىگە «-قۇ» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ؛ «لاتارېيە» دېگەن سۆزگە «-چى» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ؛ «تۇتاش دېگەن سۆزگە «-ما» قوشۇمچى قوشۇلۇپ ياسالغان.

(2) بىرىكتۈرۈش: بۇ ئۇسۇل بويىچە ئىككى تۈپ سۆز بىرىكتۈرۈلۈپ يېڭى سۆز ياسىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ياسالغان سۆزلەردىن كۆلدۈرگە چولپىنى، ئۇچۇر ئامبىرى، ئۇچۇر جېڭى، ئۇچۇر پورتى، پۇتبول خېنىمى، يۇمشاق ئېلان (软广告)، جان بانكىسى (生命银行)، ئالەم ئەخلىتى، چاقماق دىسكا (优盘)، سائەتلىك ياتاق (钟点房)، يورۇشلۇق تائام، تور ئادرېسى، قوش زۆكىمى قاتارلىقلار ئىككى تۈپ سۆزنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ياسالغان.

يۇقىرىقى ئىككى ئۇسۇل ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكىنى بېيىتىشنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئۇسۇللىرى ھېسابلىنىدۇ. ھەرقانداق تىل مۇشۇنداق ئىككى ئۇسۇل بويىچە يېڭى ئۇقۇم — چۈشەنچە ۋە شەيئى، ھادىسىلەرنى ئانا تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا سۆز ياساپ ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. شۇڭا ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز قوبۇل قىلىش پرىنسىپىدىمۇ «ئاۋۋال ئۇيغۇر تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا سۆز ياساش، بولمىغاندا باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش» ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، كۆچمە مەنىسى بويىچە ئىپادىلەش ۋە تەقلىد قىلىپ ئىپادىلەش ئارقىلىقمۇ پەيدا بولغان يېڭى سۆز — ئىبارىلەر مەۋجۇت. مەسىلەن، ئالاھىدە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى (特招生)، يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر يولى (信息高速公路)، كەسىپ ئالمىشىش (跳槽)، ئۈچتە ھەمراھ بولۇش (三部).

يۇقىرىقى 1 -، 2 - مىساللاردىكى يېڭى سۆزلەر خەنزۇچە سۆزنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن تەقلىدىي تەرجىمە قىلىنىپ بارلىققا كەلگەن. 3 -، 4 - مىساللاردىكى سۆزلەر كۆچمە مەنىسى بويىچە ئىپادىلىنىپ بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل مەنە تەرجىمىسى بويىچە پەيدا بولغان سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىدىكى يېڭى ياسالغان سۆزلەر ئىچىدە بىرىككەن سۆزلەر دائىرىسىگە قويۇشقا بولىدۇ.

### 2) چەت تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش

چەت تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش دېگەندە، تاۋۇش شەكلى ۋە مەنىسى پۈتۈنلەي چەت تىلدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر نەزەردە تۇتۇلىدۇ. بۇنداق سۆزلەر يەنە «كىرمە سۆز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تاۋۇش شەكلى قوبۇل قىلىنغۇچى تىلنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە بويسۇندۇرۇلىدۇ. مەنىسىدىمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. بۇنداق سۆزلەر قوبۇل قىلىنىپ ئۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن شۇ تىلنىڭ تىل بايلىقى سۈپىتىدە قارىلىدۇ.⑤ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان چەت تىلدىن كىرگەن يېڭى سۆز — ئىبارىلەر خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىنگلىز تىلى، خەنزۇ تىلى قاتارلىق تىللاردىن كىرگەنلىرى بىر قەدەر كۆپ. مەسىلەن، مائۇس، دىسكا، تاكسى، مىنىبۇس، مىنىيۇپكا، ياخۇ، ساندۇيچ، خروئىن، كوكايىن، سارس، WTO، MTV، ھەمدە خەنزۇچە تاۋار ماركىلىرىدىن ناۋبەيجىن (脑白金)، چىچياڭ (七强)، كاڭنەي (康奈) قاتارلىقلار.

بۇيەردە مۇنداق بىر قانچە مەسىلىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەك:

بىرىنچىدىن، چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئەسلىدە خەنزۇچىدە يېرىم ئاھاڭ، يېرىم تەرجىمىسى بويىچە قوبۇل قىلىنغان سۆز — ئىبارىلەر ئۇيغۇر تىلىدىمۇ شۇ بويىچە قوبۇل قىلىنغان. مەسىلەن، بولىڭ توپ، كلون كالا، HB تېپلىق قەلەم (HB 铅笔).

ئىككىنچىدىن، چەت تىلدىن كىرگەن بەزى سۆزلەر خەنزۇ تىلىدا مەنە تەرجىمىسى قىلىنىپ ئىپادىلەنسىمۇ، ئۇيغۇر تىلىغا ئاھاڭى بويىچە قوبۇل قىلىنغان. مەسىلەن، «ئىنتېرنېت» دېگەن ئىنگلىزچە سۆز خەنزۇچىغا (互联网) دەپ سۆز ياساپ ئىپادىلەنسە، ئۇيغۇر تىلىدا ئاھاڭى بويىچە قوبۇل قىلىنغان. يەنە ئىنگلىزچىدىكى «خوتدوگ» دېگەن سۆز خەنزۇچىدا «热狗» دەپ ئېلىنغان. بۇ خەنزۇ تىلىدىكى ئەھۋال. ئىنگلىزچىدىن ئازراقلا خەۋىرى بار ئادەم بۇ سۆزنىڭ «ئىسسىق ئىت» ئەمەس، بەلكى ئارىسىغا كۆكتات ئارىلاشمىسىنى تىقىپ يەيدىغان بولكا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇسۆزنى ئۇيغۇر تىلىغا «ئىسسىق ئىت» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ. ئىنگلىزلارنىڭ يېمەك — ئىچمەك مەدەنىيىتىگە تەۋە بۇنداق مەدەنىيەت سۆزىنى يەنىلا ئەسلى تۈسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىدا «خوتدوگ» دەپ قوبۇل قىلىش مۇۋاپىق.

ئۈچىنچىدىن، چەت تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلغاندا يەنە مۇمكىن بولسا باشقا تۈركىي تىللارغا مۇراجىئەت قىلىشقىمۇ توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان «كىملىك» سۆزى تۈركچىدىكى « gimlik» سۆزىگە تەقلىد قىلىپ بارلىققا كەلگەن. يېقىنقى ئون نەچچە

يىل مابەينىدە پەيدا بولغان يېڭى سۆزلەر ئىچىدە بۇنداق سۆز قوبۇل قىلىشقا ئاساسەن ئەھمىيەت بېرىلمىگەن.

**3) كونا سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەش**

بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ئۇيغۇر تىلىدىكى قەدىمكى سۆزلەرگە يېڭى مەنىلەرنى يۈكلەش ئارقىلىق يېڭى ئۇقۇم، يېڭى چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەش مۇمكىن. مەسىلەن، «ئەرنىلىك» سۆزى قەدىمدە «كالپۇكقا سۈۋايدىغان پەرداز بۇيۇمى» نى كۆرسىتىدىغان سۆز بولۇپ، ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئىستېمالدىن قالغان. بۇنىڭغا ئاساسەن ھازىر «لەۋ سۇرۇخ» سۆزى خەنزۇچىدىن ئاغزاكىي شەكىلدە كىرگەن «كوۋخۇڭ» (口红) سۆزىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى⑥ يەنە بىرى، ھازىر ئىستېمالدا بار كونا سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەپ ئىشلىتىلدى. مەسىلەن، «تور» بىلەن «كىر -» سۆزى بىرلىشىپ «تورغا كىرىش» سۆزى ياسالغان. بۇنىڭ بىلەن «ئۈچۈر سۈرئەتلىك يولى» بولغان ئىنتېرنېتقا چىقىپ مەشغۇلات قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «تورغا كىرىش» دېگەن يېڭى سۆز بارلىققا كەلگەن.

**4. بەزى ئىجتىمائىي دىئالېكت ۋە جانلىق تىلدىكى يېڭى سۆز - ئىبارىلەرنى قوللىنىش**

ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا ۋە مەلۇم ئىجتىمائىي قاتلامغا تەۋە بىر بۆلۈك كىشىلەر نۇتقىدا بەزى يېڭى سۆز - ئىبارىلەر بارلىققا كەلگەن. بۇلار قاتارىدا «ئاق تاماكا»، «ئاق چەكمەك»، «ئاق يۆتكەش»، «ئاق ساتماق»، «كۆلدۈرگۈ» «قويمىچى» سۆزلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. مېنىڭچە، مۇنداق ھاياتىي كۈچكە تولغان يېڭى سۆزلەرنى توپلاپ، تەھلىل قىلىپ ئۇنى ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىغا ماس كېلىدىغان يېڭى ئۇقۇم، چۈشەنچە، شەيئى، ھادىسىلەرنى ئىپادىلەشتە قوللىنىش ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك.

**4. يېڭى سۆز - ئىبارىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى**

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە پەيدا بولغان يېڭى سۆز - ئىبارىلەر باشقا سۆزلەرگە قارىغاندا بىر قانچە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ھازىرلىغان.

**1) تەقلىدچانلىققا ئىگە.**

ئۇيغۇر تىلىدىكى يېقىندىن پەيدا بولغان خېلى كۆپ سۆز - ئىبارىلەر خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچە قاتارلىق تىللاردا پەيدا بولغان سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن تەقلىد قىلىپ تەرجىمە قىلىنغان. شۇڭا ئۇلار تەقلىدچانلىققا ئىگە. مەسىلەن، شەھەر كېسىلى (成市病)، بويتاق ئاقسۆڭەك (单身贵族)، ئېلېكترونلۇق ساقچى (电子警察)، ئاق كىرىم (白色收入)، يەل قۇرۇلما (充气建筑)، نىكاھسىز تۇغۇلغان پەرزەنت (非婚生子女)، ئېلېكترونلۇق ئادرېس (电子地址) قاتارلىقلار.

**2) ئاغزاكىيلىققا ئىگە.**

بىر قىسىم ئۇيغۇرچە يېڭى سۆز - ئىبارىلەر ئاۋۋال ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا پەيدا بولۇپ، كېيىن ئۇيغۇر يېزىق تىلىغا كىرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىر قىسىم يېقىندىن قوبۇل قىلىنغان سۆز - ئىبارىلەرمۇ ئېغىز تىلىدا بىر مەزگىل قوللىنىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا قوللىنىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىدا پەيدا بولغان سۆزلەر ئېغىز تىلى ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەسىلەن، ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا يېقىندىن پەيدا بولغان مودىكەش (موتېر)، ئاق تاشلاش، ئاق تاماكا، ئىنتېرنېت؛ يەنە تاۋار ماركىلىرى سۈپىتىدە خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن چىپىلاڭ، سېندا (كىيىم)،چىرۋي (ماشىنا)، داباۋ (يۇز مېيى) دېگەن سۆزلەر ئېغىز تىلىدا قوللىنىش خۇسۇسىيىتى بىر قەدەر كۈچلۈك.

**3) ئېنىقسىزلىققا ئىگە.**

ئون يىل مابەينىدە ئۇيغۇر تىلىدا پەيدا بولغان سۆز - ئىبارىلەر مەنىسىنىڭ ئېنىقسىز بولۇشى بىلەن قوللىنىپ كەلگەن. يەنى، بىر قىسىم يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالچىلىرىغا ئانچە تونۇش ئەمەس. شۇڭا بۇنداق يېڭى سۆز - ئىبارىلەرنىڭ مەنىسى ئېنىقسىزلىققا ئىگە. مەسىلەن، سوپۇن تىياتىر (肥皂剧)، ئەقىل ئامبىرى، ئالا - بۇلماچ كىيىم (迷彩服)، روھلاندۇرغۇچ (兴奋剂)، تورداش (网民)، ئېلېكترونلۇق يوللانما (电子邮件) دېگەندەك سۆزلەر ئاۋام كىشىلەر ئۈچۈن ئالغاندا مەنىسى ئانچە ئېنىق ئەمەس ياكى ئۇلارنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنىسى تۇتۇق بولىدۇ.

**4) ئوبرازچانلىققا ئىگە.**

يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر تىلىدا پەيدا بولغان يېڭى سۆز - ئىبارىلەر مەيلى قايسى يول بىلەن بارلىققا كەلسۇن، ئۇنىڭ بىر قىسمى ئوبرازلىق تۈسكە ئىگە. يەنى مەلۇم يېڭى ئۇقۇم ياكى شەيئىنى ئىپادىلەيدىغان بۇنداق سۆز - ئىبارىلەردە تىل ئىستېمالچىلىرىدا ئوبرازلىق چۈشەنچە پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، ئاق تاماكا، ئاق كىرىم، تورغا چىقىش، تور بېكىتى دېگەندەك سۆزلەر كۈچلۈك ئوبرازچانلىققا ئىگە.

## 5. يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەرنى قېلىپلاشتۇرۇشقا ئائىت بەزى مەسىلىلەر

يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەر كۆپ خىل يوللار بىلەن بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، تىل ئىستېمال جەريانىدا بەزى قېلىپلاشمىغان ياكى ئۆلچەمگە چۈشمەيدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى. مېنىڭچە، ئىستېمال داۋامىدىكى ئاۋارىچىلىك ۋە قالايمىقانچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇنداق ئەھۋاللارنى ئۇيغۇر تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىن ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر.

بىرىنچى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتكەن يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەر ۋە ئاتالغۇلار ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ سۆزلۈك دەرىجىسى (词化程度) تۆۋەنرەك. مەسىلەن، «ئۇچۇر يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى» (信息高速公路)، ئەخلەت پوچتا يوللانمىسى (垃圾邮件)، كۈچكە ئىگە ئەمەس نىكاھ (无效婚姻) دېگەنلەر سۆزگە ئەمەس، مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسىگە بەكرەك ئوخشايدۇ. مېنىڭچە، بۇ سۆزلەر ئۇچۇر سۈرئەتلىك يولى، ئەخلەت يوللانما، ئىناۋەتسىز نىكاھ دەپ ياسالغان بولسا سەل ئىخچامراق بولاتتى. بۇنداق يىغىنچاق سۆز ياساش ــ تىل ئىشلىتىشتىكى ئىخچام بولۇش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن.

ئىككىنچى، يېڭى پەيدا بولغان بىر ئۇقۇم، شەيئى ياكى ھادىسىلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا بىرنەچچە سۆز بىلەن ئىپادىلەش ئەھۋالى مەۋجۇت. مەسىلەن، 手机 سۆزى «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت» تە «يان تېلېفون»، «يانفون» دەپ ئىككى خىل ئېلىنغان.⑦ يېڭى تۈزۈلگەن «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» تە يان تېلېفون دەپ ئېلىنغان.⑧ بۇلاردىن باشقا، تۈرلۈك مەتبەئە، تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدە يان تېلېفون، يانفون دەپ ئىشلىتىلگەندىن باشقا، يەنە قول تېلېفون دەپمۇ قوللىنىلماقتا. يەنە مەسىلەن، 优盘 دېگەن سۆز 2005 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتىلگەن ئاتالغۇلار» ئىچىدە «چاقماق دىسكا» دەپ ئېلىنغان.⑨ يەنە ئۇيغۇرچە «كومپيۇتېر تۇرمۇشى» ژۇرنىلىنىڭ يېقىنقى سانلىرىدا «بارماق دىسكا» دەپ قوللىنىلغان. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنداق ئەھۋالنىڭ ساقلىنىشى ئۇيغۇر تىلىدىكى يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەرنى قېلىپلاشتۇرۇشقا پايدىسىز. ئالاقىدار ئورۇندىكى تىلچىلار ۋە تەتقىقاتچى خادىملار بۇنداق سۆز ـ ئىبارىلەرنى ۋاقتىدا يىغىپ مۇھاكىمە قىلىشى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلغىنى بويىچە بىردەك قوللىنىش ئۈچۈن تەشۋىقات ۋە ئىلمىي يېتەكلەش جەھەتتە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشى، تەھرىر، تەرجىمانلارمۇ ئاكتىپ تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

ئۈچىنچى، ھازىر يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلۇشى ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىدىن بەك ئارقىدا قېلىش ئەھۋالى مەۋجۇت. بۇنىڭ بىلەن، بەزى قېلىپلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك سۆز ـ ئىبارىلەر ۋاقتىدا توپلىنىپ قېلىپلاشتۇرۇلمىدى. «گەرچە قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرگە ئانا تىلدىن تەگدىشىنى تېپىپ چىققاندىن كېيىن شاللىۋېتىش مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن نۆۋەتتە مەيدانغا كېلىۋاتقان يېڭى سۆزلەر سان جەھەتتىن كۆپ، سۈرئەت جەھەتتىن تېز بولغىنى ئۈچۈن، ئۆز تىلىمىزدا ئات ياساش ياكى تەگدىشىنى تېپىپ چىقىش ئۆز ۋاقتىدا بولماي قېلىپ، ئېھتىياجغا ئۇلگۈرەلمەسلىك مەسىلىسى ئېغىر.»⑩ بۇنداق ئەھۋالغا قارىتا مۇناسىۋەتلىك تىل ـ يېزىقنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچان بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشقىنى بويىچە قوللىنىشقا بولغان نازارەتنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش كېرەك.

تۆتىنچى، ئۇيغۇر تىلىدىكى يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەر ۋاقتىدا ستاتىستىكا قىلىنىشى ھەمدە «ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى» نىڭ زۆرۈر تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە قەرەللىك ھالدا «ئۇيغۇر تىلىدىكى يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەر لۇغىتى» ئىشلىنىشى كېرەك. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ھازىرقى خەنزۇ تىلىدا 80 ـ يىللاردا 800 سۆز، 90 ـ يىللاردا 400 سۆز يېڭىدىن كۆپەيگەن.⑪ بۇنىڭدىن شۇنىسى ئېنىقكى، ھازىر خەنزۇ تىلىدىكى يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەر ھەر ئون يىلدا ستاتىستىكا قىلىنىپ تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خەنزۇ تىلىدىكى يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەر تەتقىقاتىدا 80 ـ يىللاردىن باشلاپ ھازىرغىچە مەخسۇس تېمىلار ئىشلەنگەن. بولۇپمۇ 1992 ـ يىلىدىن تارتىپ ھەر يىلى يېڭى سۆزلەر لۇغىتى تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان.⑫ ئەپسۇس، ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەر قوللىنىشچان تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تېما تۇرغۇزۇلۇپ سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنمىدى ۋە قەرەللىك ھالدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېڭى سۆزلەر لۇغىتىمۇ ئىشلەنمىدى.

## قىسقىچە خۇلاسە

ئۇيغۇر تىلىدا يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان پەيدا بولغان سۆزلەر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە تىل تەسىرىـ

دىن بارلىققا كەلگەن. ئۇ ئېلېكترون ـ ئۇچۇر، شەيئىلەر نامى، سودا ـ مۇلازىمەت قاتارلىق ساھەلەردىكى يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق يېڭى سۆزلەر ئۇيغۇر تىلى ماتېرىياللىرى ئاساسىدا سۆز ياساش، يەنى قوشۇمچە قوشۇش، بىرىكتۈرۈش، چەت تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش، كونا سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەش قاتارلىق يوللار بىلەن بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر تىلىدىكى يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە پەيدا بولغان يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەر تەقلىدچانلىق، ئېغىزچانلىق ۋە ئوبرازچانلىق قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئۇيغۇر تىلىدىكى يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەرنى قېلىپلاشتۇرۇشتا بىرىنچىدىن، ئىخچاملىق بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، يېڭى پەيدا بولغان بىر ئۇقۇم، شەيئى ياكى ھادىسىلەرنى بىر نەچچە سۆز بىلەن ئىپادىلەش ئەھۋالىنى ئىمكانقەدەر تۈگىتىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلۇشى ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىدىن بەك ئارقىدا قېلىش ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك. تۆتىنچىدىن، ئۇيغۇر تىلىدىكى يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەر ۋاقتىدا ستاتىستىكا قىلىنىشى ھەمدە قەرەللىك ھالدا «ئۇيغۇر تىلىدىكى يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەر لۇغىتى» ئىشلىنىشى كېرەك.

---

ئىزاھلار:

①⑫ يۇ گېنيۈەن: «قوللىنىشچان تىلشۇناسلىققا مۇقەددىمە»، سودا نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 212 ـ، 214 ـ، 215 ـ بەتلەر.

② خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى، 294 ـ 297 ـ بەتلەر.

③ دەي چىڭشيا: «جەمئىيەت تىلشۇناسلىقىغا مۇقەددىمە»، سودا نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 9 ـ بەت.

④⑨ «قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتىلگەن ئاتالغۇلار»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 1 ـ، 3 ـ، 4 ـ سانلىرى، 79 ـ، 77 ـ بەتلەر.

⑤ خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىل، 295 ـ بەت.

⑥پەرىدە ھامۇت: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياساش سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى قىممىتى»، «تىل ۋە تەرجىمە»، 1996 ـ يىل 2 ـ سان، 15 ـ 16 ـ بەتلەر.

⑦ «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»، 2 ـ توم، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 1962 ـ بەت.

⑧ «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى، 1219 ـ بەت.

⑩ رىزۋان ئاۋامسىلىم: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يېڭى سۆزلەر ۋە ئۇلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 1 ـ سان، 22 ـ بەت.

⑪ جۇ يۈگكەي، لىن لۇنلۇن: « 20 يىلدىن بۇيان ھازىرقى خەنزۇ تىلىدىكى يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە پەيدا بولۇش يوللىرى»، «تىل ـ يېزىق قوللىنىش» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىللىق 2 ـ سانى، 17 ـ بەت.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى.

تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات



# ئۆزىمىزدە بار تۇرۇپ خەقنىڭكىنى ئۆتنە ئېلىپ ئىشلىتىش شۇنچە شەرەپمۇ؟

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس

كىشىلىك تۇرمۇشتا ھېچكىممۇ خەقكە موھتاج بولمايمەن دېيەلمەيدۇ. ھەتتا توققۇزى تەل مىليونېر بولغان تەقدىردىمۇ، باشقىلارغا ھاجىتى چۈشۈپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ قالىدۇ. دېمەكچىكى، ئۆزىدە بولمىغان نەرسىلەرنى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلەردىن ياكى قولۇم - قوشنىلاردىن ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىش ئەلمساقتىن بار ئىش. «ئۆتنە ئېلىش، ئارىيەت بېرىش» دېگەن سۆزلەرنىڭ دۇنيادىكى ھەممە مىللەتنىڭ تىلىدا بار بولغىنىدىن قارىغاندا، بۇ بىر دۇنياۋى ھادىسە بولۇپ، بۇنىڭدىن ھېچكىممۇ ھەيران قالمايدۇ.

ئەمما ئۆزىدە بار تۇرۇپ، بار بولغاندىمۇ خەقنىڭكىدىن قېلىشمايدىغان، بەلكى ئايرىم نۇقتىلاردا باشقىلارنىڭكىنى بېسىپ چۈشىدىغان تۇرۇقلۇق، ئۆزىنىڭكىنى تاشلاپ قويۇپ خەقنىڭكىنى ئۆتنە ئېلىپ ئىشلىتىشكە ئادەتلىنىش ئادەمنى ئەجەبلەندۈرىدۇ. ئەلۋەتتە، نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۆزىدە بار تۇرۇپ خەقنىڭكىنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىشكە ئادەتلىنىش خاھىشىنى بىر خىل پېخسىقلىق پسىخكىسىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولسىمۇ، لېكىن كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلغاندا ئۇنىڭ بىر خىل ھاماقەتلەرچە ئابرۇي قوغلىشىشتىن كېلىپ چىققان زامانىۋى ساۋاتسىزلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بۇ يەردىكى گەپ بىزنىڭ ئېغىز تىلى ئىستېمالىمىزدىكى بەزىبىر نۇقسانلارغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۆز ئانا تىلىدا شۇنچە پاساھەتلىك سۆزلەر تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر تىلنىڭ سۆز - ئىبارىلىرىنى خۇددى ئاق چاپانغا قارا ياماق سالغاندەك زورلاپ تىقىش خاھىشىنى ئاشۇنداق قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ باشقا تىلنى بىلىدىغانلىقىنى كۆز - كۆز قىلىپ، ئابرۇي تەمە قىلىش پسىخكىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان، دېمەي ئامالىمىز يوق. ۋەھالەنكى، باشقا تىلنى بىلىش شەرەپ بولسىمۇ، چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ئانا تىلنى بىلمەسلىك جىنايەت.» مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئانا تىلىدىكى ئەلمساقتىن بار بولغان يارقىن سۆزلەرنى چۆرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا تىلدىكى زادىلا جېپىسلاشمايدىغان سۆز- ئىبارىلەرنى زورمۇ - زور سۆرەپ كىرىش ئانا تىلغا بولغان بىر خىل ھۆرمەتسىزلىكتۇر.

ئەمدى نۆۋەتتىكى ئېغىز تىلى ئىستېمالىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەرنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى. ئاۋۋال «باشقىلارنىڭكىنى ئۆتنە ئېلىش» خاھىشى ئېغىرراق بولغان ۋە ھەركىم ئۆزى خالىغىنى بويىچە ئاتاپ، ئەبجەش ئىبارىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقان تەنھەرىكەت تۈرىدىكى سۆز - ئىبارىلەرگە قاراپ باقىدىغان بولساق، پۇتبول، فۇتبول، ۋاسكېتبول، ۋالىبول، لەنچۇر، پەيچۇر، تېرىنىر، مەشقاۋۇل، جاۋلەن، تىكتاك توپ، باۋلىڭ توپ، بوكس، بوكسيورلۇق، سەندا، زەيتۇن توپ، گولف توپ، شۇچيۇ، پەي توپ، چويلا توپ، چويۇن توپ، چېلىشىش، قىلىچۋازلىق، ئەگرى تاياق توپ ... دېگەندەك سۆز - ئاتالغۇلارنى ئۇچرىتىمىز.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، تەنھەرىكەت تۈرىدىكى ئىسىم - ئاتالغۇلاردا گەرچە ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلار خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن ئىچكى ئىزچىللىق يوق. «پۇتبول»، «باۋلىڭ توپ» دېگەنگە ئوخشاش يېرىمى ئۇيغۇرچە، يېرىمى ئىنگلىزچە ياكى خەنزۇچە ئەبجەش ئىبارىلەر مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلىگەندىن باشقا، باشقا تىلدىن ئۆتنە ئېلىنغان ئاتالغۇلارمۇ مەۋجۇت. تىكتاك توپ، پەي توپ، چويۇن توپ، چويلا توپ، زەيتۇن توپ، گولف توپ ... دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار ئىسىملار ئەسلىدىكى ئويۇنىلىدىغان جىسىمغا توپ دېگەن تۈپ سۆزنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان خاس ئىسىملار بولۇپ، باشقا توپ تۈرلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاشتىمۇ مۇشۇ ئۇسۇل قوللىنىلسا، بىرىنچىدىن ئىسىملار ئاددىي، ئىخچام، چۈشىنىشلىك بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، توپ تۈرىدىكى بارلىق ئىسىملار ئىزچىللىققا ئىگە قىلىنىدۇ. ئۈچىنچىدىن، بىرنەچچە بوغۇمدىن تەركىب تاپقان بىر ئىسىمنىڭ يېرىمى ئۇيغۇرچە، يېرىمى ئىنگلىزچە ياكى خەنزۇچە بولۇشتەك ئەبجەش ھالەتكە خاتىمە بەرگىلى بولىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، بەزىدە «ۋاسكېتبول» بەزىدە

«لەنچۇر» دەپ؛ بەزىلەر «ۋالىبول» بەزىلەر «پەيچۇر» دەپ ئاتايدىغان ئىسىملارغا كەلسەك، بۇلارمۇ ئوخشاشلا باشقا تىللاردىن ئۆتنە ئېلىنغان سۆزلەر بولۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەمەس بولغانلىقى ئۈستىگە، ئىچكى ئىزچىللىقىمۇ ئىگە ئەمەس. دۇنيادىكى پەن ـ مەدەنىيەتتە ئالغا كەتكەن مىللەتلەرنىڭ تىل ئادىتىگە قاراپ باقىدىغان بولساق، مەيلى تەنھەرىكەت، مەيلى مېدىتسىنا ۋە مەيلى سۆز ـ ئىبارىلەردە بولسۇن، بىرخىل ئىچكى ئىزچىللىقنىڭ بولىدىغانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن، يەنە شۇ تەنھەرىكەت تۈرىدىن مىسال ئالساق، ئىنگلىزچىدە بارلىق توپ تۈرلىرىنىڭ ئىسمى « ball» سۆزى بىلەن باغلىنىپ ئىچكى ئىزچىللىققا ئىگە قىلىنسا، خەنزۇچىدا « 球» سۆزى بىلەن باغلانغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەسلىدە بۇ ئادەت بىزنىڭ تىل ئىستېمالىمىزدىمۇ تەبىئىي ھالدا بار بولۇپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «تىكتاك توپ، پەي توپ، چويلا توپ، چويۇن توپ، زەيتۇن توپ، گولف توپ....» دېگەن سۆزلەر بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

ئەمما تىل ئادىتىمىزدە تەبىئىي ئىچكى ئىزچىللىق ئاجىزلاپ، بىرخىل توپنى بىرى «ۋاسكېتبول» دېسە، بىرى «گارتوپ» دەيدىغان، يەنە بىرى «لەنچۇر» دەيدىغان ئەبجەش ھالەت ئەۋج ئالدى. ناۋادا ئۆز تىلىمىزدا ئاشۇ توپ تۈرلىرىنىڭ ئىسمىنى ئىپادىلەيدىغان مۇۋاپىق سۆز ـ ئىبارىلەر بولمىغان بولسا، ئاندىن باشقا تىلدىن ئارىيەت ئېلىشقا ھاجەت تۇغۇلاتتى. ئەمما ئۆز تىلىمىزدا شۇنچە ئىخچام، چۈشىنىشلىك ۋە چىرايلىق ئىسىملار تۇرۇقلۇق، يەنە باشقا تىللاردىن ئۆتنە ئېلىش زادىلا ئەقىلگە سىغمايدۇ.

ئۇنداقتا ھازىرقى تىل ئىستېمالىمىزدا مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن ھەركىم ئۆزى خالىغىنى بويىچە ئاتاۋاتقان ئاشۇ ئەبجەش ئىسىملارنى ئانا تىلدا قانداق ئاتىغىنىمىز تۈزۈك؟ مېنىڭچە، جاۋاب ناھايىتى ئېنىق ۋە ئاددىي بولۇپ، تىلشۇناسلىقتا ئەزەلدىن ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان «ئاۋۋال ئانا تىلدىن ئېلىش؛ ئانا تىلدا دەل كېلىدىغان نەق سۆز ـ ئىبارىلەر بولمىسا، ئانا تىل ئاساسىدا يېڭى ئىسىم ـ ئاتالغۇلارنى ياساش؛ بۇنىڭغىمۇ بولمىسا، تىل تۇغقانچىلىقى بولغان قېرىنداش تىللاردىن ئارىيەت ئېلىش؛ يەنىلا بولمىسا، ئاخىرقى چارە ـ خەلقئارادا قوبۇل قىلىنغىنى بويىچە ئەينەن ئېلىش» دېگەن پرىنسىپقا ھۆرمەت قىلىنسا، مەسىلە ئۆزلۈكىدىن ھەل بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، تەنھەرىكەت تۈرىدىكى ئىسىم ـ ئىبارىلەرنىڭ ئانا تىلدا ئاتاشقا ئادەتلىنىلگەنلىرىنى شۇ پېتى ئاتاش بىلەن بىرگە، بەزىدە ئىنگلىزچە، بەزىدە خەنزۇچە ۋە بەزىدە يېرىمى ئانا تىلدا، قالغان يېرىمىنى باشقا تىلدا ئاتاپ ئەبجەشلىشىپ كەتكەن ئىسىم ـ ئىبارىلەرنى ئانا تىلدا تۆۋەندىكىدەك ئاتاشقا توغرا كېلىدۇ: گار توپ، پاس توپ، دۇگۇر توپ، قول توپ، سۇ توپ، مەشقاۋۇل، مۇشتلىشىش، ئەركىن مۇشتلىشىش، مۇز توپ، پاپۇز...

«ۋاسكېتبول» نى «گار توپ» دەپ ئېلىشقا كەلسەك، ماتېرىياللاردىن مەلۇمكى، ئىنگلىزچە «ۋاسكېتبول» دەپ ئېلىنغان بۇ توپ ئەسلىدە ئەنگلىيىدە تېگى تۆشۈك سېۋەتنى ئېسىپ قويۇپ، شۇنىڭغا توپ ئېتىپ ئويناشتىن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، دەسلەپتە « Basketball» (سېۋەت توپ) دەپ ئاتالغان. كېيىن بارا ـ بارا تەرەققىي قىلىپ سېۋەت ئورنىغا مەخسۇس تۆمۈر چەمبەر ئىشلىتىلگەن ۋە ھازىرقى مۇكەممەل ھالەتكە كەلگەن. توپ تۈرلىرىگە ئىسىم قويۇشتا، شۇ توپنىڭ خۇسۇسىيەت ياكى ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراش، جۈملىدىن نېمە ئارقىلىق ئوينىلىدىغانلىقىغا قاراش ـ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تىل ئادىتىمىز بولغاچقا، گارغا ئېتىپ ئوينىلىدىغان بۇ توپنى «گارتوپ» دەپ ئالساق ناھايىتى مۇۋاپىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ۋاسكېتبول» دېگەن ئۈچ بوغۇملۇق سۆزدىن ئىككى بوغۇملۇق سۆزگە قىسقىراپ، يېزىشقىمۇ، ئېيتىشقىمۇ قولاي بولىدۇ.

«بوكس» ۋە «بوكسيورلۇق» دېگەن ئاتالغۇغا كەلسەك، ئالدىنقىسى مۇشتلىشىش تۈرىنىڭ ئىنگلىزچە ئاتىلىشى بولسىمۇ، كېيىنكىسىنىڭ ئىنگلىزچىغىمۇ، ئۇيغۇرچىغىمۇ ۋە خەنزۇچىغىمۇ تەۋە بولمىغان ناجىنس سۆز ئىكەنلىكى ئېنىق. تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، شوپۇرلار تىلىدا «بوكسيور» دېگەن بۇ سۆز ئاپتوموبىلنى سۆرىتىشتە ئىشلىتىلىدىغان سىم، ئارقان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تىلىمىزدا «مۇشتلىشىش» دېگەن تەييار ئاتالغۇ تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ئورنىغا خەقنىڭكىنى ئۆتنە ئېلىشنى، يەنە كېلىپ «بوكسيورلۇق» دېگەنگە ئوخشاش ئەبجەش ئاتالغۇنى ساپ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇنىڭ ئۈستىگە دەسسىتىشنى ئەلۋەتتە نورمال ئىش دېگىلى بولمايدۇ.

ئويلاپ بېقىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئىش شۇكى، ئۆز كەسپى بويىچە جۇڭگو ۋە ئاسىيادىن بۆسۈپ چىققان باتۇر ئەزىمەتلىرىمىز ئابدۇشۇكۇر ۋە ئابدۇراخمانلار تېلېۋىزىيە زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا ھەممىسى: «... مانچى مەيدان ئويىندىم» دەيدۇ. ئويناش ــ بىزنىڭ تىل ئادىتىمىزدە توپ، شاھمات قاتارلىق نەرسىلەرنى ئويناشقا قارىتىلغان سۆز بولۇپ، ئىككى ئادەمنىڭ مەيدانغا چۈشۈپ جان تىكىپ ئېلىشىشنى ئويناش سۆزى بىلەن سۈپەتلەش تازا مۇۋاپىق بولمىسا كېرەك. بۇ يەردىكى گەپ، مېنىڭچە «مۇشتلىشىش» دېگەن بىر ئوبدان ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا «بوكس» دېگەن ناتونۇش ئاتالغۇنى ئىشلەتكەنلىكىمىزدە بولۇپ، «بوكس مۇسابىقىسى» دېيىشكە بولسىمۇ «بوكسلاشتىم» دېگىلى بولمىغاچقا، ماھىرلىرىمىز «ئويىندىم» دېيىشكە مەجبۇر بولغان. ناھايىتى روشەنكى، ناۋادا ئانا تىلىمىز ھەققىي قەدىرلىنىپ،

«بوكس» ئاتالغۇسى ئورنىغا «مۇشتلىشىش» ئاتالغۇسى ئو-
مۇملاشقان بولسا، ماھىرلىرىمىزمۇ ھېچبىر قىينالمايلا «مانچى
مەيدان مۇشتلاشتىم» دېيەلىگەن بولار ئىدى.
«ئەگرى تاياق توپ» دېگەن بۇ ئىسمغا كەلسەك،
گەرچە ئۇ ساپ ئۇيغۇرچە سۆز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى
«ئىسىم» دېگەندىن كۆرە «ئىزاھات» دېگەن مۇۋاپىقراق.
چۈنكى ئىسىم بىلەن ئىزاھاتنىڭ ئەلۋەتتە پەرقى بولىدۇ.
ئىسىم ـ ئادەم ۋە نەرسىلەرنى ئاتاشقا ئىشلىتىلسە، ئىزاھات
تازا ئېنىق بولمىغان ئۇقۇملارنى چۈشەندۈرۈشكە ئىشلىتىلـ
دۇ. ھازىر يېزىق ئىستېمالىمىزدا «ئەگرى تاياق توپ» دەپ
ئېلىنىۋاتقان بۇ ئىسىمنى مەكتەپ قاتارلىق جايلاردىكى خەلق
«پاپۇز» دەپ ئاتايدۇ. «پاپۇز» گەرچە يەرلىك شېۋە بولسىمۇ،
مېنىڭچە ئۇنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى يەرلىك شېۋىـ
لەرمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر مىللەت تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىـ
نى ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك تۆھپە قوشالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىـ
گە، «پاپۇز دېگەن نېمە؟» دەپ سورالسا، «ئەگرى تاياق
بىلەن ئوينىلىدىغان توپ» دەپ جاۋاب بەرگىلى بولىدۇ. بۇ-
نىڭدىن چىقىپ تۇرىدۇكى، «ئەگرى تاياق توپ» ئىزاھاتقا،
«پاپۇز» ئىسمغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئەمدى تەنھەرىكەت تۈرىدىكى سۆزلەردىن باشقا سۆز-
لەرگە كەلسەك، ئۆزىمىدە بار تۇرۇپ باشقىلاردىن ئۆتنە ئې-
لىنغان سۆزلەر نۆۋەتتىكى ئېغىز تىلى ئىستېمالىمىزدا قەدەمـ
دە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «جاڭشۇ»، «جاۋتۇڭ»،
«دەي»، «كويزا»، «لازا»، «چىڭياڭ»، «پاپىياۋ»، «پاكەن»
قاتارلىقلار. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ سۆزلەر تىلىمىزدىكى
«زىنىنەتلەش»، «قاتناش»، «لېنتا» ياكى «تەخسە» (پلاستىنكا)،
«چوكا»، «مۇچ»، «خام بەت»، «تالون»، «جەرىمانە» دېگەن
سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئورۇنسىز ھالدا دەسسىتىلگەن.

بۇ يەردە يۇقىرىقى ھەربىر سۆز ھەققىدە ئايرىم توختىـ
لىپ ئولتۇرمىساقمۇ، بەزى كونكرېت سۆزلەرنى كونكرېت
تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، «جاۋتۇڭ» دېگەن
سۆز ئەسلىدە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا «قاتناش»
دېگەن مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن نۆۋەتتىكى تىل ئىستېماـ
لىمىزدا، بولۇپمۇ شوپۇرلارنىڭ كەسپىي تىلىدا «قاتناش
ساقچىسى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ قالدى،
بۇنداق ئاتاش تىل ـ يېزىقنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە ـ
پرىنسىپلىرى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا تۈپتىن خاتا بولۇپ،
ئوخشاش بىر زامان، بىر ماكاندا بىللە ياشاۋاتقان ئىككى
مىللەتنىڭ بىرى «قاتناش» دەپ چۈشىنىدىغان سۆزنى يەنە
بىرسىنىڭ «قاتناش ساقچىسى» دەپ چۈشىنىشى زادىلا ئە-
قىلگە سىغمايدۇ. ئەمما كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت
تەھلىل قىلغاندا، بۇ يەردە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەنىۋى ئا-
ساسى بولغان تىل ـ يېزىققا كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەربىر
كىشى ئويلاپ كۆرۈشكە تېگىشلىك بىر ئىش بار. ئۇ بولسىـ
مۇ، نۆۋەتتىكى تىل ـ يېزىق ئىستېمالىمىزدا يېڭى ئىسىم ـ
ئاتالغۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي ئېھتىياجىنىڭ
ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالمايۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ،
باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىدا ئىسىم ـ ئاتالغۇ بولغان خېلى
كۆپ سۆزلەر ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىنلا،
«ئىسىم» لىق رولىنى يوقىتىپ، ئىزاھاتقا ئايلىنىپ قالماقتا.
ئىزاھات گەرچە چۈشەندۈرۈش رولىنى ئوينىسىمۇ، لېكىن
ئىسىملاردەك ئىخچام، قىسقا بولمىغاچقا، ئاۋام خەلق تەرىپىـ
دىن ئىسىم ئورنىدا قوبۇل قىلىنىشى ناتايىن. «جاۋتۇڭ»
دېگەن خەنزۇچە سۆزنىڭ نۆۋەتتىكى ئېغىز تىلى ئىستېمالىـ
مىزدا «قاتناش ساقچىسى» دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ قېلىـ
شىمۇ ئەنە شۇ ۋەجىدىن بولۇپ، ناۋادا «قاتناش ساقچىسى»
دېگەن ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان تېخىمۇ قىسقا، ئىخچام، چۈ-
شىنىشلىك بىرەر خاس ئىسىم ياساپ چىقىلغان بولسا، يۇقىـ
رىقىدەك بىمەنىلىكلەرگە خاتىمە بەرگىلى بولاتتى.

ئەمدى «دەي» دېگەن سۆزگە كەلسەك، بۇ سۆزنىڭ
ئۈستىگە خاتا ھالدا يۈكلەنگەن ئىسىم ـ ئىبارىلەر خېلى
كۆپ بولۇپ، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ لېنتىلىرى، فاتېفون ۋە
VCD پلاستىنكىلىرى، ھەتتا ماشىنا، ۋېلىسىپىتلارنىڭ با-
لونلىرىمۇ ئېغىز تىلى ئىستېمالىمىزدا قارىقويۇقلا «دەي» دەپ
ئاتالماقتا. بۇ خىل زامانىۋى ساۋاتسىزلىقنىڭ ئاۋام ئارىسىدىلا
ئەمەس، ھەتتا زىيالىيلىرىمىز ئارىسىدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇ-
رۇشى ئادەمنى ئويلاندۇرىدۇ ۋە ئېچىندۇرىدۇ. ناھايىتى رو-
شەنكى، بايا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ئۈنئالغۇ ـ سىنئالغۇ لېنـ
تىلىرى، فاتېفون ۋە VCD پلاستىنكىلىرى، ماشىنا ـ ۋېلىـ
سىپىتلارنىڭ بالونلىرى مەيلى شەكلى ۋە مەيلى ئىشلىتىشىـ
كى رولى جەھەتتىن بولسۇن، تامامەن باشقا ـ باشقا نەرسىـ
لەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ يوملاپ «دەي»
دەپ ئاتاش خۇددى يېگىدىن تىل چىقىشقا باشلىغان بوۋاقـ
نىڭ ئايال زاتىنىڭ ھەممىنى ئانا، ئەرلەرنىڭ ھەممىنى دادا
دېگىنىگە ئوخشايدۇ. ئۇ خىل ئىللەت تىلىنىڭ ساپلىقىنى
بۇزۇپ، تەپەككۇرنى بوغىدۇ، تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش كۈچىـ
نى ئاجىزلىتىپ، مەنىۋى ئېنېرگىيىمىزنى خورىتىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «كويزا»، «لازا» دېگەن سۆز-
لەرمۇ ئۆزىمىزدە بار بولغان «چوكا» ۋە «مۇچ» دېگەن بىر
چىرايلىق سۆزلەرنىڭ ئورنىغا باشقىلاردىن ئۆتنە ئېلىپ
تۇرۇپ دەسسەتكەن سۆزلەر بولۇپ، بۇ خۇددى ئۆز ۋۇجۇ-
دىمىزدىن تەبىئىي ئۆسۈپ چىققان ساپساق چىشنى يۇلۇپ
تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا جىسىمدىن چىش سالدۇرغانـ
غىلا ئوخشايدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ناۋادا باشقا جىسىمـ
دىن سېلىنغان سۈنئىي چىش ئۆزىنىڭ تەبىئىي چىشىدىن
ئەۋزەل بولىدىغان بولسا، دۇنيادىكى مىليونىرلار 32

چىشىنىڭ ھەممىسىنى ئالماسقا ئالماشتۇرۇۋالغان بولاتتى. ئەپسۇسكى ئادەم ئورگانىزمى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاشۇ قىممەتلىك ئالماسلاردىن، ساتسا بىر سىنتىغا ئالمايدىغان سۆڭەك چىش مىڭ ئەۋزەل. تىل ـ يېزىقمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، خۇددى بوۋاق تۇغۇلۇپ يېشىغا توشۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە چىقىشقا باشلىغان چىشلار تاكى 20 ياشلارغىچە داۋاملاشقانغا ئوخشاش، بىر مىللەتنىڭ تىل ـ يېزىقمۇ شۇ مىللەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخى داۋامىدا تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ ۋە بېيىپ بارىدۇ. نەچچە مىڭ يىل داۋامىدا تەدرىجىي شەكىللىنىپ، بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغان بىر تىلدىكى ئايرىم سۆز ـ ئىبارىلەر ئايرىم تارىخىي شارائىتتا چۆرۈپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر تىلدىكى زادىلا جىپسىلاشمايدىغان سۆز ـ ئىبارىلەر زورمۇ ـ زور سۆرەپ كىرىلسە، بۇ خىل ھادىسە ئاشۇ تارىخىي شارائىتتىكى كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىدە نادانلىق بىلەن ھاماقەتلىكنىڭ ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مۇشۇ يەكۈننىڭ دەلىلى سۈپىتىدە، دىيارىمىزدىكى مەلۇم بىر داڭلىق رېستورانىدا مۇئەللىپ يېقىندا ئۇچراتقان بىر ئەمەلىي ئىشنى مىسال ئالساق ئارتۇقلۇق قىلماس.

— بۇيرۇتۇلغان تاماق ۋە قورۇما تۈرلىرى ئۈستەلگە چىقىپ بولدى. ئەمدى پەقەت چوكىلا قالدى.

مۇلازىم قىز كىرىپ كېتىپ، بىرئازدىن كېيىن چىقىپ جاۋاب بەردى:

— كەچۈرۈڭلار، رېستورانىمىزدا «چوكا» دېيدىغان سەي تۈرى يوق ئىكەن...

بۇ قانداقتۇر توقۇپ چىقىلغان يۇمۇر بولماستىن، بەلكى بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ دىيارنىڭ ئادەملەر ئەڭ كۆپ جۇغلىشىدىغان «رېستوران» ئاتلىق ئاممىۋى سورۇندا تېخى يېقىندىلا مۇئەللىپ ئۇچراتقان ئەمەلىي ئەھۋال. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تاشقى قىياپىتىدىن ھېچقانداق ئېۋەن تاپقىلى بولمايدىغان بەزى ياشلىرىمىز ھەتتا ئۆز ئانا تىلىدىكى «چوكا» دېگەن سۆزنىمۇ چۈشەنمەيدىغان ھالەتكە يەتكەن. بۇ يەردە «چوكا» بىلەن «كويزا» دېگەن سۆزلەرنى تىل نۇقتىسىدىن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا ئىككى بوغۇملۇق سۆز بولۇپ، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقتا پەرقى بولمىسىمۇ، لېكىن بىز «كويزا» دەۋاتقان بۇ سۆز ئۆزى تەۋە بولغان خەنزۇ تىلىدا «كۇۋەيزى» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ سۆز تىلىمىزدىكى «ئىشكال»، «تاقاق» دېگەن مەنەلەردىكى «كويزا» دېگەن يەنە بىر سۆز بىلەن ئاھاڭداش بولغاچقا، ئۇقۇم جەھەتتىن ئۇقۇشماسلىق بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

«لازا» دېگەن سۆزگە كەلسەك، ئۇنىڭ ئانا تىلىمىزدىكى تەڭدىشى بولغان «مۇچ» سۆزى ئۇنىڭدىن يېرىم ھەسسە ئىخچام بولغانىنىڭ ئۈستىگە، بىر قىسىم رەڭ ئاتالغۇلىرى بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، تىل ئىستېمالىمىزغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، ئاقمۇچ، قارامۇچ، قىزىلمۇچ، كۆكمۇچ دېگەن سۆزلەر «قىزىل لازا»، «كۆك لازا» دېگەن سۆزلەردىن كۆپ ئىخچام بولغانىنىڭ ئۈستىگە، پاساھەتلىك تىللاردا بولىدىغان بىرخىل ئىچكى ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ، ئانا تىلنىڭ لاتاپىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. ئەمما ئالتۇننى پەرق قىلىش ئۈچۈن زەرگەرگە خاس كۆز كېرەك بولغىنىدەك، ئانا تىلنىڭ لاتاپىتىنى ھېس قىلىش ئۈچۈنمۇ ئانا تىلنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلگۈدەك ساپا بولمىسا بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

«چىڭياڭ»، «پاپىياۋ»، «پاكەن» دېگەن سۆزلەر ھەققىدە بىر ـ بىرلەپ توختىلىپ ئولتۇرمىساقمۇ، ئۇ سۆزلەرنىڭ ئانا تىلىمىزدا «خام بەت»، «تالون»، «جەرىمانە» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى باشتىلا قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. گەرچە يۇقىرىقىلار بىلەنلا بۇگۈنكى تىل ئىستېمالىمىزدىكى ئۆزىمىزدە بار تۇرۇقلۇق باشقىلاردىن ئۆتنە ئېلىپ ئىشلىتىۋاتقان سۆزلەر تۈگەپ كەتمىسىمۇ، مەقسەت ـ مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ مەنىۋى ئاساسى بولغان ئانا تىلنىڭ ساپلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت بولغاچقا، بۇ يەردە يەنە باشقا مىساللارنى كەلتۈرۈپ گەپنى ئۇزارتىپ ئولتۇرمىدۇق.

خۇلاسە كالام شۇكى، گەرچە بىر مىللەتنىڭ تىلى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، شۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال ھەممە كىشى ئەركىن، بىمالال پايدىلانسا بولىدىغان؛ پايدىلانغانغا، ئىشلەتكەنگە خوراپ كەتمەيدىغان؛ ئەكسىچە قانچە كۆپ ئىشلەتكەنسېرى شۇنچە مۇكەممەللىشىشكە يۈزلىنىپ، بېيىپ بارىدىغان تەبىئىي بايلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ «ئىگىسىز مازار غوجام» ئەمەس. مەيلى قايسى خىل تىل بولسۇن، بىرخىل تىلدا سۆزلەشكۈچى كىشىلەرنىڭ شۇ تىلنىڭ تەبىئىيلىكىنى، ساپلىقىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى باركى، ھەرگىزمۇ ئۇنى ئۆز خاھىشى بويىچە ئەبجەشلىككە سۆرەشكە ھەققى يوق. شۇڭا ھەربىر ئىنسان ئاۋۋال ئانا تىلنىڭ ساپلىقى مەسىلىسىنى ئويلاپ كۆرۈشى، جۈملىدىن ئۆز ئانا تىلىدا بار بولغان بىر چىرايلىق سۆزلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا باشقا تىلدىن زادىلا جىپسىلاشمايدىغان سۆزلەرنى زورمۇ زور سۆرەپ كىرىشتىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك.

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيىلىك كۇتۇپخانىدا،

تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات

# كروران ئېلىنىڭ تارىخ جۇغراپىيىسىگە ئائىت مەسلىلەر
# ھەققىدە مۇھاكىمە

غالىب بارات ئەرك

سرلىق قەدىمكى ماكانىمىز كروران ئۆزىگە نۇرغۇن
سىرلارنى مۇجەسسەم قىلغان، تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كۆ-
پىيىشى، ئارخېئولوگىيىنىڭ پاكىت بىلەن تەمىن ئېتىشى،
كۆپ قىرلىق ئىلمىي تەتقىقاتلار بىز ھەممىيلەن كۆڭۈل بۆ-
لىدىغان مەسىلىلەر جۈملىدىن كروران ئېلىنىڭ پايتەختى
قەيەر؟ چەرچەن خانلىقىنىڭ پايتەختىچۇ؟ بۇ ئەللەرنىڭ
تېرىتورىيىسى قايسى يەرلەرگىچە سوزۇلغان؟ كروران ۋە
ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەر قانداق ۋەيران بولغان... دې-
گەندەك بىر قاتار مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشىمىز ئۈچۈن
ياردەمدە بولىدۇ. بۇ مەسىلىلەر بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقات-
لارنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئايدىڭلاشقۇسى.

## كروران ۋە چەرچەن ئېلىنىڭ
## پايتەختى ھەققىدە

كروران ئېلىنىڭ پايتەختى مەسىلىسى ئەڭ قىزغىن مۇ-
نازىرىلەرگە سەۋەب بولغان مەسىلىلەردىن بىرى ھېسابلىنى-
دۇ. بۇ ھەقتە ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىدا پىكىر ئىختىلاپى بار
بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىچە:
1. ھېرمان ( 1910 ـ يىلى): چەرچەن خانلىقى قۇ-
رۇلغاندا پايتەخت جەنۇبقا يەنى قاغان شەھىرىگە كۆچۈرۈل-
گەن، ئۇ بۈگۈنكى چاقىلىق بازىرىدۇر، ئەينى چاغدىكى
ئىشەم ھازىرقى مىرەندۇر دەپ قارايدۇ.
2. ستەيىن (1921 ـ يىلى): پايتەخت جەنۇبقا يەنى
قاغان شەھىرىگە كۆچۈرۈلگەن، قاغان شەھىرى كروران
شەھىرى ئەمەس، قاغان شەھىرى ھازىرقى مىرەن، ئىشەم
ھازىرقى چاقىلىق دەيدۇ.
3. ياپونىيىلىك ئالىم تېگىتەن فېگبا 1924 ـ يىلى
چەرچەن خانلىقىنىڭ پايتەختى ئىشەم بولۇپ ھازىرقى چا-
قىلىق بازىرى، قاغان شەھىرى ھازىرقى مىرەن دېگەن قا-
راشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.
4. ئوتانى ئەپەندى 1933 ـ يىلى كرورانىنىڭ پايتەخ-
تى قاغان شەھىرىگە كۆچۈرۈلگەن بولۇپ ئابدال مۇشۇ
شەھەر بولۇشى مۇمكىن، ئىشەم شەھىرى ھازىرقى مىرەن
كونا شەھەر خارابىسى دەيدۇ.
5. ماتسۇدا ھىساۋ 1963 ـ يىلى كرورانىنىڭ پايتەخ-
تى قاغان شەھىرىگە (مىرەن خارابىسى دەپ قارىغان) كۆ-
چۈرۈلگەن، ئىشەم ھازىرقى چاقىلىق دەپ قارىغان.
6. شايشۇڭ 1963 ـ، 1965 ـ، 1966 ـ يىللىرى
پايتەخت قاغان شەھىرى بولۇپ بۇ كروران خارابىسى، تاش-
بالىق ھازىرقى چاقىلىق بازىرى، قۇتتۇم ۋە ئىشەملەر ھازىر-
قى مىرەن خارابىسى، ياڭبالىق ۋاششەھىرى خارابىسى
دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1967 ـ يىلىغا كەلگەن-
دە راھىب قاشەن 400 ـ يىلى پايتەخت قاغان شەھىرىدىن
ئۆتكەن بولۇپ ئۇ كروران شەھەر خارابىسى ئىدى، دېگەن
قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە پايتەخت كۆچۈرۈل-
گەن دېگەن قاراشنى رەت قىلغان.
7. چاڭزې خېجۇن 1963 ـ يىلى پايتەخت كروران
شەھىرى بولۇپ بۇ قاغان شەھىرىگە باراۋەر، بۇ يەنە تاشبا-
لىق دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، ئىزچىل تۇردە كروران مۇشۇ
ئەلنىڭ پايتەختى بولغان دەيدۇ. 1990 ـ يىلىغا كەلگەندە
كروران شەھىرى كېيىن تاشبالىق دېيىلگەن شەھەر شۇ،
قۇتتۇم = تۇيىن = ئىشەم، شەھىرى سابىز = مىرەن
دېگەن يەكۈنگە كەلگەن.
8. ئېلىمىز ئالىملىرىدىن خۇاڭ ۋېنبى، خۇشەن، لىن
مېيسۇن قاتارلىقلار پايتەخت كۆچۈرۈلگەن دەپ قارىغان
بولۇپ 1948 ـ يىلى خۇاڭ ۋېنبى قاغان شەھىرى (تۇيىن
خارابىسىنىڭ غەربىدە بولۇشى مۇمكىن) ئىشەم يەنى مىرەن
خارابىسىگە كۆچۈرۈلگەن دەپ قارىغان. لىن مېيسۇن قاغان
شەھىرى LE خارابىسى دەپ قارىغان.
9. فېڭ چېڭجۈن (1957 ـ يىلى)، مايوڭ (1979 ـ
يىلى)، سېن جوڭمىيەن (1981 ـ يىلى)قاتارلىقلار كروران
ۋە چەرچەنىنىڭ پايتەختى جەنۇبتا ئىدى دەپ قارايدۇ ھەمدە
قاغان شەھىرى = ھازىرقى چاقىلىق، ئىشەم = مىرەن خارا-
بىسى، ياڭبالىق = ۋاششەھىرى خارابىسى دېگەن يەكۈننى
چىقىرىدۇ.
10. مېڭ فەنرېن (1986 ـ، 1990 ـ يىللىرى) ۋە

يۇ تەيشەن (1991 ـ يىلى) پايتەخت قاغان شەھرى چاقىلىق بازىرى ئەتراپىدا دەپ قارايدۇ.

كروراننىڭ پايتەختى مەسىلىسىدە يۇقىرىقىدەك قاراشلار مەۋجۇت. كروران ئېلىنىڭ پايتەختى مەسىلىسىدە نۇرغۇن ئىزدىنىشلەرنى، كىشىنى قايىل قىلارلىق پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى پروفېسسور خۇاڭ شېڭجاڭ ئەپەندى بولۇپ ئۇنىڭ قارىشىچە بولغاندا كروران ئېلىنىڭ پايتەختى يازما يادىكارلىقلار ئاساسىدا چىقارغان، جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتىن مۇنۇ ئۈچ مەسىلىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك: (1) «خەننامە» ۋە «تارىخى خاتىرىلەر» قاتارلىق ئەسەرلەردە خاتىرىلەنگەن «لوپ كۆلىگە يېقىن» ئىبارىسىگە ئاساسەن لوپ كۆلىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىشى كېرەك. (2) «ئەڭ شەرقتە، خەن سۇلالىسىگە يېقىن» دېگەن ئۇچۇرغا ئاساسەن غەربىي دىياردىكى ئەللەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ شەرققە جايلاشقان ۋە خەن سۇلالىسىگە يېقىن جۇغراپىيىلىك ئورۇندا بولۇشى كېرەك. (3) دۇخاندىن بۇگۇرگە تۇتۇشىدىغان يەنى كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ ماڭىدىغان شىمالىي يىپەك يولىغا جايلاشقان بولۇشى كېرەك. يۇقىرىقىلاردىن باشقا پايتەخت بولغان شەھەرنىڭ ئىسمى كروران بولۇشى كېرەك. يىل دەۋرى مەسىلىسىدە شەھەرنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلدىن بۇرۇن بولۇشى كېرەك دېگەنلەردىن ئىبارەت. مېنىڭ قارىشىمچە كروران ئېلىنىڭ پايتەختى كروران شەھرى قەلئەسى ياكى ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا بولۇشى كېرەك. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلى كروران ئېلى پارچىلانغاندا چەرچەن خانلىقى هازىرقى چاقىلىق بازىرى ئەتراپىدىكى قاغان شەھرىنى پايتەخت قىلغان، كروران خانلىقى بولسا تاكى 2 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى چەرچەن خانلىقى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغانغا قەدەر كروراننى پايتەخت قىلغان، چەرچەن خانلىقى كروران خانلىقنى ئۆز ھاكىمىيىتىگە ئالغاندىن كېيىن پايتەختنى كرورانغا يۆتكىگەن. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى بىر قانچە پاكىتلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بىرىنچى: كروران تاش قوراللار دەۋرىدىن تارتىپ ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايوننىڭ بىر قىسمى بولۇپ هازىرچە بۇ شەھەرنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنلا قۇرۇلغانلىقنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىپ بېرىدىغان نەق قولىمىزغا چىقىدىغان پاكىت بولمىسىمۇ مۇشۇنداق بىر شەھەرنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىمىز، چۈنكى «تارىخىي خاتىرىلەر» دە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ باياندا كروران شەھرى بىلەن قۇسنىڭ لوپ كۆلىگە يېقىن ئىكەنلىكىنى ۋە كروران ئېلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايان قىلغان. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى كروران شەھرىنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنلا مەۋجۇتلۇقىنى، بۇ شەھەرنىڭ لوپ كۆلىگە يېقىن جايلاشقانلىقىنى، يەنى بىز هازىر كروران شەھرى خارابىسى دەپ قاراۋاتقان خارابىلىكلەرنىڭ كروران شەھرى خارابىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز مىلادىيىدىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى دەپ قاراۋاتقان كروران شەھرى خارابىسىنىڭ بۇرۇندىنلا كروران دەپ ئاتالغانلىقىنى مۇشۇ شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان خەنزۇچە ۋە قارۇشتىچە پۈتۈكلەرمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ شەھەر خارابىسىنى مىلادىيىدىن بۇرۇنلا قۇرۇلغان شەھەر كروران شەھرى دەپ ئاتالغان، كروران ئېلىنىڭ پايتەختىدۇر دەپ قارايمىز. خەنزۇچە يازمىلاردا چەرچەن خانلىقى قۇرۇلغان چاغلاردا ئۇنىڭ ئايرىم پايتەخت قۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پاكىتلارنى بىز يۇقىرىقى ستاتىيىلەردە كۆرۈپ ئۆتتۇق. خان ئۇتۇش خانلىق تەختكە چىققىنىدا ئالدى بىلەن خەن سۇلالىسىدىن ئۆز هىمايىسىگە ئېلىپ مۇھاپىزەت قىلىشنى، ئىشەم يەنى هازىرقى مىرەن ئەتراپلىرىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلدى، ئۇ ئاساسلىقى كروران خانى ئامگوكانىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورققانلىقىدىن بولغان. ئاۋادا پايتەخت داۋاملىق كروراندا بولغان بولسا ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىدىغانلار مىرەندە بولسا تۈز سىزىقلىق ئارىلىقىمۇ 200 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان تۇرسا ئەمەلىيەتتە خاننى قوغداش قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بەزى ئالىملارنىڭ هازىرقى چاقىلىق بوستانلىقىغا جايلاشقان قاغان شەھرى چەرچەن خانلىقىنىڭ 3 ـ ئەسىرگە يېقىن پايتەختى بولغان دەپ قارايمىز، مۇشۇنداق بولغاندا «خەننامە» دىكى «چەرچەن خانلىقىنىڭ ئەسلى نامى كروران بولۇپ خانى قاغان شەھرىدە تۇرىدۇ» دېگەن بايانغا توغرا كېلىدۇ. «خەننامە» دە شۇ ۋاقىتتىكى غەربىي دىيار ھەققىدە مول بايانلار بار بولۇپ تەپسىلاتلىرى هازىرقى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە ماس كېلىدۇ. خانلىق نوپۇس مەلۇماتلىرىدىن تارتىپ خاتىرىلەنگىنى، مۇشۇ ۋاقىتلاردا خەن سۇلالىسىنىڭ چەرچەن خانلىقىنى تىكلەشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى، ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشلىرىغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ چەرچەن خانلىقىنىڭ پايتەختىنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ دېيەلمەيمىز، بىز پەقەت مۇشۇ ۋاقىتتا خانىدانلىق پايتەختى كروراننىڭمۇ نامىنى قاغان شەھرى دەپ ئۆزگەرتىۋەتمىگەن بولسىلا خەنزۇچە، قارۇشتىچە پۈتۈكلەردە 打泥, 楼兰, khani, kroraina نامىلىرىنىڭ كۆرۈلۈشى بۇ خىل ئېھتىماللىقنىمۇ يوققا چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى چەرچەن خانلىقىنىڭ پايتەختى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلدىن مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە قاغان شە-

ھىرى (打泥 ,khani يەنى ھازىرقى چاقىلىق بازىرى بوسـ
تانلىقى ئەتراپىدا) بولغان. چەرچەن خانلىقى قۇرۇلغاندىن
كېيىن خەنزۇچە مەنبەلەردە گەرچە كروران ئېلىنىڭ نامى
زىكرى قىلىنماستىن كروران شەھىرىلا تىلغا ئېلىنغان بولسـ
مۇ چەرچەن نامىنى چۈشەندۈرۈشتە «ئەسلىدىكى كروران
دۇر» دەپ ئىزاھات بېرىلىشى شەكسىزكى چەرچەن خانلىقـ
نىڭ نامىنىڭ كروراننىڭ نام شۆھرىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى
كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كروراننىڭ ئۇلۇغ نام شۆھرىتى ئاخىرـ
قى ھېسابتا چەرچەن خانلىقىنىڭ خانلىرىنىڭ پايتەختىنى
كرورانغا يۆتكىشىگە سەۋەب بولغان بولسا كېرەك. «ۋېي
سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخىي» دا يېزىلغىنىدەك چەرچەن
خانلىقى كۈچىيىپ نۇرغۇن ئەللەرنى ئۆز ھاكىمىيتىگە
ئالغان. «خەننامە» دە ئۇنىڭ «... ئەندىر، نىيە، يول ئارىش
بەگلىكى، سارمادانلار چەرچەن بەگلىكى تەرىپىدىن قوشۇۋېـ
لىندى» دېيىلگەن بولسا «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تەزكـ
رىسى» نىڭ 30 ـ جىلدىدا «جەنۇبىي يولدىكى سارمادان
ئېلى، ئەندىر ئېلى، چادوتا (نىيە) ئېلى، كروران ئېلى قاتارـ
لىقلارنى چەرچەن ئېلى ئۆز ئىدارىسىگە ئالغان» دەپ يېزىلـ
غان. مانا مۇشۇنىڭغا ئاساسەن بىز كروران ئېلىنى مىلادىيە
3 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاندىن چەرچەن ھاكىمىيتىگە
قارىغان دەپ ئېيتالايمىز. ئۇنداقتا بىز نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى
پايتەختىنى كروران شەھىرىگە يۆتكىگەن دەپ قارايمىز؟ بۇـ
نىڭغا ئەينى ۋاقىتتىكى چەرچەن خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت يېـ
زىقى بولغان قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردە كروران شەـ
ھىرىنىڭ پايتەخت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۇـ
چۇرلار بار. بۇ ھەقتە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن پروفېسسور
خۇاڭ شېڭجاڭ ئەپەندى قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنى
تەرجىمە قىلىشتا بەزى پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى بايقاش بىلەن
بىرگە ئاز دېگەندىمۇ 6 پارچە پۈتۈكتە كروراننىڭ پايتەخت
ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ
بۇ ماقالىسى «غەربىي دىيار تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ
يىللىق 1 ـ سانىدا «تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىرغىقـ
نىڭ دەسلەپكى ئاھالىلىرى» بولۇپ ئۇ قارۇشتى پۈتۈكىدىـ
كى mahatma nagar krorayina دېگەن ئىبارىنىڭ ئۇلۇغ
پايتەخت كروران دېگەنلىك بولىدىغانلىقىنى، kh.678 نوـ
مۇرلۇق پۈتۈكتىمۇ كروران پايتەخت دېگەن (گەرچە
كروران دېگەن نام ئەسلى تېكىستتە بولسىمۇ ئۇنى ئىنگلىزـ
چىغا تەرجىمە قىلغاندا تەرجىمە قىلىنمىغان دەيدۇ) ئىبارىلەرـ
نىڭ بارلىقىنى يازىدۇ. قارۇشتى پۈتۈكلىرىدە 6 قېتىم ئۇلۇغ
ئاستانە نامى بار بولۇپ ئۇنىڭ بەشىدە ئوردا نامى بىلەن
قوشۇپ ئېلىنغان بولسا بىرىدە ئۇلۇغ ئاستانە نامى بىلەن
كروران نامى ئۇلاپ يېزىلغان. قارۇشتى پۈتۈكلىرىدە
kroraimna. kroraiyina ناملىرى 370، 670، 678،
706، 383، 696 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكلەردە كۆرۈلگەن
بولۇپ ھەممىسىدە كروران شەھىرىنى كۆرسەتكەن، ئەمما
ھېچ بىرىدە ئاياق مەنىسىدىكى raya قوللىنىلمىغان، raya
نىڭ مەمۇرىي باشلىقى Cojhbo مۇ قوللىنىلمىغان. يەنە
بىر قارۇشتىچە پۈتۈكنى مىسال قىلىدىغان بولساق مۇنداق
maya maharaya kroraimnammi caraka ni gotha
kamjakara edaga ئالىيلىرى ئۇلۇغ خاقان كرورانىدا ...
مۇشۇ پۈتۈكتىمۇ يۇقىرىقى ئۈچ سۆز باغلىنىپ كەلگەن.
پروفېسسور خۇاڭ شېڭجاڭ ئاخىرىدا «بۇ ئىككى قارۇشتى
پۈتۈكنىڭ دەۋرىدە چەرچەن دۆلىتىنىڭ پايتەختى كروران
شەھىرىدەدۇر، ئەمما پۈتكۈل قارۇشتى يېزىقلىرى دەۋرىگە
ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، چەرچەن دۆلىتىنىڭ پايتەختى قاچان
ۋە نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە يۆتكەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.
400 ـ يىلى فاشەن غەربكە نوم ئالغىلى ماڭغاندا ئۆتكەن
ئوتتۇرا يولنىڭ چەرچەن ئېلىدىن ئارىسى ـ ھازىرقى قارا
شەھەر ئېلى بۆلىكىدە چەرچەن ئېلىنىڭ پايتەختى ‹ۋېي
سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى› دە يېزىلغان قەدىمكى
كروران بىلەن يۇقىرىقى ئىككى قارۇشتىچە پۈتۈكتىكى
ئۇلۇغ ئاستانە كروران ئۆز ئارا ئىسپاتلىنىدۇ» دەپ يازىدۇ.
ئالىم ئاخىرقى ھېسابتا مىلادىيە 400 ـ يىلى چەرچەن خانـ
لىقىنىڭ پايتەختى كروران شەھىرىدە ئىدى، راھىب فاشەن
مۇشۇ شەھەردىن ئۆتكەن دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرـ
دۇ، مۇنداق بولغاندا بىز كروران شەھىرىنىڭ ۋەيران
بولغان يىل دەۋرىنى 5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ياكى ئاـ
خىرلىرى دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىزگە بولىدۇ،
بۇ بىزنىڭ ئايرىم مۇھاكىمە تېمىمىز بولغىنى ئۈچۈن ھازىرـ
چە پايتەخت مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىمىز. بىز يۇقىرىقى
مۇھاكىمىلىرىمىزدىن خۇلاسە چىقىرىدىغان بولساق كروران
ئېلىنىڭ پايتەختى كروران شەھىرى بولۇپ ياكى 3 ـ ئەـ
سىرلەرگىچە شۇنداق بولغان، چەرچەن خانلىقى قۇرۇلغاندا
ئۇ ھازىرقى چاقىلىق بازىرى ئەتراپىدىكى قاغان شەھىرىنى
پايتەخت قىلغان بولۇپ 3 ـ ئەسىردە بۇ خانلىق كروران
خانلىقىنى ئەلتۈكۈس يوقىتىپ، ئۆز ھاكىمىيتىنى تىكلىگەنـ
دە پايتەختىنى كرورانغا يۆتكىگەن. بۇنى قارۇشتى پۈتۈكلەـ
رى ئىسپاتلايدۇ، ئەمما بۇنى ھەرگىزمۇ خەنزۇچە مەنبەلەردە
خاتىرىلەنمىگەن دەپ ئىنكار قىلىپ يۈرمەيمىز، بۇ خانلىق
پايتەختىنى كرورانغا يۆتكەپ تاكى 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىـ
غىچە ئۆز سەلتەنەتىنى سۈرگەن بولسىمۇ 5 ـ ئەسىرگە كەلـ
گەندە ئىلگىرى كېيىن قۇتقۇ ئەنجۇ، تۈيغۇن، رورانلارنىڭ،
دىڭلىڭلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلى ۋەيران بولۇپ يەـ
مىرىلدى، خانلىق سەلتەنىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە پايـ

تەختنى قاغان شەھرىگە قايتىدىن يۆتكىگەن بولىشىمۇ
مۇمكىن.

بىز ھازىر كروران شەھرى دەپ قاراۋاتقان LA ۋە
ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خارابىلىكلەردىن تېپىلغان يازما پۈتۈك-
لەردىن مۇشۇ تەكشۈرۈشلەردە بايقالغان يازمىلار ئىچىدە
خەنزۇچە 楼兰 دېگەن جاي نامىرى بارلىرىدىن 17 دانە،
قارۇشتىچە پۈتۈكلەردە kroraina دېگەن نام بارلىرىدىن 6
سى تېپىلغان (قارۇشتى يېزىقىدىكى كروران نامى بار پۈ-
تۈكلەردىن ئىككىسى LA خارابىسىدىن، بىرى LB خارابى-
سىدىن تېپىلغان، بۇلاردىن kh.706, kh.678, kh.696
لار ئەڭ مۇھىم بولۇپ مۇشۇ ئۈچ ۋەسىقە LA خارابىسىنىڭ
كروران شەھرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، خەنزۇچە
پۈتۈكلەردىن LA خارابىسىدىن 楼兰 جاي نامى بار پۈ-
تۈكتىن جەمئىي 17 سى تېپىلغان). مانا بۇلار بىر جاي نا-
مىنىڭ ئىككى خىل يېزىقتىكى خاتىرىسى بولۇپ بۇلار LA
خارابىسىنىڭ كروران شەھرى قەلئەسى ئىكەنلىكىنى،
يەرلىك خەلقنىڭ يۇرتىنى كروران دەپ ئاتىغانلىقىنى، خەن-
زۇچە مەنبەلەرگە تەلەپپۇزى بىلەن 楼兰 دەپ تەرجىمە قى-
لىنغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئالىملار 1901 ـ يىلى-
دىن بۇيان مۇشۇ خارابىنىڭ كروران دەپ ئاتالغانلىقىنى
ئىسپاتلاپ چىققان بولۇپ بۇنى ئاغدۇرۇۋەتكۈدەك پاكىت
ئوتتۇرىغا چىققىنى يوق، پروفېسسور خۇاڭ شېڭجاڭ ئەپەن-
دى تېخىچە بايقالمىغان ئەمما كروران بولۇشى ئېھتىماللىقى
بولغان شەھەر خارابىسىنىڭ بولۇشىنىڭ ئېھتىمالدىن يىراق-
لىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

كرورانىنىڭ پايتەختى مەسىلىسىدە خۇاڭ شېڭجاڭ
ئەپەندىنىڭ بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاپ چىقىشتا ئوتتۇرىغا
قويغان فورمۇلىسى مۇۋاپىق بولۇپ بۇنىڭغا بىردىنبىر توغرا
كېلىدىغىنى كروران شەھرى خارابىسى يەنى شەرتلىك
بەلگە بىلەن كۆرسەتكەندە LA خارابىسىدىن ئىبارەت.
ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى «خەننامە» ۋە «تارىخى
خاتىرىلەر» دىكى مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار جۈملىدىن لوپ
كۆلى بويىغا جايلاشقان بولۇش، يىپەك يولىنىڭ شىمالىي
تارمىقىغا جايلاشقان بولۇش مەسىلىلىرىگە بىردىنبىر ئۇيغۇن
كېلىدىغان شەھەردۇر. شەھەرنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 77
ـ يىلىدىن بۇرۇن قۇرۇلغان بولۇشى لازىم دېگەن مەسىلىدە
قاراشلار بىر قەدەر مۇھىم مەسىلە بولۇپ كرورانىنىڭ پاي-
تەختلىك مەسىلىسىنى ئېنىقلاش قىلغۇچىلارنىڭ ئاساسىي تۇت-
قۇسى بولۇپ قالغان، بۇنىڭدىكى سەۋەب بۇ شەھەرنى مىلا-
دىيىنىڭ بېشىدا قۇرۇلغان، تېپىلغان يادىكارلىقلار مىلادىيە-
نىڭ بېشىغا مەنسۇپ دېگەندىن ئىبارەت. بۇنىڭدا بىر قانچە
مەسىلە بار. بىرىنچى، بۇ ئەتراپتا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئو-
لوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر يېتەرلىك ئەمەس، پەقەت خارابى-
لەرنى ئىزدەش، رەتلەشتىن ئىبارەت بولۇپ لوپ كۆلى رايو-
نىدىكى تەكشۈرۈشكە سەرپ قىلىنغان ۋاقىت 1901 ـ يىلى-
دىن ھازىرغىچە ئاران بىرئاي بولغان. ئىككىنچى، شەرقىي
شىمال بورىنىنىڭ يىمىرىشى نۇرغۇن تارىخىي ئىزلارنى يوق
قىلغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ ھەقتە پروفېسسور خۇاڭ
شېڭجاڭ ئەپەندى تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ مۇنداق دەپ يا-
زىدۇ:«ئېكولوگىيە ۋە خارابىلەرنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالىدىن
ئېيتقاندا LA شەھرىنىڭ ھازىر ساقلانغان قۇرۇلۇشى،
چىققان پۈتۈكلەر ئاساسلىقى ۋېي، جىن، ئالدىنقى لياڭنىڭ
غەربىي دىيار قۇرۇقچى بەگ مەھكىمىسى دەۋرلىرىگە توغرا
كېلىدۇ. بۇ كېيىنكى بىر دەۋر يالداملىرىنىڭ ساقلىنىشىدۇر.
خەن دەۋرىدىن ۋېي، جىن دەۋرلىرىگىچە 4 ـ 5 يۈز يىل
ئۆتكەن بولىدۇ. بۇرۇنقى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئورنىنى يېڭى قۇ-
رۇلۇشلار ئالىدۇ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى كونا قۇرۇلۇشلار
ئازلاپ بارىدۇ، يەنە كۈچلۈك شەرقىي شىمال بورىنى شە-
ھەرنىڭ ئىچىدىكى تۇپراقنى ئۇچۇرتۇپ ئەڭ چوڭقۇر بول-
غانلىرى 6.08 مېترغا يەتكەن، ئەڭ بوش ئۇچۇرتقان يەر-
لىرىمۇ 3.7 مېتىر بولۇپ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.21
مېتىر، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.3 سانتىمېتىر تۇپراق-
نى ئۇچۇرتۇپ كەتكەن، ئەينى ۋاقىتتىكى LA شەھرىدىكى
ئۆي، دەل ـ دەرەخنىڭ قوغدىشىنى ئەڭ كىچىك قىلىپ %
10 بويىچە ھېسابلىساق 2000 يىلدا 6 مېتىر تۇپراقنى خو-
راتقان بولىدۇ».

ستەيىن LE شەھرىنى شامالنىڭ يالاپ 20 ئىنگلىز-
چىسى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى يازغان، ئۇ يەنە ۋاش-
شەھرى كونا شەھەر خارابىسىنى كۆرگىنىدە خارابىلەرنىڭ
ساقلىنىپ قالغان قىسمى پەقەت يۇلغۇن دۆۋىسىنىڭ يېنىدا
ئىكەنلىكى، بۇنىڭ سەۋەبى يۇلغۇن دۆۋىسىنىڭ خارابە ئىزد-
نى ساقلاپ قالغانلىقىدىن بولغانلىقىنى يازغان، مانا بۇلاردىن
قارىغاندا ستەيىن شامالنىڭ كونا شەھەرلەرنى ۋەيران
قىلىپ تۈگەتكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن («غەربىي دىيار
ئارخېئولوگىيىسىدىن خاتىرىلەر» 109 ـ بەت). بۇ ھەقتە
«چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە «لوپ كۆلى رايونىدا
شامال يالاپ كەتكەن ياردائىلىقلاردىن باشقا كۆل، سازلىقلار
ۋە نەم جايلاردىن ئەسەرمۇ قالمىدى، شالاڭ يېپىنچا ئۆسۈم-
لۈكلەر ئارقا ئارقىدىن قۇرۇپ كەتتى، ئۇ يەردە كۆز
يەتمەس شورلۇق مەنزىرە بارلىققا كەلدى، لوپ كۆلى رايو-
نى شامال كۆپ چىقىدىغان رايون. 1960 ـ يىلىدىن 1970 ـ
يىللىرىغىچە لوپ كۆلدە سۈرئىتى 10 مېتىر \ سېكۇنتلۇق
شامال چىققان كۈن 150 كۈنگە، سۈرئىتى 14 مېتىر \ سې-
كۇنتتىن يۇقىرى شامال چىققان كۈن 80 كۈنگە يەتتى،

شامال سۈرئىتى ئەڭ تېز بولغاندا 14 مېتىر \ سېكۇنتتىن
ئېشىپ كەتتى. بۇ رايوندا يەرلەرنى شامال يالاپ كېتىش
ئەھۋالى ئېغىر بولىدۇ، 1919 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلغىچە
بولغان 40 يىلدا بۇ رايوندا يەرلەرنىڭ شامالدا يالىنىش
چوڭقۇرلۇقى 5.3 مېتىرغا يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب
بىلەن 13.25 سانتىمېتىردىن توغرا كېلىدۇ... ياردائىلىق
ناھىيىنىڭ شىمالىدىكى لوپ كۆلى رايونىغا جايلاشقان، ئۇ
يەردە شامالدا يېمىرىلگەن كەڭ كۆلەملىك ياردائىلىقلار شە-
كىللەنگەن. ئۇ ئاساسەن، لوپ كۆلىنىڭ شەرق، غەرب،
شىمال تەرەپلىرىگە تارقالغان، بۇنىڭ ئىچىدە لوپ كۆلىنىڭ
شەرقىدىكى ياردائىلىق ئەڭ تىپىك. بۇ يېمىرىلگەن يەرنىڭ
شەرقتىن غەربكىچە كەڭلىكى تەخمىنەن 35 كىلومېتىر، جە-
نۇبتىن شىمالغىچە ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىر... لوپ كۆلى-
نىڭ شىمالىدىكى شامالدا يېمىرىلگەن توپا دۆڭلىرىدە يەنە
بىر خىل ئاجايىپ مەنزىرە ھاسىل بولغان، يېمىرىلگەن بۇ
يەرنىڭ كۆلىمى 2600 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ يې-
مىرىلگەن ئېگىز تۆپىلىكلەر بولۇپ، تۆپىلىكنىڭ ئېگىزلىكى
10 مېتىردىن 20 مېتىرغىچە كېلىدۇ. لوپ كۆلى رايونىدا
قاتتىق بوران چىقىپ تۇرغاچقا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن
ھەممىلا يەردە قاتار ـ قاتار تۆپىلىكلەر ۋە جىرالار پەيدا
بولغان». پروفېسسور خۇاڭ شېڭجاڭ «شامالنىڭ يالىشى
ھەققىدىكى ھەيران قالدۇرارلىق سان شەھەر ئىچىدىكى
ۋېي، جىن دەۋرلىرىدىن بۇرۇنقى ئىزلارنىڭ ئاز بولۇشىنى،
ئۇنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىشىنىڭ قىيىن بولىدىغانلىقىنى، بو-
لۇپمۇ ئەڭ بۇرۇن شامالنىڭ يالىشى، ئۇچۇرتۇشى يىل دەۋ-
رىنى ئېنىقلاشنى قىيىنلاشتۇرغان. يىل دەۋرىنى بېكىتىش-
تە شەھەر سېپىلىنىڭ قۇرۇلغان دەۋرى ھەل قىلغۇچ يىل
دەۋرى بولۇپ قالغان. 1980 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئار-
خېئولوگىيە شەھەر سېپىلىنىڭ كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان-
لىقىنى كۆرسەتتى، ئۇنداقتا بۇرۇنقى سېپىل قايتا قۇرۇلماس-
لىقى مۇمكىنمۇ؟ سېپىل ئۇلى ئېلمىي بولغان ئارخېئولوگىيە-
لىك تەكشۈرۈش قىلىنغىنى يوق»① دەيدۇ. ئارخېئولوگلار
يەنە كروران شەھىرى خارابىسىنىڭ شەھەر سېپىلىنىڭ قۇ-
رۇلۇشىنىڭ سەددىچىن سېپىلىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئوخ-
شىشىدىغانلىقىنى بايقىغان، مانا بۇلاردىن قارىغاندا سەددى-
چىن بىلەن كروران شەھرىنىڭ قەلئەسىنىڭ ئوخشاش
دەۋرلەردە قۇرۇلغانلىقىنىڭ يەنە بىر ئىسپاتى بولۇشى
مۇمكىن، بۇ يەردە يەنە بىر مەسىلىنى قوشۇمچە قىلىش
مۇمكىنكى شەھەر شەكسىزكى شەھەر سېپىلى قۇرۇلۇشتىن
بالدۇر قۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن، شەھەر سېپىلى ئەلۋەتتە
دۆلەت قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئۆزلىرى-
نى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن قۇرغان قۇرۇلۇشى بولۇشى
مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا مۇنداق ئىككى يەكۈن چىقىدۇ،
بۇنىڭ بىرى كروران شەھرىنىڭ دەۋرى كروران قەلئەسى-
دىن بۇرۇن بولۇپ شەھەرنىڭ مەلۇم كۆلەمگە ئېرىشىشى
بىلەن ئاندىن بۇ شەھەر سېپىلى بارلىققا كەلگەن، ھۆكۈم-
ران سىنىپ ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلۈك ۋە جىسمانىي بىخەتەر-
لىكىنى قوغداش ئۈچۈن سېپىل قۇرۇپ ئۆزلىرىنى قوغدى-
غان. ئىككىنچى بىر مەسىلە كروران شەھەر سېپىلىنىڭ قۇ-
رۇلۇشى كروران ئېلىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن كېيىن بولغان بولى-
دۇ. ھازىر بىزگە ئۇچۇر بەرگۈچى يازما پاكىتلار مىلادىيە-
دىن بۇرۇنقى 176 ـ يىلدىن بۇرۇن كروران ئېلىنىڭ ۋە
كروران شەھرىنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى، بىز
بۇلارنى كروران شەھەر سېپىلىنىڭ كۆپ قېتىم رېمونت قى-
لىنىشى ۋە شامالنىڭ تۇپراقنى ئۇچۇرتۇشى قاتارلىق مەسى-
لەرنى كروران شەھرىنىڭ ۋەيران بولغان دەۋرى بولغان
6 ـ ئەسىر بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق
كروران شەھرىنىڭ ۋە كروران ئېلىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىنى
تېخىمۇ بالدۇرغا، كېيىن بولغاندىمۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى
5 ـ، 4 ـ ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن دېگەن يەكۈنگە كەل-
تۈرىدۇ. كروران شەھرىنىڭ كۆلىمى مەسىلىسىدە ئىزچىل
تۈردە سېپىلىنىڭ كۆلىمى تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن، بۇ تولىمۇ
بىتەرەپلىمە قاراش بولۇپ شەھەر كۆلىمى كەم دېگەندىمۇ
100 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ھازىرقى ئارخېئولوگى-
يىلىك تەكشۈرۈشلەردە بايقالغان ئىزلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن
خەرىتىدىن بىز بۇلارنىڭ باغلىنىشىنى جۇملىدىن تۇتاش
كەتكەن شەھەر بوستانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ.
خۇاڭ شېڭجاڭ ئەپەندى « LE شەھرىنىڭ 4 تەرىپىنى سۇ
ئوراپ تۇرىدۇ، يەنە سۈنئىي قانال ئارقىلىق LA شەھرىگە
تۇتۇشىدۇ. LE شەھرى غەربىي دىيار دورغاپى باشقۇرۇشى-
دىكى ئېرىقچىلىق ئورنى بولۇپ سىياسىي، ھەربىي ئىشلار
جەھەتتىن LA شەھرىنىڭ قارمىقى بولۇپلا قالماستىن شە-
ھەرلىك فۇنكسىيىسى جەھەتتىنمۇ LA شەھرىگە بويسۇنى-
دۇ، LA شەھرىگە تۇتاشقان قانال بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.
LA شەھرى دەريا بوغۇزىدىكى ئۈچ بۇرجەك رايونغا
جايلاشقان بولۇپ قەدىمكى كروران بوستانلىقىدىكى ئەڭ
چوڭ، تەبىئىي شارائىتى ئەڭ ئەۋزەل شەھەردۇر، شۇڭا سى-
تەيىن بۇ شەھەرگە LA نى شەرتلىك بەلگە قىلغان، ئۇنىڭ
ئەتراپىدىكى خارابىلەر LA شەھرىگە تەۋە بولغان. سىتە-
يىن بۇ خارابىلەرنى جەنۇب ۋە شىمال ئىككى گۇرۇپپىغا
ئايرىيدۇ، جەنۇبى گۇرۇپپا LA شەھرىنى مەركەز قىلغان
ھالدا ئەتراپىغا تارالغان بولۇپ LG, LD, LC, LB قاتارلىقلار
بار. شىمالىي گۇرۇپپىدا LJ دىن باشلاپ غەربكە LE, LF ,
LT, LS, LL قاتارلىقلار بار. قانال LA ئۈچۈن خىزمەت

قىلغان، مۇشۇ ئېھتىياج بىلەن قېزىلغان»② دېيىلگەن. مانا
مۇشۇلارنىڭ ئۆزىمۇ كروران شەھىرىنىڭ كۆلىمىنىڭ ناھايە-
تى چوڭلۇقىنى، ئۇنىڭ كۆلىمىگە پەقەت كروران شەھىرى-
نىڭ قەلئەسىنى ھېساب قىلىش زور خاتالىق ئىكەنلىكى ناما-
يان بولىدۇ. بىز مانا بۇلارغا ئاساسەن كروران شەھىرىنىڭ
كۆلىمىنىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغانلىقىنى
جەزملەشتۈرىمىز، شۇنچىلىك چوڭ كۆلەمدىكى شەھەرنى
پايتەخت قىلغان كروران دۆلىتىنىڭ قانچىلىك تەرەققىيات ۋە
تارىخىي باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ئىلمىي پەرەز
قىلىش مۇمكىن.

## كروران قاچان، قانداق سەۋەب بىلەن ۋەيران بولغان؟

كرورانىنىڭ قاچان قۇرۇلغان شەھەر ئىكەنلىكىدە مەلۇ-
مات يوق، لېكىن بىز پاكىتلارغا ئاساسەن بۇ شەھەرنىڭ مى-
لادىيىدىن خېلى بۇرۇنلا قۇرۇلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا ھەق-
لىقمىز. چۈنكى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىكى ۋەقە-
لەرگە چېتىلغان كروران لوپ كۆلىگە يۈزلىنىپ تۇرىدىغان
شەھەر شۇنداقلا كروران دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئىدى، بىز
مانا مۇشۇلارغا ئاساسلىنىپ بۇ شەھەرنىڭ مىلادىيىدىن بۇ-
رۇنقى 2 ـ ئەسىردىن خېلى بۇرۇنلا قۇرۇلغان بىر شەھەر
ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىمىز. بۇ شەھەر ئەتراپىدىكى
ئۈچ بۇرجەك رايون يەنى كۆنچى ۋە تارىم دەريا ئەتراپلىرى
پەيدا قىلغان بوستانلىقلار ناھايىتى قەدىمكى دەۋردە، كېيىن
دېگەندىمۇ تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپ ئىنسانلارنىڭ پا-
ئالىيەت ئورنى بولۇپ تۇرغان، شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ئىن-
سانلار كۆچۈم ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتۈشتىن باشلاپ تەدرى-
جىي شەھەر بارلىققا كەلگەن. بىز چەكلىك ئارخېئولوگىيە-
لىك تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسەن بۇ شەھەرنىڭ خارابىسىدىن
مىلادىيىدىن بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ ئىزلار بايقالمىدى
دەپ قاراپ شەھەر خېلى بالدۇرلا قۇرۇلغانلىقىنى ئىنكار
قىلساق ئاقىلانىلىك بولمايدۇ. بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ
نۇرغۇن ئىزلىرىنىڭ قاتتىق شەرقىي شىمال بورىنىدا يېمىرى-
لىپ يوقالغانلىقىنى ھېچبىركىشى ئىنكار قىلمىسا كېرەك، بىز
ھازىر ئۇچراتقان ئىزلار ئاساسەن ئېگىزلىكلەرگە جايلاشقان،
ئەجابا بىز كۆرۈۋاتقان ئىزلاردىن باشقا جايلاردا ئەزەلدىن
ھېچقانداق بىرەر ئىز يوق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ يەنە بىر جە-
ھەتتىن ئېيتقاندا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشنىڭ يې-
تەرلىك بولماسلىقى بىزنى بەزى قىممەتلىك ئۇچۇرلارغا
ئېرىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلغان بولسا كېرەك.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ناۋادا «تارىخىي خاتىرىلەر» دىن
بۇرۇنراق يېزىلغان بىرەر ئەسەر بولغىنىدا، يەنە كېلىپ
كروران ئەتراپلىرىدا يۇرتلارنىڭ بارلىقى ھەققىدە ئۇچۇر
قالدۇرۇلغان بولسا، بىز شەكسىزكى كرورانىدىن ئىبارەت بۇ
شەھەرنىڭ بولغانلىقىدىن، ئۇنىڭ تارىخىنىڭ تېخىمۇ ئۇزۇن-
لۇقىدىن خەۋەر تاپقان بولار ئىدۇق، ھازىرقى گەپ پەقەت
ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرگە ئاتالغان تارىخ كىتابىنىڭ كەمچىل
بولغانلىقىدا، خالاس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېھتىمالىمىزكى
كروران شەكسىزكى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىنمۇ
بۇرۇن قۇرۇلغان بىر قەدىمكى شەھەر ئىدى.

كرورانىنىڭ ۋەيران بولغان دەۋرى ھەققىدە بىر قەدەر
ئومۇملىشىۋاتقان قاراش مىلادىيە 4 ـ ئەسىر يەنى 330 ـ
يىللار ئەتراپىدۇر، بۇنىڭ دەۋر ئۆلچىمى پەقەت خەنزۇچە
يادىكارلىقلارنىڭ خاتىرىلەنگەن ئەڭ ئاخىرقى يىل چېكىنىڭ
330 ـ يىلى بولغانلىقىدىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ بىر
تەرەپلىمە قاراش بولۇشى مۇمكىن، بىز بۇنىڭغا چەرچەن
خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت يېزىقلىق رولىنى ئويىنغلى بىر ئە-
سىردەك بولغان يېزىقمۇ قانداق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان
بولسا شۇنداق تۇيۇقسىز يوقالدى، بۇمۇ بىر تارىخىي سىر
بولۇپ قالدى، ئۇنداقتا بىز قارۇشتى يېزىقىنىڭ يوقىلىشىنى
نېمىنىڭ دەۋر چېكى قىلىپ ئالىمىز؟ پروفېسسور خۇاڭ
شېجاڭ ئەپەندى بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك
400 ـ يىلى راھىب فاشەننىڭ قاراشەھەرگە بېرىشىدا
ئۆتكەن شەھەرنىڭ باشقا جاي ئەمەس دەل كروران ئىكەن-
لىكى پاكىتلارغا قارىغاندا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى
مۇمكىن. ناۋادا مۇشۇ قاراش يەنىمۇ ئىسپاتلىنىدىغان بولسا
400 ـ يىلى ئەتراپىدا كروران شەھىرى ئىنتايىن گۈللەن-
گەن، 4000 دىن ئارتۇق ھىنايانا راھىبى بار بىر چوڭ
شەھەر ئىكەنلىكى بىزنى ئىشەنچ تۇرغۇزۇشقا ئېلىپ بارىدۇ،
مۇشۇنداق بولغاندا 5 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ياكى 6 ـ
ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاندىن كروران شەھىرى ۋەيران
بولغان بولۇشى مۇمكىن، 445 ـ يىلى خاقان بەگرۇڭ
كروران (توغرىراقى ئاشۇ دەۋر يادىكارلىقلىرىدا يېزىلغان
چەرچەن خانلىقى) ئاھالىسىنىڭ يېرىمىنى باشلاپ سارمادان
شەھىرىگە قاراپ كۆچكەنلىكىنى ئالساق، شۇ ۋاقىتتا كەم
دېگەندىمۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ يېرىمى 4000 ئائىلىدەك نو-
پۇسنىڭ قالغانلىقى ئاشكارا بولىدۇ. ئارخېئولوگلار شەھەر
خارابىلىرىدە بەزى ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە مال ئېغىلى قىلىپ
پايدىلىنىلغانلىقىنى بايقىغان، 10 ـ ئەسىردە مۇشۇ رايوندى-
كى كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە مۇشۇ يۇرتنىڭ روروۋناتا دېگەن
جاي نامىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى بۇ رايوندا ئۇلارنىڭ ئىزد-
نىڭ دەرھاللا ئۆچۈپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز، بىز بۇ
جايدا گەرچە شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا ھاياتلىقنىڭ

تاكى 10 ـ ئەسىرگىچە ئۈزۈلمىگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسەكمۇ بۇ شەھەرنىڭ شەھەر بولۇش تارىخىنىڭ كېيىن دېگەندىمۇ 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاخىرلاشقانلىقىنى جەزملەشتۈرىمىز.

كروران شەھىرى قانداق سەۋەب بىلەن ۋەيران بولغان؟ بۇ ھەقتە ئالىملارنىڭ قاراشلىرى ھەرخىل، جۈملىدىن يىپەك يولىنىڭ ئۆزگىرىشى، دەريانىڭ ئېقىن يۆتكىشى، ياتلارنىڭ تاجاۋۇزى، كىلىماتنىڭ قۇرغاقلىشىشى... دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن قاراشلار ئوتتۇرىغا چۈشتى. بىز بۇ ھەقتە چوڭقۇرلاپ مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان بولساق، كروراننىڭ يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى ئىكەنلىكىدە شەك يوق، ئەمما يىپەك يولى بۇ يەردىكىلەرنىڭ بىردىنبىر ھاياتلىق يولى ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قاراشنى قەتئىي رەت قىلىمىز. ياتلارنىڭ تاجاۋۇز مەسىلىسىگە كەلسەك بۇمۇ تامامەن مۇمكىن، لېكىن يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان بۇ شەھەرنى تالاشقۇچى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك ئورنىنى ئويلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىشىدە ئۇنى باقىدىغان ئىشلەمچى ئاھالىنىڭ بولۇشى زۆرۈر، يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇز نۇقتىسىدىن قارىغاندا ھونلار، خەنزۇلار، سىيانپىلار، تۇخرىلارنىڭ تاجاۋۇز قىلغانلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر بار، بۇلارنىڭ ھېچ بىرىدە ئاھالىنى قىرغىن قىلىپ تۈگەتكىنى ياكى يۇرت ماكانىدىن ھەيدىۋەتكىنى ھەققىدە ئۇچۇر يوق، شۇڭا بىزنىڭ بۇ قاراشنى قوللىمايدىغىنىمىز ئېنىق. تۇپراقنىڭ شورلىشىش مەسىلىسىمۇ بەك ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالمايدىغىنى ئېنىق، چۈنكى بۇ يەردىكى ئاھالىلەر بېلىقچىلىق قىلىش بىلەن دېھقانچىلىقنى تەڭ ئېلىپ بارغان، چارۋىچىلىقمۇ مۇئەييەن نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ، ئۇيغۇرلاردا ھازىرغىچە شورنى ئېقىتىپ تۇپراقنى ياخشىلاش ئادىتى ساقلىنىپ قالغان، شۇڭا ئېيتالايمىزكى تۇپراقنىڭ شورلىشىپ كېتىشى بۇ شەھەرنىڭ تاشلىنىپ قېلىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل بولالمايدۇ. ئۇنداقتا بۇ شەھەر قانداق سەۋەب بىلەن تاشلىنىپ قالغان؟ ھازىرقى ئەھۋاللارغا قارىغاندا بۇ قۇرغاق رايوننىڭ ھايات ماماتىنى بەلگىلەيدىغان سۇ، دەريا ـ ئېقىن ۋە كىلىمات بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئومۇمەن ھەل قىلغۇچ ئامىل شۇكى مۇشۇ رايونغا كېلىدىغان سۇنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىش قالماسلىقى بۇنىڭدىكى بىردىن بىر ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە تارىم ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيىنىڭ ئېقىپ كېلىش كەلمەسلىكى كروراننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش تۇرماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ، شۇڭا ئېيتىش مۇمكىنكى مۇشۇ ئىككى دەريانىڭ كروراننىڭ ھاياتلىق مەنبەيى ئىكەنلىكىدەك شەك يوق. ئەمدى مۇشۇ ھەل قىلغۇچ ئىككى دەريا شۇ ۋاقىتلاردا زادى ئېقىن يۆتكىگەنمۇ، ئېقىنى قىسقىراپ كەتكەنمۇ بۇنى بىر نەرسە دەپ بولمايدۇ، بەزىلەر بۇ ھەقتە تەتقىقات يۈرگۈزگەندە ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەيدۇ، بۇنى كونكرېتراق ئېيتقاندا تارىم ۋە كۆنچى دەريا ۋادىلىرىدا تېرىقچىلىق كۆلىمى زورىيىپ بۇ يەرگە ئېقىپ كېلىدىغان سۇنى توسۇپ قالغانلىقتىن دەريا ئېقىنى قىسقىراپ بۇ يەرگە كېلىدىغان سۇ ئۈزۈلۈپ قېلىپ ئاندىن ۋەيران بولۇپ كەتكەن دەپ قارايدۇ، بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار ھازىرقى ھالەتكە قاراپ ئەينى ۋاقىتتىكى تارىختىن خەۋەرسىزلا چىقارغان ھۆكۈم بولسا كېرەك. بۇ جەھەتتىن شا شۇنچېڭ، فەن زىلى قاتارلىقلارنىڭ تەتقىقاتىدىكى مۇنۇ بايانلىرىنى ئەسلىتىش كۇپايە قىلسا كېرەك. «ئازادلىقتىن كېيىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 1949 ـ يىلىدىكى 10 مىليون 600 مىڭ مودىن 1980 ـ يىلىغا كەلگەندە 19 مىليون 300 مىڭ موغا كۆپەيگەن، ساپ كۆپەيگىنىلا 8 مىليون 700 مىڭ مو. بۇ يېڭى ئېچىلغان بوز يەر كۆپىنچە ئەسلىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ چەت ياقىلىرىغا جايلاشقان، ئەسلىدىكى بوستانلىقلار كۆلىمى زور دەرىجىدە كېڭەيدى، مۇشۇ كۆپەيگەن تېرىلغۇلارنى سۇغىرىش ئۈچۈن ئېرىق چېپىلدى، دەريادىن تارتىلغان سۇلار سۇغىرىش تەلىپىنى قاندۇرۇلمىغانلىقتىن ئەتىيازدىكى تېرىلغۇدىكى قۇرغاقچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئېقىنلارنى تەگشەپ سۇ ئامبارلىرى قۇرۇلدى. پۈتۈن ئويمانلىقتا چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى سۇ ئامبىرىدىن 206 سى قۇرۇلدى، سۇ سىغىمى 30 مىليارد 800 مىليون كۇپ مېتىرغا يەتكەن. تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىدىلا چوڭ ياكى ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئامبىرىدىن 19 ئى قۇرۇلغان بولۇپ ئومۇمىي سىغىمى 920 مىليون كۇپ مېتىرغا يېتىدۇ». مانا بۇ سانلىق مەلۇمات 1980 ـ يىلغىچە بولغان ماتېرىيال بولۇپ بۇ ۋاقىتتا تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ قويۇلۇش ئورنى داشكۆل سۇ ئامبىرى بولغان، تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنى 300 كىلومېتىردىن ئارتۇق قىسقىراپ كەتكەن. 1949 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 3 مىليون 39 مىڭ 400 بولسا 1982 ـ يىلىغا كەلگەندە 6 مىليون 141 مىڭ 300 گە يەتكەن. بىز بۇ سانلىق مەلۇماتلار سېلىشتۇرمىسىنى بۇنىڭدىن 1000 نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى بىر قېتىم سادىربولغان بولۇپ ھازىر شۇ تارىخ تەكرارلاندى دېيەلمەيمىز، ئۇ ۋاقىتلاردىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ نوپۇسى ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ 2 مىليوندىن ئېشىشى ناتايىن. لوپ كۆلى ۋە تاتما كۆلى 1970 ـ يىللارنىڭ بېشىدا قۇرۇپ كەتكەن، شۇڭا ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ بۇ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇش ئۈچۈن ئەينى

تارىخىي دەۋردە 4 ـ 5 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇس بولۇشى كېرەك، لېكىن ئەينى دەۋردە ئۇنچىلىك نوپۇسنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا بولۇشى ئېھتىماللىقتىن تولىمۇ يىراق دەپ قارايمىز. ئۇنداقتا بىز يەنىلا دەريانىڭ ئېقىن يۆتكىشى ئېھتىماللىق بولۇپ قالىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئېكولوگىيىدە ئۆزگىرىش بولۇپ قۇرغاقچىلىق بولغانمۇ يوق؟ ھازىرچە بۇنى ئىسپاتلايدىغان يازما پاكىت يوق. ئالىملار شىنجاڭنىڭ كىلىمات تارىخىي ھەققىدە تەتقىقات يۈرگۈزگەن بولۇپ ئۇلار ئاساسەن يازمىلاردا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارغا ئاساسەن قىياس قىلىنغان. شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىن لى جياڭفېڭ ئەپەندى «شىنجاڭنىڭ 3000 يىللىق كىلىمات ئۆزگىرىشى» ناملىق ماقالىسىدە يېزىشىچە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى مىڭىنچى يىللاردا تېمپېراتۇرا ھازىرقىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3 ـ 4 گرادۇس يۇقىرى بولغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 246 ـ يىلدىن مىلادىيە 22 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تېمپېراتۇرا ھازىرقىدىن 1 گرادۇس يۇقىرى بولغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىرلەردە تېمپېراتۇرا ھازىرقىدىن 2 ـ 3 گرادۇس تۆۋەن بولۇپ ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولغان. مىلادىيە 4 ـ 5 ـ ئەسىرلەردە تېمپېراتۇرا بۈگۈنكىدىن 1ـ 2 گرادۇس يۇقىرى بولغان بولۇپ ئالىم ھۆل ـ يېغىن ئاز، سۇ قىسىلىشىپ كرورانغا ئوخشاش بىر تۈركۈم شەھەرلەر ۋەيران بولغان دەپ قارايدۇ. مىلادىيە 581 ـ يىلدىن 907 ـ يىلغىچە بولغان 300 يىلنىڭ 3\2 قىسىم ۋاقىتتا كىلىمات سوۋۇپ ھازىرقىدىن 1ـ 2 گرادۇس تۆۋەن، ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولغان. مىلادىيە 907 ـ يىلدىن 1368 ـ يىلغىچە بولغان دەۋردە بولۇپمۇ 13 ـ ئەسىرگىچە سوغۇق بولۇپ تېمپېراتۇرا ھازىرقىدىن 1 گرادۇس تۆۋەن بولغان ھۆل ـ يېغىن كۆپەيگەن، 1285 ـ يىلدىن باشلاپ 1290 ـ يىلغىچە قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن كىلىمات سوۋۇپ ھۆل ـ يېغىن كۆرۈنەرلىك كۆپەيگەن. 1368 ـ يىلدىن 1911 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كىلىمات سوۋۇشقا باشلىغان بولۇپ 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋام قىلغان. 1750 ـ 1769 ـ يىللىرىغىچە ھاۋا ئىللىپ 1770 ـ يىللىرىدىن باشلاپ 1790 ـ يىللىرىغىچە سوۋۇغان. 1791 ـ يىلدىن 1815 ـ يىلغىچە ئىللىغان. 19 ـ ئەسىردە ھاۋا سوۋۇغان بولسا 20 ـ ئەسىردە ئىللىق كىلىمات بولغان. بۇلار پەقەت پارچە خاتىرىلەر ئاساسىدا چىقىرىلغان يەكۈن بولۇپ بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭ بولۇپمۇ تارىم ۋادىسى دېڭىز ئوكيانلاردىن تولىمۇ يىراق يەنە كېلىپ تەڭرىتاغ، قاراقۇرۇم تاغلىرى، ئالتۇنتاغ قاتارلىق ئېگىز تاغلار قورشاپ تۇرغانلىقتىن تېپىك قۇرغاق كىلىماتلىق ئويمانلىققا، دوكتور ئەسەد سۇلايماننىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا باليايتقۇغا ئايلانغان، پەقەت غەرب بورىنىلا ھۆل ـ يېغىن پەيدا قىلىپ قار ـ مۇزجۇغلايدۇ. ئەمەلىيەتتە تارىم ۋادىسىنىڭ سۇ مەنبەيى ئاشۇ قار بىلەن قاپلانغان ئاقباش تاغلاردىن ئىبارەت. كىلىماتنىڭ بىر قانچە يىللىق ئۆزگىرىشى بۇ يەرنىڭ ئېكولوگىيىسىگە زور ئۆزگىرىشلەر ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن، بىز يۇقىرىدا كۆرگەن مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە كروران ۋەيران بولغان دېگەن يەكۈنلىرىمىز مۇشۇ ۋاقىتتىكى كىلىماتنىڭ ئىللىغانلىقىنىڭ دەلىلى بولۇپ قالدى، ئەمما بىز پاكىتلارنىڭ زورىيىشى بىلەن كرورانىنىڭ 4 ـ ئەسىردە ئەمەس بەلكى 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاندىن ۋەيران بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. كىچىك دەريا بويلىرىدا بايقالغان ئارخېئولوگىيىلىك ئىزلار 6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەردە گۈللىنىپ تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، كىچىك دەريا ئېقىنىدا سۇ بولغانلىقى شەكسىزكى سۇنىڭ كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىنىدا ئاققانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، بۇنداق بولغان كروران لوپ كۆلىگە ئېقىپ كېلىدىغان سۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنداقتا كروران قانداق ۋەيران بولغان؟ ئەمەلىيەتتە كروران تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ تارىم دەرياسىنىڭ ھازىرقى ئېقىنى بويىچە جەنۇبقا ئېقىپ كەلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك (كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىنى بىلەن ئاققان ئاز مىقداردىكى سۇ كىچىك دەريا ئارقىلىق جەنۇبقا ئېقىپ تارىمغا قۇيۇلغان بولۇشى، ئىنتايىن ئاز مىقداردىكى سۇنىڭ كروران لوپ كۆلگە بارغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن). مانا بۇ كرورانىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىردىنبىر سەۋەبتۇر. كەلكۈن شەھەرنى بېسىپ كېتىپ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان دېگەن قاراشمۇ مەۋجۇت، بۇ ئارخېئولوگلارنىڭ بايقىشىچە شەھەر خارابىسىدە كەلكۈن ئىزناسى بار ئىكەن، بۇ پەقەت شەھەرنىڭ ۋەيران بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ، بەلكى مەلۇم مەزگىللىك كۆچۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى. خۇلاسە قىلغاندا پەقەت تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئېقىن يۆتكەپ بۇ يەرگە كېلىدىغان سۇنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىلا بۇ شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى كروران شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا كېلىدىغان سۇ دەريانىڭ ئېقىن يۆتكىشى نەتىجىسىدە سۇ مىقدارىنىڭ ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئازىلاپ شەھەر تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرەلمىگەنلىكىدىن بولغان، شەھەر خارابىلىرىدە ئاز ساندىكى چارۋىچىلار خېلى مەزگىلگىچە ياشىغان بولسىمۇ 11 ـ ئەسىرلەرگە بارغاندا سۇنىڭ پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈشى بىلەن بۇ يەردە ھاياتلىق قالمىغان.

كروراننىڭ ۋەيران بولۇش مەسىلىسىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قوللىنىۋاتقان يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى ئارقىلىق ھاۋا بوشلۇقىدىن تارتىلغان سۈرەتنى تەتقىق قىلغاندا كۆنچى دەرياسىنىڭ ئىككى يېرىدە گۈمۈرۈلۈش بولۇپ ئېقىننى توسۇۋالغان بولۇپ كروران شەھەر قەلئەسىگە كېلىدىغان سۇ مەنبەيى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن شەھەر ۋەيران بولغان دەپ قارايدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرىگە قارىغاندا كۆنچى دەرياسىنىڭ كروران قەلئەسىگە 8.5 كىلومېتىر ۋە 20 كىلومېتىر كېلىدىغان ئىككى جايدا گۈمۈرۈلۈش يۈز بەرگەنلىكىنى (ئالدىنقى جايدىكى گۈمۈرۈلۈش بوشراق، كېيىنكىسى چوڭراق بولغان) ئېنىق كۆرۈشكە بولىدۇ. تەتقىقاتچىلاردىن خې يۈخۇا ۋە سۈن يوڭجۈنلەر مۇشۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن يۇقىرىقى ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ. بۇ قاراش ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئوخشاش بولمىغان ئىنكاسلار جۈملىدىن ئىنكار پىكىرلەرمۇ ئوتتۇرىغا چۈشتى. كروران تەبىئىي جۇغراپىيىسى ھەققىدە كۆپ تەتقىقات يۈرگۈزگەن ۋاڭ شۇچۈن ئەپەندى بۇ قاراشنى ئىنكار قىلىپ ئەينى جاينىڭ جۇغراپىيىسىگە ئېتىبار بېرىلمىگەن، كروران قەلئەسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ياردائىڭلىقنىڭ ئېگىزلىك پەرقى ئەڭ چوڭ بولغاندىمۇ 20 مېتىردىن ئاشمايدۇ، غەرب تەرەپتىكى ياردائىڭلىقلارنىڭ ئېگىز ـ پەسلىك پەرقى چوڭ ئەمەس. 20 كىلومېتىرلىق جايدىكى ياردائىڭلىقنىڭ ئېگىزلىك پەرقى ئۇنچە چوڭ ئەمەس، تارىم دەريا ۋادىسى تۈزلەڭلىك بولۇپ كەلكۈن كېلىپ ئېقىن يۆتكىشى مۇمكىن، گۈمۈرۈلۈش يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ. تارىخ جۇغراپىيە تەتقىقاتچىسى مېڭ فەنرېن ئەگەر يەر گۈمۈرۈلۈشى يۈز بەرگەن دېيىلسە ئۇنىڭ قاچان يۈز بەرگەنلىكىنى ئېنىقلاش لازىم، شۇنداقلا گۈمۈرۈلۈش يۈز بەرگەن دەۋر بىلەن كروراننىڭ ۋەيران بولغان ۋاقتى ماس كېلىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. جۇڭگو دۆلەت تۇپرىقى يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى مەركىزىدىكى لى يەنچى «بۇددا ئەللىرى خاتىرىسى» ناملىق ئەسەردىكى ۋەيران بولۇشنى ئەنە شۇ گۈمۈرۈلۈشنىڭ ئىسپاتى، لوپ كۆلى ئەنە شۇ ۋاقىتتا قۇرۇپ بولغان دەپ بۇنى دەۋرلىك ماسلىقنىڭ پاكىتى دەپ قارايدۇ. مېڭ فەنرېن يەنە راھىپ فاشەننىڭ كروراندىن ياكى لوپ كۆلىدىن ئۆتكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق ئۇچۇر يوق، فاشەن لوپ كۆلىدىن ئۆتكەن بولۇشى ناتايىن، ئۇ لوپ كۆلى ھەققىدە يازمىغان دەيدۇ. ۋاڭ چاڭلىن گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشنىڭ سەۋەبى تەھلىل قىلىنمىغان دەيدۇ.

ئومۇمەن يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىشى بۇ جەھەتتە، جۈملىدىن تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىدا قوللىنىشى بىرخىل ئىلگىرىلەش ۋە بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ئېنىقلاشتا رولى چوڭ بولۇشى مۇقەررەر، شۇنداقتىمۇ مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ۋاڭ شۇچۈن، مېڭ فەنرېن، ۋاڭ چاڭلىنلارنىڭ مۇھاكىمىسى ئىنتايىن توغرا بولغان، مېنىڭ قارىشىمچە بولغاندا گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشنىڭ سۇ لىنىيىسىنى توسۇۋېلىش ئېھتىماللىقى ئانچە چوڭ ئەمەس، ناۋادا گۈمۈرۈلۈش يۈز بېرىپ دەريا ئېقىننى توسۇۋالغان تەقدىردىمۇ ئۇ جايلارنىڭ ۋەيران بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ، چۈنكى قانال قېزىپ پايدىلىنىشنى بىلگەن كرورانلىقلار ئەنە شۇ گۈمۈرۈلگەن جايدا قانال قېزىپ سۇنى كروران قەلئەسىگە باشلاپ كېلىشى تامامەن مۇمكىن. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتىدىغان بولساق گۈمۈرۈلۈش يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ دەريا ئېقىنى يەنىلا ئېقىپ كېتىشى مۇمكىن. ناۋادا كروران شەھىرىگە كېلىدىغان سۇ ئۈزۈلدى دېيىلگەندىمۇ ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ 20 كىلومېتىر نېرىغا يۆتكىلىپ قايتىدىن يۇرت بەرپا قىلالمايدۇ دەپ كىم ئېيتىدۇ؟ مېڭ فەنرېن ئەپەندى ئېيتقاندەك يىل دەۋرى جەھەتتىن ماس كېلىشى كېرەك، بۇنى ھەرگىزمۇ «بۇددا ئەللىرى خاتىرىسى» دىكى ۋەيران بولۇش بۇنىڭ ئىسپاتى دېگەنلىك تولىمۇ مەنتىقىسىز قاراشتۇر، ناۋادا گۈمۈرۈلدى دېگەن جايدىن تېپىلغان مەلۇم دەۋرلىكىنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولغان بۇيۇم ئارقىلىق گۈمۈرۈلۈش دەۋرىنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولسا، يەنە كېلىپ كروراننىڭ ۋەيران بولۇش دەۋرى بىلەن ماس كەلسە ئاندىن بۇ قاراشنى قوللاشقا بولىدۇ، ئەگەر مۇشۇ شەرتلەرنى قانائەتلەندۈرەلىسە بۇ خىل قاراشنى مۇشۇ سىرنى ئاچتى دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇڭا بۇ تولىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىدۇر.

---

**ئىزاھات:**

① خۇاڭ شېڭجاڭ: «كروراننىڭ پايتەختلىك مۇنازىرىسىنىڭ قىيىن نۇقتىلىرى ۋە LA شەھىرىنىڭ غەربىي خەن دەۋرىدىكى كروران شەھىرى ھەققىدىكى يېڭى ئىسپات»، خەنزۇچە «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2000 ـ يىللىق 1 ـ ۋە 2 ـ سانىغا قاراڭ.

② خۇاڭ شېڭجاڭ: «كروران ئېلىنىڭ پايتەختى كروران شەھىرى ۋە LE شەھىرى مەسىلىسى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە 1996 ـ يىلى 8 ـ سان 70 ـ بەت.

---

ئاپتور: چاقىلىق ناھىيىلىك تېلېگراف ئىدارىسىدىن.

تەھرىرلىگۈچى: مەرۇپ مەمتىمىن

# كروران ھەققىدە بىلگەنلىرىم

نۇرۇنگۈل ياقۇپ

1900 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كروران خارابىسىنىڭ تېپىلـ
شى ھەمدە 1901 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بۇ خارابىنىڭ تەكشۈـ
رۈلۈشى نەتىجىسىدە، بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ تارىخىي مەنـ
بەلەردە يېزىلغان كروران شەھرى ئىكەنلىكى خەلقئاراغا ناـ
مايان بولدى. كروران توغرىسىدا بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاـ
قىتتىن بۇيان تەكشۈرۈش، تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولـ
سىمۇ، كروران دۆلىتى قاچان قۇرۇلغان؟ ئۇنىڭ پايتەختى
قەيەردە؟ قانداق ۋەيران بولغان؟ كروران مەدەنىيىتى
قانداقلارچە ئاشۇنداق يۇقىرى پەللىگە يەتكەن؟ كروران
خەلقى مۇكەممەل بولغان قانۇنلارنى قانداق ۋۇجۇتقا كەلـ
تۈرگەن؟ دېگەندەك نۇرغۇن تىلسىمات سىرلار تېخى يېشىلـ
مەي تۇرماقتا. شىمالىي ياۋروپادىن كەلگەن سىۋېن ھېدىن
كروران خارابىسىنى تېپىپ چىقىپ، ئەڭ قىممەتلىك تارىـ
خىي ماتېرىياللارنى ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ كېتىپ، يوقالغىنىغا
1600 يىل بولغان كروران شەھرى توغرىسىدا دۇنيا بويىـ
چە تۇنجى ئۆلمەس ئەسەرنى يېزىپ چىقىپ، نامى تارىخ
بېتىدىن مەڭگۇ ئۆچمەيدىغان ئېكسپېدىتسىيىچى بولالىدـ
يۇ، بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئارخېئولوگىيە تارماقلىرىدىكى
ئارخېئولوگلىرىمىز قەدىمكى پارلاق مەدەنىيەت يارىتىپ دۇنـ
يانى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان كروران خارابىسىگە بارىدىغان
زامانىۋى قاتناش قوراللىرى تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ئۇ
يەرگە بېرىپ تەكشۈرۈپ، تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، قىممەتـ
لىك تارىخىي ئىزلار، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە تېپىلمىـ
لار توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز
تارىخىغا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرالمايدۇ؟ بۇ كىشىنى
ئويغا سالىدىغان مۇھىم بىر مەسىلە.

ئېلىمىزدە كروران ھەققىدىكى يازما ئۇچۇرلار مىلادىيىـ
دىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن باشلىنىدۇ. تارىخچى سىماچـ
يەن (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 145 ـ 86) «تارىخىي خاتىرىـ
لەر» ناملىق مەشھۇر كىتابىدا مۇنداق ئۇچۇرلارنى خاتىرىـ
لەپ قالدۇرغان: «روران، ئۇيسۇن، ئوغۇز ۋە ئۇلارنىڭ ئەتـ
راپىدىكى 26 ئەل تىنجىتىلدى، ھەممىسى ھونلارغا تەۋە
بولدى. بارچە ئوقيا تۇتقان خەلق بىر ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشـ
تى» (سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ خەلق
نەشرىياتى 1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 407 ـ بەت).
بۇ ھون تەڭرىقۇتى باتۇر يەنى ئوغۇزخاننىڭ خەن سۇلالـ
سىگە يازغان مەكتۇپىنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت. بۇ مەكـ
تۇپتا يېزىلغان روران خەنزۇچە مەنبەدە 楼兰 دەپ يېزىلـ
غان. بىز بۇ جۈملىلەردىن كروران ئېلىنىڭ مىلادىيىدىن
بۇرۇنقى 176 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىلا ئۆزىنىڭ
مۇستەقىل دۆلىتى بولغانلىقىنى، پارلاق مەدەنىيەت ياراتقانلىـ
قىنى بىلەلەيمىز.

«تارىخىي خاتىرىلەر» 123 ـ جىلد «پەرغانە تەزكىرىـ
سى» دە: «لوپ بىلەن چاڭئەننىڭ ئارىلىقى 5000 چاقىرىم
كېلىدىكەن، ھونلارنىڭ غەربىدىكى قەبىلىلىرى لوپ كۆلىـ
نىڭ شەرقىدە بولۇپ لوڭشى سەددىچىنىگە يېتىپ بارىدىـ
كەن، جەنۇبىي چاڭلار ئېلىگە تۇتۇشۇپ خەن خاقانلىقىنىڭ
پەرغانە ۋە ياۋچىلارغا بارىدىغان يولىنى توسۇپ تۇرىدىـ
كەن... روران، قۇس قاتارلىق قاتناش يولىنىڭ ئاغزىدىكى
كىچىك دۆلەتلەر خەن ئەلچىسى ۋاڭ خۇي قاتارلىقلارغا
ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى قاتتىق بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدۇ» (سىـ
ماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،
1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 490 ـ بەت) دېيىلگەن.
بۇ ئۇچۇرلار بىزگە كروران ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا جۈملىدىن
لوپ كۆلىگە يېقىن رايوندا ئۇنىڭ شەھەرلىرى بولغانلىقىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

كروران شەھرى خارابىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى
تارىخىي ئىزلارنىڭ دائىرىسى 100 كۋادرات كىلومېتىردىن
ئاشىدۇ. بۇ ھەقتە بىزدە ئېنىق مەلۇمات بولمىسىمۇ، بىراق
مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 176 ـ يىلى كروران دۆلىتى ھون
تەڭرىقۇتىنىڭ تېررىتورىيىسىگە ئۆتكەندىن كېيىن خېلى
مەزگىللەرگىچە ھونلارنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولغان، شۇنداـ
قلا ئۇلار ھونلارغا ئولپان تۆلەپ ئۆزىنىڭ نىسپىي مۇستەـ
قىللىقىنى ساقلاپ ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى بىر
تەرەپ قىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، كروران دۆلىتى كۈچلۈك
بىر ھاكىمىيەت ئاستىدا بولغاچقا، شۇ ۋاقىتتىكى ئىككى
كۈچلۈك قۇدرەتلىك دۆلەت خەن پادىشاھلىقى بىلەن ھون
تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرـ
سىتىپ كەلگەچكە، بۇ ئىككى كۈچلۈك دۆلەت تۈرلۈك
ئاماللار بىلەن كروران دۆلىتىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنـ

غان. سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» دىكى «جاۋپۇنو
700 دىن ئارتۇق چەۋەنداز بىلەن ئۇشتۇمتۇت كېلىپ،
روران خانىنى ئەسىرگە ئالدۇ ۋە ئارقىدىنلا قۇسنى ئالدۇ»
دېگەن بايانى بىلەن، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 77 - يىلى پۇ-
جىزى باشچىلىقىدىكى خەن پادىشاھلىقىنىڭ چەۋەندازلىرى-
نىڭ كروران خاقانى ئامگوكانى خەنجەر بىلەن ئۆلتۈرگەنلى-
كى كروران دۆلىتىنىڭ شۇ يىللاردا سەلتەنەت سۈرگەنلىك-
نى ئىسپاتلايدۇ.

بەنگۇ (مىلادىيە 32 - 92 يىلىغىچە ياشىغان) نىڭ
«خەننامە» 96 - جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە
مۇنداق مەلۇماتلار بار: «... شەرققە ئېقىپ لوپ كۆلىگە قۇ-
يۇلىدۇ، لوپ كۆلى ‹شورلۇق كۆل› دەپمۇ ئاتىلىدۇ، لوپ
كۆلىدىن يۇمىن ۋە ياڭگۇەن قوۋۇقىغا 300 چاقىرىم كېلى-
دۇ. كۆلنىڭ سۈيى تۇراقلىق بولۇپ يازدا كۆپەيمەيدۇ،
قىشتا ئازايمايدۇ، يۇمىن ۋە ياڭگۇەن قوۋۇقلىرىدىن چىقىپ
غەربىي يۇرتقا بارىدىغان ئىككى يول بار. چەرچەندىن قارا
قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي بىلەن تارىم، ياركەنت دەريالىرىنى
بويلاپ غەرب تەرەپكە مېڭىپ ياركەنتكە بارىدىغان يول
جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلىدۇ، غەربىي يۇرتتىكى ئاھالىلەرنىڭ
كۆپىنچىسى شەھەرلەرگە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ دېھقانچىلىق
ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۆرپ - ئادەتلىرى
هونلار ۋە ئاسىيۇنلارغا ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ئەزەلدىنلا
هونلارغا قارام بولۇپ كەلگەن. هونلار ئۆزلىرىنىڭ باتىسقا-
نى چاكارلار كاھېكى ئارقىلىق غەربىي يۇرتنى ئىدارە
قىلاتتى، چاكارلار كاھېكى دائىم ئاگنى، چوقۇ (باغراش) ۋە
كۆنچى بەگلىرىنىڭ ئارىلىقىدا تۇرۇپ ئۇ يەردىكى بەگلەر-
دىن باج ئالاتتى دېيىلگەن...» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇلار
كروران دۆلىتىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىك ئىچىدە
ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى خېلى تەرەققىي قىلغان تارىخى
ئۇزۇن دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مىلادى-
يىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىردىن مىلادىيە 1 - ئەسىرنىڭ ئا-
خىرىغىچە كرورانىنىڭ دائىرىسى ھازىرقى لوپنۇرنىڭ شىمالى-
دىن ئالتۇن تاغ تىزمىسىغىچە، شەرقتە دۇڭخۇاڭدىن غەربتە
ئالتۇن تاغ تىزمىسىنى بويلاپ ئۇدۇن (خوتەن) گىچە
بولغان كەڭ بوستانلىقلارنى ئۆزىگە تېررىتورىيە قىلغان
قۇدرەتلىك دۆلەت ئىدى. كروران تارىخىي خاتىرىلەردە
لولەن، كرورايىنا، روران، پىشامشان دېگەنگە ئوخشاش ناملار
بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. سىماچيەن يازغان «تارىخىي خاتى-
رىلەر»، «هونلار تەزكىرىسى» دە: «كروران شەھەرلىرىدە
سېپىل بار، ئۇلار تۇزلۇق كۆلگە يېقىن جايلاشقان» دېيىل-
گەن. بۇ تۇزلۇق كۆل ھازىرقى لوپنۇر كۆلىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتىكى كروران دۆلىتى هون دۆلىتىدىن
كۆپ ئاجىز بولغاچقا، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 176 - يىلىدىن
108 - يىلىغىچە هونلارنىڭ ئىلكىدە تۇرغان. كروران دۆ-
لىتى بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بەزىدە ياخشى
بەزىدە ناچار بولۇپ، كروران بەگلىكى هونلارنىڭ قۇترىتى-
شى بىلەن بەزىدە خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدار، ئەلچىلىرىنى
تۇتۇپ قاماپ قويغان ۋە ئۆلتۈرۈۋەتكەن، بولۇپمۇ خەن پا-
دىشاھى جاۋدى دەۋرىدە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 87 - 74 -
يىللىرى) كروران خانى ئەنگۈي خەن سۇلالىسى بىلەن قار-
شىلىشىپ خەن سۇلالىسىنىڭ غەربتىكى ئەللەر بىلەن
بولغان ئالاقىسىگە توسقۇنلۇق قىلغان. ئەنگۈي بۇرۇن
هونلاردا ئەلچى بولۇپ تۇرغان بولۇپ، هونلار بىلەن مۇنا-
سىۋىتى يېقىن ئۆتكەن، ئۇ هونلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن
بىر قانچە قېتىم خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ،
پۇل - ماللىرىنى تارتىۋالغان. خەن سۇلالىسى مىلادىيىدىن
بۇرۇنقى 77 - يىلى ئەنگۈينى جازالاش ئۈچۈن ئۇلۇغ
سانغۇن تەپتىش بەگ بۇ جيېزىنى ئەۋەتىدۇ، بۇ جيېزى
كرورانغا كەلگەندىن كېيىن بۇ جيېزىنىڭ ھەمراھلىرى ئەن-
گۈينى خەنجەر تىقىپ ئۆلتۈرىدۇ ھەمدە بۇ جيېزى ئەنگۈي-
نىڭ ئىنىسى ۋېيتگوتنىڭ خان بولىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ.
ئەنگۈينىڭ ئىنىسى ۋېيتگوت بۇ ۋاقىتتا تېخى خەن سۇلالى-
سىنىڭ ئوردىسى چاڭئەندە ئىدى. پادىشاھ خەن جاۋدى ك-
رورانىنىڭ پايتەختىنى جەنۇبقا يۆتكەپ دۆلەت نامىنى پىشام-
شانغا ئۆزگەرتىشنى بەلگىلەيدۇ. ۋېيتگوت چاڭئەندىن يولغا
چىقىشتىن ئاۋۋال خەن سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنىڭغا تامغا
ئويۇپ بېرىدۇ. ئۇ يولغا چىققاندىن كېيىن خەن ئوردىسى-
نىڭ نەچچە يۈز ۋەزىر سانغۇنى شەھەر دەرۋازىسىغىچە
ئۇزىتىپ قويىدۇ. ۋېيتگوت كرورانغا كەلگەندىن كېيىن
هونلارنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۇقرالىرىنى
ئەگەشتۈرۈپ جەنۇبقا كۆچۈپ كېتىدۇ (شاۋلىيەن:
«كروران، مىران، لوپنۇرلۇقلار: « يىپەك يولى ساياھىتى» 6 -
سان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىلى 4 - ئاي
نەشرى)، شۇنىڭدىن باشلاپ «خەننامە»، «غەربىي يۇرت
تەزكىرىسى» دە پىشامشان تەزكىرىسى تۇرغۇزۇلىدۇ. كروران
توغرىسىدا تەزكىرە تۇرغۇزۇلمايدۇ. كروران بەگلىكى مەرك-
زىنى ئۇۋان شەھىرىگە يۆتكىگەندىن كېيىن خەن سۇلالىسى
ئۇ يەردە تۇتۇق ھېراۋۇل مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ،
غەربىي يۇرتنىڭ قاتنىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا
كروران دۆلىتى بىر تەرەپتىن هونلارغا، يەنە بىر تەرەپتىن
خەن سۇلالىسىگە قارام بولغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئۇلارغا
بېقىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ كې-
لىۋاتاتتى.

«كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى

خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، خەن مىڭدىنىڭ يۇڭپىڭ يىللىرى (مىلادىيە 58 ـ، 76 ـ يىللىرىغىچە) نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىندەر بەگلىكى (ئورنى ھازىرقى چەرچەن ناھىيىسى تەۋەسىدە) جۇرجۇن نىران (ھازىرقى نىيە ناھىيىسى تەۋەسىدە) رۇڭلۇ، چالمادان، چەرچەن بەگلىكى (ھازىرقى ئورنى چەرچەن ناھىيىسىنىڭ زاغۇنلۇق يېزىسىدا) قاتارلىق بەگلىكلەرنى ئۇدۇن (خوتەن) خانلىقى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. كۆكئارت (پامىر) نىڭ شەرقىدە مۇشۇ ئىككى بەگلىك ھەممىدىن كۈچلۈك بولۇپ، بۇ ئىككى بەگلىك ئوتتۇرىسىدىكى باردى ـ كەلدى مۇناسىۋەت خېلى قويۇق بولغان. «كېيىنكى خەننامە» دە پىشامشان توغرىسىدا قىسمەن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. مەسىلەن، «پىشامشان» دا 2670 تۈتۈن، 7770 نوپۇس، 4220 ئەسكەر بار دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ سان «خەننامە» ئىچىدىكى «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى نوپۇس سانىغا ئوخشمايدۇ. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە پىشامشاندا 14100 نوپۇس، چاقلىقتا 1750 نوپۇس، چالمادادا 1610 نوپۇس، ئىندىرەدە 1015 نوپۇس، نىراندا 3360 نوپۇس، راڭلۇدا 1610 نوپۇس بار» دەپ قەيت قىلىنغان (لياڭ جىڭجى: «خەن دەۋرىدە تارىم رايونىدىكى نوپۇسنىڭ جايلىشىشى ۋە ئۆزگىرىشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» 1988 ـ يىل 4 ـ سان).

مەيلى ئالدىنقى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بولسۇن ياكى كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بولسۇن، كروران رايونىنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتى ياخشى بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك جەھەتلەردىكى ئىگىلىكى خېلى گۈللەنگەن بولۇپ، سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم، مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەر ئۆزئارا قوشۇلۇشقا باشلىغان دەۋر بولغاچقا، نوپۇس سانى يۇقىرىقىلاردىن كۆپرەك بولۇشىمۇ مۇمكىن.

جۇ رۇيچاۋ ۋە ستەيىن قاتارلىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ كروراندىن ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق تاپقان ھۆججەت ـ ئالاقە، خەت ـ چەك ۋە ۋەسىقىلەرگە ئاساسەن چىقارغان ئىلمىي ھۆكۈمىدىن قارىغاندا، كروران قەدىمكى شەھىرى تاشلىنىپ قالغان دەۋر ـ ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. يەنى مىلادىيە 376 ـ يىلى جىن سۇلالىسى ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسىنى يوقاتقاندىن كېيىنكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ.

«خەننامە. پۇجىيەن تەزكىرىسى» دە: «جيەنيۇەننىڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 381 ـ يىلى) ئالدىنقى قاغىلىق خانى مىجەن بىلەن پىشامشان خانى شيۇ مىتۇ جىن سۇلالىسىنىڭ غەربىي ئوردىسىغا بارغان. ئىككىنچى يىلى جىن سۇلالىسى چەۋەنداز سانغۇن لۈگۇئاگنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىش سىياسەت ـ تەدبىرلىرىنى ئۆگەنگەن» دەپ خاتىرىلەنگەن.

پىشامشان بەگلىكى غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكلەر ئىچىدە تارىخى ئۇزۇن، جۇغراپىيىلىك ئورنى مۇھىم، تەسىر كۈچى زور بەگلىك بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىرلەردىن (يەنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 176 ـ يىل قۇرۇلۇپ مىلادىيە 376 ـ يىللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان). ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ پىشامشان بەگلىكى 552 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئۇنىڭ پايتەختى كروران شەھىرى بولغان.

---

ئاپتور: كورلا شەھەر تىكىنچى يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە.

تەھرىرلىگۈچى: ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى

قوشۇلما يامانغا ئەي ئاقىل كىشى
بولۇر سەن يامان ئۇنىڭ ئوخشىشى.

—— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھۆسنخەتنى قاھار ئوسمان يازغان

# يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ئۈچ قېتىملىق مەخپىي سۆھبىتى

## جاڭ شىجاۋنىڭ ئەلچى بولۇشى جياڭ جيېشىنىڭ ئارىسالدىلىقى

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، كومپارتىيىنىڭ تەيۋەنگە قارىتىلغان سىياسىتىدە زور ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىلگىرىكى نوقۇل ھالدىكى قورال كۈچىگە تايىنىپ ھەل قىلىشتىن، پەيت كۈتۈپ قورال كۈچى ئارقىلىق ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىش بىلەن تىنچ يول ئارقىلىق ئازاد قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىغا ئۆزگەردى. كومپارتىيىنىڭ سىياسىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ئۆزئارا تىركىشىش ۋەزىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. 1949 ـ يىلى بېيپىڭ (ھازىرقى بېيجىڭ) تىنچلىق سۆھبىتىگە قاتناشقان نەنجىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى جاڭ شىجاۋ① تەشەببۇسكارلىق بىلەن، شياڭگاڭغا بېرىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان گومىنداڭچىلار ئىچىدىكى قەدىناس دوستلىرى ئارقىلىق جياڭ جيېشىغا خىزمەت ئىشلەپ، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ سۆھبەتلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچەپ بېقىشنى خالايدىغانلىقىنى جۇئېنلەيگە بىلدۈردى. ماۋ زېدۇڭ بىلەن جۇ ئېنلەي جاڭ شىجاۋنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى. ھەمدە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى جياڭ جيېشىغا قارىتا ئايرىم بىر پارچە خەت يېزىپ، جاڭ شىجاۋنىڭ شياڭگاڭغا بارغاندىن كېيىن، تونۇش ـ بىلىشلىرى ئارقىلىق جياڭ جيېشىغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى تاپىلىدى. ئۇ خەتتە، كومپارتىيە ئىككى قىرغاقنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ تۆت تۈرلۈك كونكرېت چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ بىرىنچى، دىپلوماتىيىنى كومپارتىيە بىر تۇتاش باشقۇرغاندىن باشقا، تەيۋەننىڭ كادىرلار، ھەربى ـ مەنىۋى چوڭ ھوقۇقلىرىنى جياڭ جيېشى باشقۇرۇش؛ ئىككىنچى، تەيۋەننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى مەبلىغى يېتىشمەي قالغاندا، مەركىزىي ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىپ تولۇقلاپ بېرىش؛ ئۈچىنچى، تەيۋەننىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتىنى كېچىكتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە جياڭ جيېشىنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە تەيۋەندىكى ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرىنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىش؛ تۆتىنچى، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئىككى پارتىيىنىڭ ئىگىۋاشتىن ھەمكارلىشىشنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر ـ بىرىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىققا كاپالەتلىك قىلىشاق دەپ، ئاخىرىسىغا: «فېڭخۇادىكى② قەبرىگا ھەمۇ تۇرۇپتۇ ھامان، شىكودىكى چىمەنلىككە يەتمىدى زىيان» دېگەن گەپلەر يېزىلىپ، ۋەتەن بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن جياڭ جيېشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ كۆرۈپ بېقىشى ئۈمىد قىلىنغان.

1956 ـ يىلى باھاردا، جۇ ئېنلەينىڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن جاڭ شىجاۋ كومپارتىيىنىڭ جياڭ جيېشىغا يازغان خېتىنى ئېلىپ بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن شياڭگاڭغا كەلدى. ھەمدە گومىنداڭنىڭ شياڭگاڭدىكى مەدەنىيەت ـ تەشۋىقات خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ «شياڭگاڭ ۋاقىت گېزىتى» نى باشقۇرۇۋاتقان شۇشياۋيەن ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتى. شۇشياۋيەن ئىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىپ، شۇ زامان شياڭگاڭدىن تەيۋەنگە ئۇچۇپ، ئۇدۇل «زۇڭتۇڭ مەھكىمىسى» گە بېرىپ، كومپارتىيىنىڭ جياڭ جيېشىغا ئەۋەتكەن خېتىنى ئۆز قولى بىلەن تاپشۇردى ھەمدە جاڭ شىجاۋ بىلەن قىلىشقان سۆھبەت ئەھۋالىنى جياڭ جيېشىغا تەپسىلىي دوكلات قىلدى. جياڭ جيېشى كومپارتىيە ئەۋەتكەن خەتنى ئېچىپ، قايتا ـ قايتا بىر نەچچە رەت كۆرگەندىن كېيىن بىر ھازاغىچە زۇۋان سۈرمىدى. ھېچقانداق ئىپادىمۇ بىلدۈرمىدى. بىر يىل مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن، 1957 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، جياڭ جيېشى شۇشياۋيەننى تەيپېيگە چاقىرتىپ، نامزات كۆرسىتىشنى بۇيرۇدى. شۇشياۋيەن ئويلاپ ـ ئويلاپ ئاخىرى ئۈچ ئادەمنى كۆرسەتتى. جياڭ جيېشى قايتا ـ قايتا دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن، سۇڭ يىشەننى③ تاللىۋالدى.

سۇڭ يىشەن جياڭ جيېشىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى بولغان. ئۇنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى سۇڭ شىليەن گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېرالى بولۇپ، كومپارتىيىگە ئەسىرگە چۈشۈپ، ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ئۆزگەرتىلىۋاتاتتى. سۇڭ يىشەننىڭ بېيجىڭغا بېرىشىنى بىر ھېسابتا تۇغقان يوقلاش دېگىلىمۇ بولاتتى. 1957 ـ يىلى ئاپرىلدا، سۇڭ يىشەن شياڭگاڭ ئارقىلىق چېگرىدىن كىرىپ گۇاڭجۇدىن پويىز بىلەن بېيجىڭغا كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، جۇ ئېنلەينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ج ك پ بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى

ۋېيخەن ئوتتۇرىغا چىقىپ سۇڭ يىشەن بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئۇلار گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ 3 ـ قېتىملىق ھەمكارلىقى، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى بەزى كونكرېت مەسىلىلەر ئۈستىدە كېڭەشتى. سۇڭ يىشەن شياڭگاڭغا قايتقاندىن كېيىن، جياڭ جيېشى ئۇنى تەيۋەنگە چاقىرتىپ يۈز تۇرانە دوكلات قىلدۇرماستىن بەلكى ئالدىن يازما دوكلات يوللاشنى بۇيرۇدى. سۇڭ يىشەننىڭ دوكلاتىدا كومپارتىيە ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆپرەك تەرىپلىنىپ كەتكەچكە، جياڭ جيېشىنىڭ خۇيى تۇتۇپ قېلىپ، سۇڭ يىشەننى قىزىللىشىپ كېتىپتۇ دەپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ ۋاقىتتا جۇڭگو قۇرۇقلۇقتا «ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش» كۈرىشى باشلىنىپ كەتكەچكە جياڭ جيېشى گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ سۆھبەتلىشىش پەيتى تېخى يېتىلمەپتۇ دەپ قالدى بولغاي، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ باردى ـ كەلدىسى شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالدى.

## ساۋ جۈرېننىڭ سالاپچىلىقى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» توپىلىڭىدىن سۇغا چىلاشتى

1956 ـ يىلى ئىيۇلدا، جاڭ شىجاۋ كومپارتىيىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بېيجىڭدىن شياڭگاڭغا گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۈچۈن سالاپچىلىققا ماڭغاندا، يەنە بىر سىرلىق ئەرباپمۇ ئوخشاش ۋەزىپە بىلەن شياڭگاڭدىن بېيجىڭغا كەلدى. بۇ سىرلىق زات ساۋ جۈرېن ئىدى.

ساۋ جۈرېن ئىلىم ئەھلى بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ ۋە كومپارتىيىنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلەر بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقانىدى. 3 ـ ئۆكتەبىر، ماۋ زېدۇڭ جۇڭنەنخەيدە ساۋ جۈرېننى قوبۇل قىلدى. گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ھەمكارلىقى ۋە جياڭ جيېشى توغرىسىدا گەپ بولۇۋاتقاندا، ماۋ زېدۇڭ جياڭ جيېشىنىڭ بەزى تارىخى دەۋرلەردە ئوينىغان رولىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ھەمدە جياڭ جيېشى بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈش ئۈمىدىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈردى. ساۋ جۈرېن شياڭگاڭغا قايتقاندىن كېيىن، دەرھال ئۆزىنىڭ جۇڭگو قۇرۇقلۇقتا كومپارتىيە رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشقانلىق ئەھۋالىنى تەيۋەن تەرەپكە تەپسىلىي يەتكۈزدى. بىراق، تەيۋەن تەرەپ گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ يەنە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئىشىغا قارىتا، ساۋ جۈرېننى بولىدى قىل دېمىدى كونكرېت پوزىتسىيە بىلدۈرمەي، شۇپېتى نەچچە يىل كەينىگە سۈرۈۋەتتى. تاكى 1965 ـ يىلى يازدىن كېيىن، جياڭ جيېشى ئاندىن جياڭ جىڭگونىڭ ھەمراھلىقىدا ساۋجۈرېننى مەھكىمىسىدە قوبۇل قىلىپ ئىنتايىن مەخپىي ھالدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى. پروتوكول سۆھبەتكە باشتىن ـ ئاخىر شۇ ئۈچ كىشىلا قاتناشتى. بىر نەچچە قېتىملىق مۇزاكىرە ئارقىلىق ئۇلار ئالتە تۈرلۈك شەرتتە بىرلىككە كېلىشتى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: (1) جياڭ جيېشى قول ئاستىدىكى قەدىناسلىرى بىلەن جۇڭگو قۇرۇقلۇقتا قايتىپ، جېجياڭ ئۆلكىسىدىن باشقا بىر جايدا ئولتۇراقلىشىش، گومىنداڭنىڭ زۇڭسەيلىكىنى داۋاملىق ئۆتەش. لۇشەن ④ رايونىنى جياڭ جيېشىنىڭ تۇرار جايى ۋە ئىش قىلىش؛ (2) جياڭ جىڭگو تەيۋەن ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى بولۇش، دىپلوماتىيە ۋە ھەربىي ئىشلارنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن باشقا، قالغان ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى تەيۋەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تولۇق ھوقۇقلۇق ھالدا بىر تەرەپ قىلىش. بېيجىڭ يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە دېھقانلارنىڭ يېرى بولۇشنى يولغا قويۇش، مۇددىتى 20 يىل بولۇش، قەرەلى توشقاندا ئايرىم كېڭەش ئېلىپ بېرىش؛ (3) تەيۋەن ئامېرىكىنىڭ ھەرقانداق ھەربىي ـ ئىقتىسادىي ياردىمىنى قايتا قوبۇل قىلماسلىق، مالىيىدە قىيىنچىلىق كۆرۈلسە بېيجىڭ ئامېرىكا ياردەم قىلغان نىسبەت بويىچە تولۇقلاپ بېرىش؛ (4) تەيۋەننىڭ دېڭىز ـ ھاۋا ئارمىيىلىرىنى بېيجىڭنىڭ كونتروللۇقىغا تاپشۇرۇش، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى تۆت دىۋىزىيىگە ئايرىلىپ، بىر دىۋىزىيە شيامېن بىلەن جىنمېن رايونىدا تۇرۇش، ئۈچ دىۋىزىيە تەيۋەندە تۇرۇش؛ (5) شيامېن بىلەن جىنمېننى بىرلەشتۈرۈپ ئەركىن شەھەر قىلىپ، بېيجىڭ بىلەن تەيپېي ئوتتۇرىسىدىكى مۆتىدىل ئالاقىلىشىش رايونى قىلىش، بۇنىڭ شەھەر باشلىقلىقىنى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى ئۈستىگە ئېلىش، بۇ كوماندىرنى بېيجىڭنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن تەيپېي تەيىنلەش، ئۇنىڭ سالاھىيىتى قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنېرال لېيتېنانت (جۇڭجياڭ) بولۇپ، سىياسىي جەھەتتە بېيجىڭ قوبۇل قىلالايدىغان ئەرباپتىن بولۇش؛ (6) تەيۋەننىڭ ھازىرقى مۇلكى ھەربىي ئەمەلدارلىرىنىڭ مەنسەپ دەرىجىسى ۋە مۇئامىلىسىدە ئۆزگىرىش قىلماسلىق، خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تەۋەنلەتمەسلىك توغرىسىدا ۋەدە بېرىش.

ساۋ جۈرېن جياڭ ئاتا ـ بالا بىلەن رېيۆتەندە⑤ يېقىنقى ئالتە تۈرلۈك شەرتنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن شۇ زامان شياڭگاڭغا قايتىپ، سۆھبەت ئەھۋالى ۋە ئالتە تۈرلۈك شەرتنى كومپارتىيىگە دوكلات قىلدى. بۇ ئىشلار سەرەمجانلاشتۇرۇلۇۋاتقاندا، 1966 ـ يىلى جۇڭگو قۇرۇقلۇقتا

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي يۈز بەردى. جياڭ جېيشى گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ قايتا سۆھبەت ئېلىپ بارالىشىغا قارىتا شۈبھىلىنىپ قېلىپ نىيىتىدىن ياندى، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ قايتا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى يەنە سوغا چىلاشتى.

## ئەلچى بىۋاقىت ئالەمدىن ئۆتۈپ، تىنچلىق سۆھبىتى ئارماندا قالدى

20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە، چوڭ قۇرۇقلۇق جۇڭگو ۋەكىلى سۈپىتىدە تەيۋەننىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ئورنىغا ئولتۇردى. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا شاڭخەيدە «بىرلەشمە ئاخبارات» ئېلان قىلدى. جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ياخشىلاندى. بۇ زور ۋەقەلەر تەيۋەننىڭ كۈرسىنى پەسلىتىۋەتتى. ۋەزىيەت كومپارتىيىگە ئىنتايىن پايدىلىق بولۇۋاتقانچقا، ماۋ زېدۇڭ بىلەن جۇ ئېنلەي تەيۋەن مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى يەنە كۈن تەرتىپكە كىرگۈزدى. مۇنداق چاغدا، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئارىلىقىدا سۆھبەتنى قايتا باشلاشتا، ئىككىلا تەرەپ بىلەن گەپلىشەلەيدىغان ئارىچى لازىم بولۇپ قالدى. ساۋ جۈرىن 1972 ـ يىلى 2 ـ ئىيۇلدا راك كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن بولغاچقا، بۇ ئىشنى قىلىدىغانغا دەماللىققا ئادەم چىقماي قالدى. بۇ چاغدا يېشى 90 دىن ھالقىغان جاڭ شىجاۋ يەنە ئارىغا چۈشۈپ تىنچلىق ئەلچىلىكىنى ئۈستىگە ئالدى.

ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشلاردىن كېيىن، 1973 ـ يىلى 25 ـ مايدا، جاڭ شىجاۋ مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭدىن شياڭگاڭغا باردى. جاڭ شىجاۋ شياڭگاڭغا بېرىپ، بىر ئاي بولا ـ بولماي پائالىيەت مىقدارى زىيادە كۆپ بولۇپ كېتىپ، ھاياجانلىنىش ھەم شياڭگاڭنىڭ ھاۋاسى خىل كەلمەسلىك تۈپەيلى، ياشىنىپ قالغان بۇزات ئۇيۇننىڭ ئاخىرلىرىدا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. جاڭ شىجاۋنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقىدىن خەۋەر تاپقان جۇ ئېنلەي دەرھال شياڭگاڭغا داۋالاش ئەترىتى ئەۋەتتى. ھەممە بارلىق ئاماللار بىلەن جاڭ شىجاۋنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، بېيجىڭغا قايتۇرۇپ كېلىپ داۋالىنىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى. بىراق داۋالاش ئەترىتى ئوپۇر ـ توپۇر شياڭگاڭغا يېتىپ كەلگەندە، 1 ـ ئىيۇل جاڭ شىجاۋ بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى. جاڭ شىجاۋ مىللىي بۇرچىنى ئادا قىلىش يولىدا ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى تاماملاپ بولالماي ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ شياڭگاڭدىكى پائالىيەتلىرى چوڭقۇر تەسىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى.

كومپارتىيىنىڭ كۆپ قېتىملىق تەۋسىيە ۋە تەكلىپى بىلەن شۇنداقلا تەيۋەننىڭ ئىستىقبالىنى كۆزدە تۇتقان جياڭ جېيشى بىر يىلدىن ئارتۇق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق يەنە كومپارتىيە بىلەن سۆھبەتلىشىپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى. 1975 ـ يىلى چاغان مەزگىلىدە، جياڭ جېيشى بۇ ۋەزىپىنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىن بۇرۇن گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ مەخپىي سۆھبىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان گومىنداڭ پېشۋاسى چېن لىفۇ⑥ غا تاپشۇردى. چېن لىفۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، «زوڭتۇڭنىڭ مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى» دېگەن ئاتاق بىلەن ماۋ زېدۇڭنى تەيۋەننى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىش توغرىسىدىكى ئۇچۇرنى مەخپىي يوللار ئارقىلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا يەتكۈزدى. جياڭ جېيشى ئۆزىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى سەزدىمۇ، ياكى بولمىسا چېن لىفۇ بىتاقەت بولۇپ كەتكەنمۇ كومپارتىيە بۇ ئىشقا ئىنكاس قايتۇرماي تۇرۇپلا چېن لىفۇ «ئەگەر مەن ماۋ زېدۇڭ بولغان بولسام» دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىپ، شياڭگاڭدىكى گېزىتلەردە ئاشكارا ئېلان قىلدۇردى. ئۇ ماقالىسىدە، ماۋ زېدۇڭ ياكى جۇ ئېنلەينىڭ تەيۋەنگە زىيارەتكە كېلىپ، جياڭ جېيشى بىلەن سۆھبەتلىشىش يولىنى ئېچىش ئارقىلىق دۆلەت ۋە خەلققە بەخت ئېلىپ كېلىشنى چىن كۆڭلىدىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ۋەھالەنكى، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ قايتىدىن سۆھبەت باشلاپ ھەمكارلىق ئورنىتىش ۋەزىيىتىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇزاق ئۆتمەي 1975 ـ يىلى 5 ـ ئاپرېلدا جياڭ جېيشى ئۆلدى. ئىككىنچى يىلى 9 ـ سېنتەبىردە ماۋ زېدۇڭمۇ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. شۇنىڭ بىلەن، تارىختا بىر ئەپسۇسلۇق قېلىپ قالدى.

---

«ۋېنسۈي 文萃» گېزىتىنىڭ 2004 ـ يىلى 1 ـ يانۋار سانىدىن تۇرغۇن تالىپ تەرجىمىسى

### ئىزاھلار (تەرجىماندىن):

① جاڭ شىجاۋ ـ (1882 ـ 1973) خۇنەن چاڭشادىن. ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە 1 ـ 2 ـ 3 ـ نۆۋەتلىك مىللىي كېڭەش ئەزاسى بولغان. 1949 ـ يىلى ئاپرېلدا گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىگە قاتناشقان. سۆھبەتتىن كېيىن نەنجىڭغا قايتماي بېيجىڭدا قېلىپ قالغان. ئازادلىقتىن كېيىن، مەمۇرىي كېڭەش قانۇن-

چىلىق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى بولغان.

② فېڭخۇا ـ شىكو ـ فېڭخۇا جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى دېڭىز بويىغا جايلاشقان. شىكو ـ فېڭخۇانىڭ غەربىي شىمالىدىن 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. داڭلىق مەنزىرىگاھ، فېڭخۇا بىلەن شىكودا جياڭ جيېشىنىڭ ئاتىسى ۋە ئانىسىنىڭ قەبرىگاھى بار. 1925 ـ يىلى جياڭ جيېشى شىكودا 500 كۋادرات مېتىرلىق ئىككى قەۋەتلىك جاي سالدۇرغان. 1938 ـ يىلى ياپونىيە ھەربىي ئايروپىلانلىرى ئۇ يەرنى بومباردىمان قىلغان. 1968 ـ يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا قىزىل قوغدىغۇچىلارمۇ ئۇ يەرنىڭ بىر قىسمىنى پارتلىتىۋەتكەن. 1987 ـ يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتى مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرگەن. جياڭ جيېشى كۆز يۇمۇشتىن بۇرۇن قالدۇرغان ۋەسىيىتىدە: كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوڭ قۇرۇقلۇقنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جەسىتىمنى يۇرتۇمغا ئاپىرىپ، سۈن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ يېنىغا قويۇڭلار. دېگەن. جياڭ جيېشى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتىگە چىرىشتىن ساقلاش تەدبىرى قوللىنىپ، تەيۋەننىڭ تاۋ يۈەن ناھىيىسىدىكى زىنخۇ سارىيىنىڭ ئىچىدە قارا مەرمەر ساندۇققا سېلىپ ساقلانغان.

③ سۇڭ يىشەن ـ شۇ چاغدىكى قانۇن پالاتاسىنىڭ ئەزاسى. مەركىزىي ئاۋام رايى ئاپپاراتىنىڭ ۋەكىلى ھەم ماۋ زېدۇڭنىڭ خۇنەنلىك يۇرتدىشى بولۇپ ئەينى چاغدا شياڭگاڭدا تۇرغان. سۇڭ يىشەننىڭ ئىنىسى سۇڭ شىلىيەن جياڭ جيېشىنىڭ يېقىنى بولۇپ، ئەينى چاغدىكى كومپارتىيىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى بولغان چۇچيۇ بەيىنى ئۆلتۈرگەن. 1947 ـ يىلدىن كېيىن، «كومپارتىيىنى تازىلاش شتابى» نىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قوشۇمچە 14 ـ بىڭتۇەننىڭ قوماندانى بولغان. دادۇخې ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشۈپ، بېيجىڭدىكى گۇڭدېلىن ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا قاماقتا ئىدى.

④ لۇشەن ـ جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر كەڭلىكى 10 كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالىي تەرىپىدە چاڭجياڭ دەرياسى، جەنۇبىدا پويالڭ كۆلى بار تارىخى شەھەر. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ 40 ـ يىللىرى جياڭ جيېشى ئۇ يەرگە داچا سالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يازلىق پايتەختى قىلغان.

⑤ رىيۆتەن كۆلى ـ تەيۋەننىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان، كۆلىمى 7.7 كۋادرات كىلومېتىر. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىك ئاراللار بار مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل.

⑥ چېن لىفۇ ـ جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشىن دېگەن يېرىدىن. گومىنداڭ پېشىۋالىرىنىڭ بىرى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ مىنىستىرى، گومىنداڭنىڭ تەشكىلات بۆلۈمى، باش كاتىپ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1949 ـ يىلى دېكابىردا تەيۋەنگە كەتكەن. 1950 ـ يىلى ئاۋغۇستتا ئائىلىسىدىكىلەرنى قايتىپ كېلىپ، «جۇڭگو مەدەنىيەت ئارقىلىق دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەمئىيىتى» قۇرۇپ، ئىككى قىرغاق ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ئورناتقان.

---

**تەھرىرلىگۈچى: مەرۇپ مەمتىمىن**



**ھۆسنخەتنى**
**ئابلىمىت ئوسمان**
**يازغان**

# «ئاسما ئوكۇل دوختۇرخانىسى» دىن تۇغۇلغان ئويلار

ھۈسەيىن ئاۋۇت

شەھەر، يېزىلاردا تەسىس قىلىنغان دوختۇرخانا، داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ نامىنىڭ «XXX خەلق دوختۇرخانىسى»، «XXX 1 ـ دوختۇرخانا»، «XXX 2 ـ دوختۇرخانا»، «ئىشچىلار دوختۇرخانىسى»، «يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى»، «مېھىر ـ شەپقەت ئامبولاتورىيىسى» ... دېگەنگە ئوخشاش نامىلىرىنىڭ بارلىقى ھەممە ئادەمگە مەلۇم. بىراق، «XXX ئاسما ئوكۇل دوختۇرخانىسى»، «XXX ئاسما ئوكۇل ئامبولاتورىيىسى» دېگەن نامى بار دوختۇرخانا، داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. بىراق جەمئىيەتتە پۇل ئىقتىسادچىلىقىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ مال ساتقۇچىلار ساختا مالنى ئېسىل مال دەپ، قاسساپلار ئۆچكە گۆشىنى قوي گۆشى دەپ سېتىۋاتقان، ئېلان ساختىلىقى بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بەزى جايلاردا، چەت، يىراق، نامرات رايونلاردا ۋىۋىسكىسىز «ئاسما ئوكۇل دوختۇرخانىسى»، «ئاسما ئوكۇل ئامبولاتورىيىسى» نىڭ بارلىقىدىن گۇمانلىنىش ھاجەت ئەمەس. بەلكى بۇنداق دوختۇرخانا، داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ يىلسىرى كۆپىيىشى دۆلەتكە، خەلق ئاممىسىنىڭ سالامەتلىكى ۋە ھاياتىغا، جانىجان ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگە ئاپەت خاراكتېرلىك زىيانلارنى يەتكۈزمەكتە. بۇ مەسىلە نۆۋەتتە جايلار ۋە تارماقلار، ھەر دەرىجىلىك سەھىيە، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ھەم باشقىلارنىڭ سالامەتلىكى ۋە ھاياتىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەربىر ئادەم ئويلىنىشقا، مۇزاكىرە، مۇھاكىمە قىلىشقا، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر مۇھىم سەھىيە مەسىلىسى، ساغلاملىق مەسىلىسى، ئىقتىسادىي، ئەخلاقىي، ئىنسانىي مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا.

ھەممىگە مەلۇم، ئاسما ئوكۇل ـ دوختۇرلار داۋالاش ئېلىپ بارغاندا، ئېغىر، جىددىي، خەۋپلىك ئاغرىقلارنى جىددىي قۇتقۇزغاندا جىددىي ئېھتىياجلىق دورا ـ ئوكۇللارنى سۇيۇقلۇققا ئارىلاشتۇرۇپ، ئادەمنىڭ ۋېنا تومۇرى ئارقىلىق بەدەنگە كىرگۈزۈپ داۋالايدىغان دورا ئوكۇللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كىلىنىكىدا سۇيۇقلۇق بېرىپ داۋالاش ئۇسۇلى دېيىلىدۇ.

غەربچە داۋالاشتا نۇرغۇن كېسەللىكلەرنى ئاسما ئوكۇل ئىشلەتمەي داۋالاپ ساقايتقىلى، جىددىي ئاغرىقلارنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئېغىر دەرىجىدە سۇسىزلانغان، قانسىراپ كەتكەن كېسەللەرنى، ھوشسىز «شوك» كېسەللەرنى، ئوپېراتسىيە قىلىنغان كېسەللەرنى، تاماق يېمەيدىغان، يېيەلمەيدىغان كېسەللەرنى، ئېغىر دەرىجىدە يۇقۇملانغان، زەھەرلەنگەن، بەدەن ئەزالىرى زەئىپلەشكەن كېسەللەرنى، مەلۇم خىل دورىنى ئاسما ئوكۇل ئارقىلىق بەدەنگە كىرگۈزۈش زۆرۈر بولغان كېسەللەرنى ئاسما ئوكۇلسىز داۋالاش، جىددىي قۇتقۇزۇش، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا دوختۇرنى دوختۇر قىلغان، نۇرغۇن ئاغرىقلارنى ئاغرىق ئازابىدىن، ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغىنى ئاسما ئوكۇل دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ.

بىراق، ئاسما ئوكۇل ھەممە كېسەلگە شىپالىق دورا ئەمەس، ئېغىر ـ يەڭگىل كېسەللەرنىڭ ھەممىسىنى داۋالاپ ساقايتىشقىمۇ قادىر ئەمەس. بەلكى ئاسما ئوكۇل ئەكس تەسىردىن، ناچار رېئاكسىيىدىن خالىي ئەمەس، يەڭگىل بولغاندا تېرە، مۇسكۇللارنى زەخىملەندۈرىدۇ، قان تومۇرلاردا ياللۇغلىنىش پەيدا قىلىدۇ. قىزىش، توڭۇپ تىترەش، باش قېيىش، باش ئاغرىش، ھۆ قىلىش، قۇسۇش، ماغدۇرسىزلىنىش، تېرىگە تاشما چىقىش، يۈرەك ھەرىكىتى تېزلىشىش، نەپەس قىيىنلىشىش قاتارلىق ئالامەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئېغىرراق بولغاندا پۈتۈن بەدەن خاراكتېرلىك رېئاكسىيە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يۈرەك، ئۆپكە، بۆرەك قاتارلىق ئەزالارنى زەئىپلەشتۈرۈپ، قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىپ «شوك» پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر جىددىي قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلمىسا كېسەلنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدۇ. بەزىدە جىددىي قۇتقۇزۇشمۇ كار قىلماي كېسەل ۋاقىتسىز ئاسما ئوكۇلنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىدۇ.

كېسەللىك ـ ئىچكى، تاشقى سەۋەب، ئىرسىيەت ئامىلى، روھىي ئامىل قاتارلىق كۆپ خىل سەۋەبلەردىن بولغان پۈتۈن بەدەن خاراكتېرلىك ياكى بەدەننىڭ مەلۇم ئەزالىرىدا، مەسىلەن، يۈرەك، ئۆپكە، مېڭە، جىگەر، ئاشقازان، ئۈچەي، بۆرەك قاتارلىق ئەزالىرىدا بولىدىغان پاتولوگىيىلىك ئۆزگىرىشنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى ئىنكاسى بولۇپ، كېسەل

پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى، ھەم ئادەم ئاغرىيدىغان كېسەللىكنىڭ تۈرى تۈمەن خىلغا يېتىدۇ.

كېسەللىك سەۋەبى، كېسەللىك دىئاگنوزى، كېسەللىك ئالامەتلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولمىغان شۇنچە كۆپ كېسەلنىڭ ھەممىسىنى ئاسما ئوكۇل سېلىپ داۋالاپ ساقايتماقچى بولۇش تولىمۇ بىمەنىلىك، ئەخمىقانىلىك، ھاماقەتلىك ھېسابلىنىدۇ.

كلىنىكىلىق داۋالاشتا نۇرغۇن كېسەللىكلەرنى، بولۇپمۇ كۆپ خىل ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى، يەرلىك كېسەللىكلەرنى، كەسپىي كېسەللىكلەرنى، جىنسىي كېسەللىكلەرنى، روھىي كېسەللىكلەرنى ئاسما ئوكۇل سالماي باشقا دورا ـ ئوكۇللارنى ئىشلىتىش، جۇڭيى تېبابىتى، ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە داۋالاش، يەرلىك ئۇسۇلدا داۋالاش، روھىي جەھەتتىن داۋالاش، فىزىكىلىق داۋالاش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تامامەن داۋالاپ ساقايتقىلى، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

بىراق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى جايلاردا، چەت، يىراق، نامرات رايونلاردا بىر قىسىم دوختۇرخانا، داۋالاش ئورۇنلىرى، بەزى خۇسۇسىي دوختۇرخانا، خۇسۇسىي ئامبۇلاتورىيىلەر ئاسما ئوكۇلنى ئاسان پۇل تېپىشنىڭ، ئاز ئەجىر قىلىپ كۆپ پايدىغا ئېرىشىشنىڭ ياخشى يولى قىلىۋالغان. بىر قىسىم دوختۇرلار پۇل، پايدا، مەنپەئەت قوغلىشىپ، دوختۇرلۇق ئەخلاقىي، داۋالاش قائىدىسى، داۋالاش پرىنسىپلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، داۋالىنىش ئۈچۈن كەلگەن بىمارلارنى كېسەلنىڭ ئېغىر، يېنىك، جىددىي ياكى ئاستا خاراكتېرلىك بولۇشىدىن، ئاسما ئوكۇل بېرىش زۆرۈرىيىتىنىڭ بار ياكى يوقلۇقىدىن قەتئىينەزەر «كېسەل» لا بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاسما ئوكۇل بىلەن داۋالايدىغان بولغان، بالنىستا يېتىپ داۋالانغان كېسەللەرگە ئاسما ئوكۇل سېلىپ داۋالاش نىسبىتى 100% گە يەتكەن. بەزى خۇسۇسىي ئامبۇلاتورىيىلەرنىڭ ئامبۇلاتورىيە كېسەللىرىگە ئاسما ئوكۇل سېلىپ داۋالاش نىسبىتى 80% دىن ئېشىپ كەتكەن، مەيلى ئامبۇلاتورىيە كېسەللىرى ياكى بالنىستا يېتىپ داۋالانغان كېسەللەر بولسۇن بىر ـ ئىككى گۇرۇپپا ئاسما ئوكۇل سالسا بولىدىغان كېسەللەرگە 4 ـ، 5 گۇرۇپپا ئاسما ئوكۇل سېلىش، بىر ـ ئىككى كۈن ئاسما ئوكۇل سېلىپ داۋالىسا بولىدىغان كېسەللەرگە 5 ـ 6 كۈن ئاسما ئوكۇل سېلىش، بالنىستا يېتىپ داۋالانغان كېسەللەرگە بالنىستىن چىققۇچە ئاسما ئوكۇل سېلىش، ئومۇمنىڭ خىراجىتى بىلەن داۋالىنىدىغان كېسەللەرگە قىممەت باھالىق دورىلارنى ئىشلىتىپ ئاسما سېلىش دائىملىق قائىدىگە ئايلانغان.

ئەپسۇسلىنارلىقى، يەنە بىر قىسىم دوختۇرلار ئاسما ئوكۇل سېلىپ داۋالاشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى، زۆرۈرىيىتى بولمىغان ئادەتتىكى زۇكام، باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى، كۆز ئاغرىقى، پۇت ئاغرىقى، نېرۋا ئاجىزلىقى، بېشى قايغان، كۆزى تالغان، ئۇيقۇسى قاچقان، زەردىسى قايناغان، دۈمبىسى قىچىشقان كېسەللەرنىڭ ھەممىسىنى ئاسما ئوكۇل سېلىپ داۋالاشقا يۈزلەنگەن. دوختۇرخانا، داۋالاش ئورۇنلىرى، دوختۇرلار كېسەلگە ئاسما ئوكۇلنى قانچە كۆپ بەرسە، ئاسمىنى قانچە كۆپ گۇرۇپپىقا بۆلۈپ بەرسە، قىممەت باھالىق دورىلارنى قانچە كۆپ ئىشلەتسە شۇنچە كۆپ پايدىغا ئېرىشكەن. دوختۇرلارنىڭ نەزىرىدە ئاسما ئوكۇل بەئەينى «تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخ» كە ئايلانغان.

تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى، ئاز بولمىغان كېسەللەر ھەتتا ئۆزىنى «زىيالى»، «ئىشچى»، «كادىر»، «بىلىملىك» ھېسابلايدىغان كىشىلەرمۇ ئازراقلا بىر يېرى ئاغرىپ قالسا ياكى ھېرىپ ـ چارچاپ قالسا دوختۇرخانا، داۋالاش ئورۇنلىرىغا بېرىپ دوختۇردىن ئاسما ئوكۇل بېرىشنى تەلەپ قىلىش ئادەتكە ئايلانغان. كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئاسما ئوكۇل ئېغىر ـ يەڭگىل كېسەلنىڭ ھەممىسىنى داۋالاپ ساقايتىدىغان «شىپالىق» دورىغا ئايلانغان. بىمارلار دوختۇرخانىغا كېلىپ ئاسما ئوكۇل بېرىشنى تەلەپ قىلسا، دوختۇرلار كېسەلنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ ئاسما ئوكۇل بېرىشكە تېگىشلىك ياكى تېگىشلىك ئەمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنى نارازى قىلىپ قويماسلىق، ئەڭ مۇھىمى ئاسما ئوكۇلدىن كېلىدىغان پۇل، پايدا، مەنپەئەتتىن قۇرۇق قالماسلىق ئۈچۈن شۇ ھامان كېسەلگە ئاسما ئوكۇل بېرىدىغان بولغان.

ئەپسۇس، دوختۇر كېسەلنىڭ كېسەللىك سەۋەبى، كېسەللىك ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتماي داۋالانغىلى كەلگەن كېسەللەرنىڭ كۆپ قىسمىنى، بالنىستا يېتىپ داۋالانغان كېسەللەرنىڭ ھەممىسىنى ئاسما ئوكۇل سېلىپ داۋالايدىغان، كېسەل دوختۇردىن ئاسما ئوكۇل بېرىشنى تەلەپ قىلسا شۇ ھامان كېسەلگە ئاسما ئوكۇل بېرىدىغان دوختۇرلۇقنى، كېسەل ئۆزىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا قارىماي ئازراقلا بىر يېرى ئاغرىپ قالسا دوختۇردىن ئاسما ئوكۇل بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان، دوختۇر ئاسما ئوكۇل بەرمىسە دوختۇرخانىدىن، دوختۇردىن نارازى بولىدىغان ھاماقەتلىكنى، نادانلىقنى دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىدىن ئىزدەپ تېپىش قىيىن بولسا كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چەت، يىراق، نامرات رايونلاردا ئاز بولمىغان دوختۇرخانا، داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ «ئاسما ئوكۇل دوختۇرخانىسى» غا، دوختۇرلارنىڭ «ئاسما

ئوكۇل دوختۇرى» غا ئايلىنىپ قالغانلىقى، ھەمدە بۇ خىل دوختۇرلۇق پەيدا قىلغان، پەيدا قىلىۋاتقان ئاپەت خاراكتېرلىك زىيان ھازىرغىچە جايلار ۋە تارماقلارنىڭ، كەسپىي، مەمۇرىي باشقۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىمىغان، خەلقىمىز كېسەلنىڭ كېسەللىك سەۋەبى، كېسەللىك ئەھۋالىغا قارىماي قالايمىقان ئىشلەتكەن، ئورۇنسىز ئىشلەتكەن، ئىشلىتىلىۋاتقان ئاسما ئوكۇلنىڭ ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى ۋە ھاياتىغا، جانجان ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگە يەتكۈزگەن، يەتكۈزۈۋاتقان ئاپەت خاراكتېرلىك زىيىنىنى تېخىچە ھېس قىلمىغان، تونۇپ يەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما دوختۇرلۇق تارىخىدا كەم كۆرۈلىدىغان، تېببىي داۋالاش قائىدىسى، داۋالاش پرىنسىپىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپ بولغان بۇخىل دوختۇرلۇقنىڭ دۆلەتكە، خەلققە يەتكۈزگەن، يەتكۈزۈۋاتقان زىيىنىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ.

پۇلنى مەركەز قىلغان بۇ خىل دوختۇرلۇق ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ غايەت زور سەھىيە مەبلىغىنىڭ ئىسراپ بولۇشىنى، بىھۇدە ئېقىپ كېتىشىنى پەيدا قىلماقتا. كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكى، ھاياتى، جانجان ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى ئورۇنسىز زىيانغا ئۇچراتماقتا. بىھۇدە، ئورۇنسىز، قالايمىقان ئىشلىتىلگەن ئاسما ئوكۇل، كېسەللىك ئەھۋالىغا قارىماي قالايمىقان ئىشلەتكەن، ئىشلىتىلىۋاتقان مىكروبقا قارشى دورىلار، ھورمونلۇق دورىلار ئادەملەرنىڭ قېنى، تېنى، ھەربىر ئەزا، ھەربىر ھۈجەيرىلىرىنى ئاستا خاراكتېرلىك نابۇت قىلماقتا، بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزمەكتە. ئاغرىقلارنى بىخەتەر، ئۈنۈملۈك، تېجەشلىك بىلەن داۋالىنىشتىن مەھرۇم قىلماقتا، كېسەل كۆرستىش قىيىن، داۋالىنىش قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرماقتا، يېزىلاردا يېڭىدىن يولغا قويۇلغان يېڭى تىپتىكى ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش خىراجىتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىنى پەيدا قىلماقتا. ئاغرىقلارنىڭ ئىقتىسادىي، روھىي بېسىمىنى ئېغىرلاشتۇرماقتا. دورىلارنىڭ بولۇپمۇ مىكروبقا قارشى دورىلارنىڭ ئۈنۈمىنى ناچارلاشتۇرماقتا. قالايمىقان سېلىنغان ئاسما ئوكۇل، ئاسما ئوكۇلنىڭ ئېغىر ـ يەڭگىل رېئاكسىيىلىرى ئادەملەرنىڭ سالامەتلىكى ۋە ھاياتىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزمەكتە... دوختۇرلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئوبرازىغىمۇ ئېغىر داغ تەگكۈزمەكتە.

تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى، ئاسما ئوكۇلدىن كېلىدىغان پۇل، پايدا، مەنپەئەت بەزى دوختۇرلارنى ئەقلىدىن، ئادىمىيلىكتىن، ئىنسانىي خىسلەتتىن، ئەخلاقىي پەزىلەتتىن ياتلاشتۇرماقتا، غايە، ئېتىقادتىن، ئىنساپتىن يىراقلاشتۇرماقتا. بۈگۈنكى كۈندە ئاۋام پۇقرانىڭ ھەمسۆھبەتلىرىدە، يازغۇچى، شائىرلارنىڭ مەتبۇئاتلاردا: «ئىنساپ قىل ئاق خالاتلىق پەرىشتە» دەپ خىتاپ قىلىغانلىقى، قىلىۋاتقانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

دوختۇرلۇق كەسىپچانلىقى، مەسئۇلىيەتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك خىزمەت، دوختۇرلارنىڭ بەرگەن بىر تال دورىسى، بىر قېتىملىق ئاسما ئوكۇل ئاغرىقلارنىڭ سالامەتلىكى ۋە ھاياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. جىددىي، ھالقىلىق پەيتلەردە بىر قېتىملىق ئاسما ئوكۇل ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالسا، بەزىدە بىر قېتىملىق ئاسما ئوكۇلنىڭ ئېغىر رېئاكسىيىسى ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ. شۇڭا كەسىپچانلىقى، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، ئەخلاق پەزىلىتى ياخشى، ئىستىلى دۇرۇس، بارلىقىنى خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلاملىق ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىغان دوختۇرلار كېسەلنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، كۆڭۈل قويۇپ داۋالايدۇ. بىر تال دورا، بىر قېتىملىق ئاسما ئوكۇلنى كېسەلگە ھەرگىز ئورۇنسىز بەرمەيدۇ، كۆپ بەرمەيدۇ، كېسەلنىڭ ئارزۇ ـ تەلىپى بويىچە ئاسما ئوكۇل بېرىدىغان ئىشنى تېخىمۇ قىلمايدۇ. مانا مۇشۇنداق دوختۇرلار ھەقىقىي دوختۇر، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق دوختۇر، خەلقنىڭ ياخشى دوختۇرى ھېسابلىنىدۇ.

ئاسما ئوكۇلنىڭ ھەممە كېسەلگە شىپالىق دورا ئەمەسلىكىنى دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. بىلىپ تۇرۇپ بەزى دوختۇرلار نېمە ئۈچۈن ئاسما ئوكۇلنى ھەممە كېسەلگە شىپالىق دورا ئورنىدا ئىشلىتىدۇ؟ «كېسەل» لا بولىدىكەن ھەممىسنى ئاسما ئوكۇل بىلەن داۋالايدىغان «ئاسما ئوكۇل دوختۇرى» غا ئايلىنىپ قالىدۇ؟

نۆۋەتتە بىر قىسىم دوختۇرخانىلارنىڭ «ئاسما ئوكۇل دوختۇرخانىسى»غا، بەزى دوختۇرلارنىڭ «ئاسما ئوكۇل دوختۇرى» غا ئايلىنىپ قېلىشى كۆپ خىل ئامىللارنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئاساسلىقى جەمئىيەتتىكى پۇل ئېتىقادچىلىقى، ئەخلاق كرىزىسى، «پۇل تاپ» قارىشىنىڭ سەھىيە ئورۇنلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى، دوختۇرخانا، داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە سەل قارىغانلىقى، پۇل، پايدا، مەنپەئەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەنلىكى، دوختۇرخانىلارنىڭ بۆلۈملەرگە، بۆلۈملەرنىڭ دوختۇرلارغا ئايلىق، يىللىق پۇل تېپىش (ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچ) ۋەزىپىسى چۈشۈرۈپ بەرگەنلىكى، بىر قىسىم دوختۇرلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن، مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت ئېڭىنىڭ ئاجىز، ئەخلاق پەزىلىتىنىڭ ناچار، پۇل، پايدا، مەنپەئەت قارىشىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ئاۋام پۇقرانىڭ نادانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر ئاقىۋەت.

نۆۋەتتە، شەھەر - يېزىلاردا، چەت، يىراق، نامرات رايونلاردا بىر قىسىم دوختۇرخانا، داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ «ئاسما ئوكۇل دوختۇرخانىسى»، «ئاسما ئوكۇل ئامبولاتورىيىسى» گە ئايلىنىپ قېلىشىنى پەيدا قىلغان، قىلىۋاتقان ئامىللار قانچە كۆپ، قانچە مۇرەككەپ بولسىمۇ، ئەمما جايلار ۋە تارماقلار، ھەر دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرى ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، بۇخىل نامۇۋاپىق داۋالاش ھەرىكەتلىرىگە خاتىمە بەرمىگەندە، بىر قىسىم دوختۇرخانا، داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ پايدا، مەنپەئەت قوغلىشىپ ئاغرىقلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا قارىماي قالايمىقان ئاسما ئوكۇل سېلىشىنى، قالايمىقان دورا ئىشلىتىشىنى ئۈنۈملۈك چەكلىمىگەندە ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ بۇ خىل دوختۇرلۇق دۆلەتكە، خەلق ئاممىسىنىڭ سالامەتلىكى ۋە ھاياتىغا، جانىجان ئىقتىسادىي مەنپەئىتىگە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئېغىر زىيانلارنى يەتكۈزىدۇ. دۆلەتنىڭ تېخىمۇ كۆپ سەھىيە مەبلىغى ئىسراپ بولىدۇ، بىھۇدە ئېقىپ كېتىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ سالامەتلىكى، ھاياتى، جانىجان ئىقتىسادىي مەنپەئىتى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدۇ. كېسەل كۆرستىش قىيىن، داۋالىنىش قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلغىلى بولمايدۇ... دوختۇرلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئوبرازىغىمۇ ئېغىر نۇقسان يېتىدۇ.

قانداق قىلغاندا «ئاسما ئوكۇل دوختۇرخانىسى»، «ئاسما ئوكۇل ئامبولاتورىيە» لىرىنىڭ خىزمىتىنى نورمال، تەرتىپلىك، ئۈلچەملىك، قانۇنلۇق داۋالاش ئىزىغا سالغىلى بولىدۇ؟!

1. جايلار ۋە تارماقلار، ھەر دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرى، دوختۇرلار ئالدى بىلەن بىمارلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا قارىماي قالايمىقان ئاسما ئوكۇل سېلىشنىڭ، قالايمىقان دورا ئىشلىتىشنىڭ دۆلەتكە، خەلق ئاممىسىنىڭ سلامەتلىكى ۋە ھاياتىغا يەتكۈزگەن، يەتكۈزۈۋاتقان ئاپەت خاراكتېرلىك زىيىنىنى تونۇش كېرەك.

2. چەت، يىراق، نامرات رايونلاردا ئېغىر دەرىجىدە سەھىيە راسخوتى يېتىشمەسلىك، شۇنداقلا سەھىيە راسخوتى بىھۇدە ئىسراپ بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك.

3. تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئاساسىي قاتلام دوختۇرخانا، داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ داۋالاش ھەرىكىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش لازىم.

4. دوختۇرخانا، داۋالاش ئورۇنلىرى بۆلۈملەرگە، بۆلۈملەر دوختۇرلارغا ئايلىق، يىللىق پۇل تېپىش (ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچ) ۋەزىپىسى چۈشۈرۈپ بەرمەسلىك لازىم. دوختۇرلارنىڭ پۇل، پايدا، مەنپەئەت قوغلىشىپ كېسەللەرنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا قارىماي قالايمىقان ئاسما ئوكۇل سېلىشنى، قالايمىقان دورا ئىشلىتىشنى قاتتىق مەنئى قىلىش كېرەك.

5. چەت، يىراق، نامرات رايونلاردا دوختۇر ئاز، دورا كەمچىل بولۇش، دوختۇرخانا، داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ شارائىتى ناچار بولۇش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش، تۈرلۈك «ئۆلچەمگە يېتىش» پائالىيەتلىرىدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېتەكلەش، تىرىشىپ شارائىت ھازىرلاش، ئەمما يۇقىرى سۈرئەت قوغلاشماسلىق، شەكىلۋازلىق قىلماسلىق كېرەك.

6. تېببىي خادىملارغا ئەخلاق تەربىيىسى، كەسپىي ئىستىل تەربىيىسى، قانۇن- تۈزۈم تەربىيىسىنى كۈچەيتىش لازىم.

7. ئاساسىي قاتلام دوختۇرخانا، داۋالاش ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان دوختۇرلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى، ساپاسى، مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك.

8. دوختۇرخانا، داۋالاش ئورۇنلىرى، دوختۇرلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش لازىم.

دوختۇرخانا، داۋالاش ئورۇنلىرىغا قالايمىقان سېلىق سالماسلىق، قالايمىقان ھەق ئالماسلىق، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك تۈرلۈك «ھەق» لەرنى يۇقىرى بەلگىلەپ قويماسلىق، خادىملارنىڭ ئىش ھەققىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تارقىتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

9. دۆلەتنىڭ سەھىيە خىزمىتىگە ئائىت قانۇن، نىزام، بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىش، نازارەت قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم.

10. تىرىشىپ ئاممىنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، نادانلىققا خاتىمە بېرىش كېرەك.

پۈتۈن جەمئىيەت سەھىيە خىزمىتىنى قوللايدىغان، دوختۇرلار ئۆز مەسئۇلىيىتى، مەجبۇرىيىتىنى تىرىشىپ ئادا قىلىدىغان، كەسپ ئەخلاقى، داۋالاش قائىدىسى، داۋالاش پرىنسىپلىرىنى ئاڭلىق ھەم قاتتىق ئىجرا قىلىدىغان، ئاۋام پۇقرا پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، نادانلىققا خاتىمە بېرىدىغان بولسا، «ئاسما ئوكۇل دوختۇرخانىسى»، «ئاسما ئوكۇل ئامبولاتورىيە» لىرىنىڭ خىزمىتىنى نورمال داۋالاش ئىزىغا سېلىپ، سەھىيە خىزمىتىنى دەۋرنىڭ تەلىپىگە، كىشىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقان ساقلىقنى ساقلاش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىدە.

**تەھرىرلىگۈچى: تۇرسۇنئاي ئابلەت**

# ئاق كۆڭۈللۈك، سەممىيلىك ۋە ساختىپەزلىك

نىجات يۈسۈپ ئوغۇزى

سەممىيلىك ھەرقانداق ئىنسان ئۈچۈن، ھەرقانداق مىللەت ئۈچۈن ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ كاتتا، ئۇلۇغ كەشپىياتتىنمۇ ئارتۇق زور بايلىق. پەزىلەتسىز، سەممىيەتسىز كىشىلەر دەل ئۆزىنىڭ ھالاكىتىنى كۈتۈۋالغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئېرىشىدىغىنى يېتىملىك ۋە تەنھالىق. سەممىي، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئىشەنچ دەرىخىنىڭ مېۋىسىگە ئېغىز تەگسە، سەممىيەتسىز، ساختىپەز كىشىلەر ئۇنىڭ سايىسىدىنمۇ بەھرە ئالالمايدۇ. سەممىيەت كۆكتە لەپىلدەپ تۇرىدىغان بايراق ئەمەس، ئۇ قەلبتە ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە روشەن كۆرۈلىدىغان مەنىۋى روھ. ئۇ ــ قەلبلەرنى ئىللىتقۇچى، تۇتاشتۇرغۇچى مېھىرلىك دۇنيا.

سەممىيلىك ـ ھەقىقەتنىڭ جېنى ۋە ھالال ئادەمنىڭ پېشانىسىگە يېزىلغان بەلگىسىدۇر. سەممىيلىك ساپ دىللىق بولۇپ، بۇ پەزىلەت كەمدىن ـ كەم ئادەملەردە ئۇچرايدۇ. سەممىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك دۇنيادا بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقان بىرخىل قىممەتلىك روھ. سەممىيلىك ــ ئالتۇن، ئۇ ساپلىقى بىلەن قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا قەدىرلەپ ساقلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. سەممىيلىك ــ ئەينەك، ئۇ روھىيىتىمىزدىكى مېھرىبانلىق ـ رەزىللىكنى، گۈزەللىك ـ سەتلىكنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

دۆلەتنىڭ ئىشلىرىدا، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتتە، ئەل ـ ئاغىنە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدا سەممىيلىك ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئادەم سەممىي، ئاق كۆڭۈل، راستچىل بولسا، بۇ ھەقىقىي كىشىلىك پەزىلەت بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا يەنى تىلى تۈزۈك، دىلى بۇزۇق، ئىككى يۈزلىمىچى، نەپسانىيەتچى، شۆھرەتپەرەس بولسا، بۇ «كېسەل تەبىئەت» بولىدۇ. «ساختا چىراي» دېگەن رەسىم ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: ئىشىكنى تاقىۋېلىپ راست گەپ قىلىدۇ. ئىشىكتىن چىققاندا يالغان گەپ قىلىدۇ، قولىدا ھارام پۇلنى كۆتۈرۈۋېلىپ، كەينىگە قۇلاق كەستىلەرنى سېلىۋالىدۇ. ئاغزىدىن پاكلىق ـ دىيانەت دېگەننى چۈشۈرمەيدۇ. بىراۋنىڭ ئالدىدا چىرايلىق سالام ـ سائەت قىلىپ، كەينىدىن غەيۋەت قىلىپ، ئورا كولايدۇ. سىزگە ھاجىتى چۈشسە ئېچىلىپ كېتىدۇ، ھاجىتى چۈشمىسە تۇتۇلۇپ كېتىدۇ. رەھبەرلەر بار يەردە بىر خىل، يوق يەردە يەنە بىر خىل بولىدۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئالدىدا بىرخىل، پۇقرانىڭ ئالدىدا باشقا بىرخىل بولىدۇ.

ساختىپەزلەر سىز بىلەن كۆرۈشكەندە، قول ئېلىشىپ ئىللىق چىراي بىلەن سالاملىشىدۇ. لېكىن كەينىڭىزدىن سىزگە قانداق سۇيىقەستلەرنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇلار سەممىي قىياپەتتە سىز بىلەن پاراڭلاشسىمۇ، ئۇلارنىڭ تىلى باشقا، ئۇلار ئەسلىدە سىزگە يالغان گەپ قىلىدۇ، دوپپىڭىزغا جىگدە سالىدۇ. ئادەملەرنىڭ ساختىپەزلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولمايدۇ، ئۇلار ھەمىشە ئۆزلىرىنى نىقابلىۋالىدۇ.

ھازىر خۇشامەتچىلىك ئاممىغا كۆيۈنۈشنى بېسىپ چۈشتى، يالغان گەپ راست گەپكە قارىغاندا يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان بولدى. لى چاڭپىڭ ھەممەيلەنگە تونۇش، ئۇ راست گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈنلا «خاتا» لاشتى. راست گەپ قىلغانلار ئەتىۋارلىنىدىغان بولسا ئۇ ئۈستۈرۈلۈشى، ھېچبولمىغاندا ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىدا قالدۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ يالغان گەپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈنلا خىزمىتىدىن، يۇرتىدىن ئايرىلىپ سەرگەردان بولۇپ يۈردى. «راست، ئاق كۆڭۈللەر بەختسىز بولىدۇ. ئاق نەرسىنى چاڭ ـ توزان ۋە ئىپلاسلىقلار ئوڭايلا بۇلغايدۇ، شۇڭا ئاق كۆڭۈللەرنىڭ قەلبى بىر دۇنيا ـ تارتقۇلۇقنىڭ خاتىرە دەپتىرى. بۇ دەپتەرنىڭ بەتلىرى قان ۋە كۆز يېشى بىلەن بويالغان، بۇ بەتلەرنى بەختسىزلەرلا ۋاراقلاپ باقىدۇ»، «دۇنيا مانا مۇشۇنداق، بىرلىرى ھاياتنىڭ مېغىزىنى چاقىدۇ، بىرلىرى زۇلۇم، جەبرى ـ جاپاسىنى تارتىدۇ. بەلكىم ھاياتنىڭ قىزىقىمۇ، لەززىتىمۇ مۇشۇ راھەت ـ پاراغەت بىلەن جەبىر ـ جاپادا بولسا كېرەك» ـ «ئانا يۇرت» تىن ھازىر «پايدا ـ مەنپەئەت پرىنسىپى» ھەممىدىن مۇھىم بولغان دەۋر بولۇپ قالدى. سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار پايدىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ، ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن جان تىكىپ ئىشلىشىدۇ. بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانمايدىغانلار بۇ خىل ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ تەسىرىدە پايدا ـ زىيان توغرۇلۇقلا خىيال قىلىشىدۇ. مۇشۇنداق چاغدا بىراۋ «ئاق كۆڭۈللۈك» ھەققىدە

گەپ ئېچىپ قالسا، نۇرغۇن كىشىلەرگە غەلىتە ئاڭلىنىدۇ. چۈنكى ئاق كۆڭۈللۈك ناتونۇش ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ساداقەتمەنلىكى ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقى بولۇشى مۇمكىن، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئاسانلا قىلتاققا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭا بەزىلەر: پاھىشە بولسام بولىمەنكى، ئالدانغان تەقۋادار ئاق كۆڭۈل بولمايمەن دېيىشىدۇ.

لېكىن كۆرۈنۈشكە ئاق كۆڭۈللۈك چەتكە قېقىلغان دەۋر كىشىلەر ئاق كۆڭۈللۈككە ئەڭ موھتاج بولغان دەۋر بولۇشى مۇمكىن. بەزىلەر «ئاق كۆڭۈل بولسام زىيان تارتىدىكەنمەن» دېگىنى بىلەن سەللا ئويلانسا، ساختا ھاراق، ساختا دورا، ساختا يېمەكلىك ياساپ باشقىلارنى زەھەرلەيدىغانلارنىڭ ئەڭ قارانىيەتلەر ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ.

كىشىلەر مەن راسا پۇل تاپتىم دېيىشىدۇ، ئەمما ھېچكىم مەن ئاق كۆڭۈل بولدۇم دېمەيدۇ. ھازىر ھەممە نەرسە بازار ئىگىلىكى، تاۋار بولۇپ كەتتى. ئادەملەر پۇل ئۈچۈن بارلىقىنى، ھەتتا ئىنسانىيلىقىنىمۇ گۆرۈگە قويۇۋاتىدۇ. مۇناپىقلىق، پاھىشلىك كىشىلەرگە ھېچقانداق تۇيۇلمايدىغان بولدى، ھەتتا ئېتىقادمۇ گېزى كەلگەندە تاۋار بولۇپ قالدى. شۇنداق بولغاچقا، قوشۇمچە پۇل، مۇكاپاتنى كۆپرەك ئېلىش ئۈچۈن دوختۇرلار كېسەللەرنىڭ كۆپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ. يوقلاڭ كېسەلنى بار قىلىپ، كىچىك كېسەلنى چوڭ قىلىپ كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئادۋوكاتلار ھەممە ئائىلىنىڭ دەۋا قىلىپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتىدۇ. نەپسانىيەتچى ئەمەلدارلار ئۆز پۇقرالىرىنى بولۇشىغا قاقتى ـ سوقتى قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار پۇقرانىڭ مەنپەئىتىنى ئويلامدۇ؟ مەلۇم بىر شەھەرنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنىڭ باشلامچىلىقىدا ناھىيە، بۆلۈم دەرىجىلىك 30 نەچچە كادىر توققۇز پىكاپ بىلەن تار بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتقاندا ۋېلسىپىت مىنگەن 13 ياشلىق بىر قىزچاقمۇ شۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتقانىكەن، قىزچاق ئۇلارغا يول بېرىمەن دەپ ۋېلسىپىتى بىلەنلا دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. قىزچاق سۇ ئۈستىگە بىر قانچە قېتىم لەيلەپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن 30 كادىر ئىچىدىن چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپ قىزچاقنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقماپتۇ. نەتىجىدە بىچارە قىزچاق 30 ئەمەلدارنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ماشىنىلىقلار بولسا ئۆز يولىغا راۋان بولۇشۇپتۇ، بۇمۇ دۆلەت كادىرى بولامدۇ؟ تار يولدا دوقۇرۇشۇپ قالغان نارەسىدىلەرنى يول بېرىشكە قىستاش كۆكەملىك ئەمەسمۇ؟ بىر نارەسىدە قىز ئەمەلدارلارغا يول بېرىمەن دەپ سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كەتتى، بۇ بىر پاجىئە...

شەخسىيەتچى كىشىلەر ھەمىشە باشقىلاردىن ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ھەمىشە ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ باشقىلارغا ۋە تۇرمۇشقا لايىقلىشىدۇ. ئاق كۆڭۈللۈك باشقىلارنىڭ ئۆزىڭىزگە يەتكۈزىدىغان زىيانكەشلىكىنى توسۇپلا قالماي، بەلكى سىزنىڭ باشقىلارغا قىلىدىغان زىيانكەشلىكىڭىزنىمۇ توسۇپ قالالايدۇ. ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئادەمدە مەخپىيەتلىك يوق، ئىشلىرى ئوچۇق ـ يورۇق. مەسىلەن، ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدىكى كەسپىي ئەسكەر ـ 24 ياشلىق جورىغا داربى ۋىجدانىغا يۈزكېلەلمەي ئەبۇ گرەيغا تۈرمىسىدىكى مەھبۇسلارنى خورلاش ۋەقەسىنى، يەنى ئىشنىڭ راست ـ ھەقىقىتىنى ئاشكارىلاپ مەشھۇر شەخسكە ئايلاندى. ئەمما راست گەپ قىلغانلار دائىم قارشى ئېلىنمايدىغانلىقى ئېنىق گەپ. ئۇ راست گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن پېشكەللىككە ئۇچرىشى مۇمكىن، لېكىن ئاخىر تارىخ ئۇنىڭغا توغرا باھا بېرىدۇ.

بىز «يۈكسەك دەرىجىدە بىردەك بولۇش» قا بەك ئەھمىيەت بېرىمىز، قانداقلا ئىش قىلايلى، پوزىتسىيىنىڭ بىردەك بولۇشىنى تەكىتلەيمىز. بىردەك قول كۆتۈرۈپ، بىردەك قوللاپ رەتلىك بولۇشنى، بىردەك ماختاپ، بىردەك چاۋاك چېلىپ، يېقىملىق بولۇشنى ئىزدەيمىز. ھېلىمۇ مەدھىيە ـ ئالقىشلىرىمىز ئاز بولمىدى، ئالقىشلاۋاتىمىز، زوۋان سۈرۈۋاتىمىز، تەنتەنە قىلىۋاتىمىز. لېكىن 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 12 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ئاتالمىش «خائىن، ساتقىن، ئىشچىلار ئاسىيسى» دۆلەت رەئىسى ليۇ شاۋچىنى بۇ بەتنام بىلەن پارتىيىدىن مەڭگۈ چىقىرىۋېتىش ئالدىدىكى ھالقىلىق پەيتلەردە تۈمەن كىشىلىك چوڭ يىغىندا پارتىيىمىزدىكى دانالاردىن پەقەت بىرلا كىشى ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ زوۋان سۈرمەسلىك ھوقۇقىنى ئىپادىلىگەنىدى. بۇ ئاددىي ـ ساددا، سەممىي پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى چىن شياۋمىن بولۇپ، ئۇ قول كۆتۈرمەسلىك ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەرد ـ مەردانىلىقىنى نامايان قىلغانىدى. مەشھۇر كوممۇنىست چىن شياۋمىننىڭ ئىپادە بىلدۈرمەسلىكى شۇ قېتىمقى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان بارلىق پارتىيىلىك مەسئۇل خادىملارنىڭ، ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن رەھبەرلەرنىڭ چىرايىنى ئۆڭدۈرۈۋەتكەنىدى، ئۇنىڭ زوۋان سۈرمەي تۇرۇۋېلىشى يەنى ـ يۈكسەك دەرىجىدە بىردەك بولۇش تەكىتلىنىۋاتقان ئاشۇ پەيتتىكى بىردەك بولماسلىق ئېلىمىز تارىخىدىكى داستانغا، كوممۇنىستىك پارتىيە تارىخىدىكى قالتىس بىر ئىشقا ئايلانغانىدى.

بۇ ئىشقا 30 نەچچە يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ

قەلبىمىز ھاياجانغا تولۇپ، ئاشۇ سەممىي، مەردانە ئايال قىزىرىندىشىمىز چىن شياۋمىنغا ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتىمىز. بەزى ۋاقىتتا زۇۋان سۈرمەسلىك ئەنە شۇنداق قەدىرلىكتۇر. مەنىسەپكە ئېرىشىش ۋە باي بولۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىشىغا توغرا كېلىدۇ. خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى كېرەك بولىدۇ. قايسى نەرسە كەم بولسا شۇ ئاق كۆڭۈللۈك دەپ ئاتىلىدۇ.

«ئارزۇ» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى ھەممەيلەن كۆرگەندۇق. بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرى شۇ سەۋەبتىن جۇڭگودا كەڭ تارقىلىپ مۇنداق بىر ئارزۇنى تەشۋىق قىلغان: بىز ئاق كۆڭۈللۈككە موھتاج. كىمنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى؟ باشقىلارنىڭ ــ دە، ئەلۋەتتە. گەپنىڭ لىللاسىنى ئېيتساق، بىز خوتۇنىمىز، قوشنىمىز ۋە باشلىقىمىز ھەم كوچىدا ئۇچرىغان ھەممە كىشىنى ليۇ خۈيفاڭ بىلەن سۇڭ داچىڭدەك بولسىكەن دەيمىز. لېكىن ئۆزىمىز بولساق ۋاڭ خۇشېڭ بىلەن ۋاڭ يارۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياشاۋاتىمىز.

بۇ كومېدىيە جۇڭگولۇقلارنىڭ ساختىپەزلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئەگەر سىز بىرسىنى ئاق كۆڭۈل دېسىڭىز، ئۇ ئۇنىماسلىقى، ئەكسىچە «باشقىلار نېمىشقا ئاق كۆڭۈل بولمايدىكەن؟» دېيىشى مۇمكىن. باشقىلارنىڭ ئاق كۆڭۈللۈككە تايىنىپ جان بېقىش بىچارىلىك بولسىمۇ، لېكىن رەزىللىككە قارىغاندا ياخشىراق. جۇڭگولۇقلارنىڭ رەزىللىكى شۇ يەردىكى، بىراۋ پەرىشتىلەرگە خاس سالاپەت بىلەن ئۆز ئاق كۆڭۈللۈكىنى نامايان قىلغاندا، كۆپچىلىكنىڭ «ئاڭسىز» ھالدىكى مەسخىرىسىگە ئۇچرايدۇ. بەزىلەرنىڭ ئاغزىدىن ھەمىشە «لېي فېڭ ئەتىيازدا كېلىپ قىشتا قايتىدۇ» دېيىدىغانلىقىنى ئاڭلايمىز. لېي فېڭ ھەقىقىي پەزىلەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەسخىرىدىن قۇتۇلالمىدى. ئاق كۆڭۈل بولۇشقا جۈرئەت قىلغانلىق زىيان تارتىشقا جۈرئەت قىلغانلىق ئەمەس. ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئادەتتە زىيان تارتمايدۇ، ئۇلار دائىم خەتەرنى بىخەتەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىش تۇغما خاراكتېرىگە ئىگە. شۇڭا ئاق كۆڭۈللۈك قىش ـ ياز ياشناپ كۆكىرىپ تۇرىدۇ، ئۇ مەنىۋىيىتىمىزنى سۇرتۇپ تازىلاپ، بىزنى ئازدۇرۇشتىن توسۇپ قالىدۇ. ئۇ روھىمىزنى قوغداپ، باشتىن ـ ئاخىر نۇرلۇق ـ پارقىراق ھالەتتە ساقلايدۇ. ئۇ بىر تۇپ دەرەخ بولۇپ، ئۇغۇتلاشقا، چاتاپ تۇرۇشقا، پات ـ پات سۇغىرىپ تۇرۇشقا، توپا يۆلەشكە موھتاج. ئۇ ئۆسۈپ بوك ـ باراقسان دەرەخكە ئايلانغاندا تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە سايە ئاتا قىلىدۇ. ھەممىمىز ئىنتايىن لەززەت ئىچىدە تولىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن چىرايىمىزدىن ھەقىقىي كۈلكە ياغدۇرۇپ، پاكلىقىنى ساقلاپ، ئاق كۆڭۈل، سەممىي بولۇپ ياشىشىمىز لازىم. مانا بۇ ھاياتنىڭ چىن مەنىسىدۇر.

---

ئاپتور: شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى پېنسىيونېرى.

**تەھرىرلىگۈچى: تۇرسۇنئاي ئابلەت**

قىلماس ياخشىلىق قالۇر شۇ پىتى،
ئۇزۇندۇر ئۆمرى بىلەك بۇزۇلماس ئىشى.

—— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھۆسنخەتنى قاھار ئوسمان يازغان

بۈگۈن سۆزنى ئەڭ ئاۋۋال بىر دانىشمەن، سۆزىدىن دانالار ئالغۇچى ئىبرەت، ئەقىل سىرلىرىنى تەرىپ قىلغاي كىم؟
باشلىدى ئەقىلنى ماختاشلار بىلەن. ئاقىل كىشى قىلار شۇنداق ئىسپات، ئەگەر مەن تەرىپ ئەتسەم قولاق سالار كىم؟
ئەقىل تۇغسا نىمە بىلەك دەۋر، ئەقىلنى رەھنەما قىلمىسا كىشى، ھەممىلەر بولمىسا سۆزدىن نېمە پايدا؟
قىسمەتقا ئىگە بولماي ئاخىر مەنتە زېر. دىلىن نۇرى ئەتۈتنىڭ قىلغان ھەر ئىشى. جاھان ئاسايىشنى ئىزدەپ كۆر، قايدا؟
خۇدا ئىمەلىرى شاھىدۇر ئىدراك، ھوشيارلار دىۋانە دېيىشەر ئۇنى، جاھانى يارالتقان ئالىي زات ئىنسان،
ئەقىلنى تەرىپلەر ھەممە دىلى پاك. يېقىنى بىگانە دېيىشەر ئۇنى. ساڭا مەلۇم ھەممە ئاشكارۇ پىنھان.
ئەقىل بىر تەرك جان بىلەن ئەۋۋال. ئەقىل ئۇلۇغلۇقتا پەسەند ۋە پەرۋەندە، ھەمىشە ئەقىلگە رەھنەما ئەتكىن،
ئەقىل تۇرمۇش ئەركىنى بىنى يادلىشال. ئەقىلسىزنىڭ دائىم پۇت-قوللىرى بەند. نالايىق ئىشلاردىن يىراق كەتكىن.
ئەقىل يول كۆرسىتىپ دىلنى قىلار شاد، ئەقىل دىل كۆزىدۇر قەدرىگە يەتسەڭ، يول ئىزدە دانالار سۆزلىرى تامام،
ھەر ئىككى ئالەمدە ئەقىللىق ئاۋات. يا خەتەرسىز جاھاندىن كۆرۈنۈپ كەتسەڭ. دانا سۆزىن تەكرار قىلىپ كەز جاھان.
ئەقىلدىن خوشكۆڭۈلنىڭ شادلىقى، ئۆكتەملىك، ئەقىلدۇر يارلىقلار شاھى سۇلتانى، ھەر قانداق ئىلىمدىن ئاڭلىساڭ بىر سۆز،
ئەقىلدىن يارلىق يوقاتقۇچى مەلىك. ئەقىلدۇر ئەسلىدە يۈرەك پاسبانى. ئۇنى تىنماي ئۆگەن، كېچە-يۇ كۈندۈز.
ئەگەر ئەقلى خىرە بولسا ھەر ئىنسان، سېنىڭ پاسبانىڭ كۆز، قۇلاق، زەبان، ئىلىمدىن بىر شولا دىلغا چۈشكەن ئان،
شادلىققا يەرشەلمەس ئۇ ھېچبىر زامان. كېلىمۇ شۇلاردىن ياخشىيۇ يامان. شۇ ئاندا بىلىسەن ئىلىم بىپايان..

ـــــ ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى «شاھنامە» داستانىدىن ئېلىندى

خەتتات: قۇربانجان روزى شەيدائى

# ئۆركەشلە دېنار دەرياسى

## — بۈگۈر ناھىيە بۈگۈر بازىرى لاپا كەنتى توغرىسىدا



كەنت ئۇجىسى — قۇربانجان مۇھەممەت

لاپا كەنتى بۈگۈر ناھىيە بۈگۈر بازىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ كەنت 1962 - يىلى قۇرۇلغان. كەنتتە ھازىر بەش مەھەللە، 305 ئائىلە، 1350 نوپۇس بار. كەنت دەرىجىلىك كادىر يەتتە نەپەر، ئىتتىپاق ئەزاسى 40 نەپەر، پارتىيە ئەزاسى23 نەپەر، پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسەتكەن ئائىلىسى 40 ئائىلە، «10 يۇلتۇزلۇق ئائىلە» 240 ئائىلە، «بەشتە ياخشى مەدەنىيەتلىك ئائىلە» 265 ئائىلە. كەنتنىڭ ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانى 5540 مو، باغ كۆلىمى 1600 مو. كەنت قۇرۇلغان 40 نەچچە يىل مابەينىدە، كەنت تەۋەسىدىكى بارلىق دېھقان - چارۋىچىلار بىر نەچچە ئەۋلاد كەنت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىپ، كەنتنى بۇرۇنقى نامرات، قالاق ھالەتتىن ھازىرقى باي، ئاسايىشلىق ھالەتكە ئەكېلىش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ ئەتتى. كەنت بويىچە ھازىر ئومۇمىي ئاسفالتلاشتۇرۇلغان يول 12 كىلومېتىرغا يېتىپ، كەنتتىكى ئومۇمىي يولنىڭ %90 نى، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ 17 كىلومېتىرغا يېتىپ، كەنتتىكى ئېرىق - ئۆستەڭ كۆلىمىنىڭ %94 نى ئىگىلىدى. كەنت بويىچە قىش قۇرۇلمىلىق ئۆي 180 ئائىلىگە يېتىپ كەنت ئائىلىلىرىنىڭ %60 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. 2007 - يىل يىل ئاخىرىغا قەدەر كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى 4700 يۈەنگە، كەنتنىڭ يىللىق كوللېكتىپ كىرىمى 155 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ كەنت 2001 - يىلدىن ئېتىبارەن كەنتتىكى 105 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ كەنت يۇقىرىقىدەك ياخشى نەتىجىلىرى ئۈچۈن 2000 - يىلدىن ئېتىبارەن ناھىيە تەرىپىدىن «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا ئىلغار كەنت»، «ئومۇمىيلاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىدە ئىلغار كەنت»، «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى» دېگەندەك ناملارغا مۇيەسسەر بولدى.

دانىيار داۋۇت ماقالىسى، فوتوسى



17 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش



ئىناق - ئىجىل كەنت رەھبەرلىك كوللېكتىپى



ئوبلاست ۋە ناھىيە تەۋەسىدە لاپا قوغۇنىنىڭ داڭقى بار



پارنىك ئىگىلىكى كەنت ئىقتىسادىدىكى مۇھىم تۈر



باغۋەنچىلىكمۇ كەنت ئىقتىسادىدىكى سالماق كەسپ



كەنت شىپاخانىسى ئالدىدا



...رتلۇق قوغۇنلار ئارىسىدا



...ىكەت چېچەكلەيدىغان كېۋەزلىكتە



...ول ھوسۇللۇق ئەتىيازلىقتا



TRIBUNE OF SOCIAL SCIENCES IN XINJIANG

国内统一刊号: CN65—1147/C
邮 发 代 号: 58—137
地　　　址: 乌市金银大道新闻大厦8楼《新疆社科论坛》杂志社
邮 政 编 码: 830001
电　　　话: (0991) 8552273
E-mail:munberim @sina. com
定　　　价: 5.00元
印　　　刷: 新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司

دۆلەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
CN65—1147/C
مۇشتەرى قوبۇل قىلىش نومۇرى: 58—137
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئالتۇن يولى ئاخباراتچىلار سارىيى 8 ـ قەۋەت «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» تەھرىراتى
پوچتا نومۇرى: 830001
تېلېفون: 0991-8552273
E-mail:munberim @sina. com
يەككە باھاسى: 5.00 يۈەن
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك شىركىتىدە بېسىلدى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم